# كىرىش سۆز

تېببىي دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، دورا بازارلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى، جۇڭگونىڭ WTO غا كىرىشكە ئەگىشىپ، چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن يېڭى، ئۈنۈمى يۇقىرى دورىلار جۇڭگو دورا بازارلىرىغا كۆپلەپ كىرىپ كلىنىكىلىق داۋالاش جەريانىدا كەڭ قوللىنىلماقتا.

ئىمپورت دورىلار ھەققىدىكى بىلىملەرگە ئېھتىياجلىق ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردىكى تېببىي خادىملار، دورىگەرلەر، كەڭ بىمارلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ھەمدە رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان ئىمپورت دورىلار توغرىسىدىكى كىتاب ۋە ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دورىگەرلىك ئىنستىتۇتىدىكى ئەخمەتجان تۇرسۇن، چېن جيەن قاتارلىق كەسپىي خادىملار جىندون نەشرىياتى 2001 - يىلى 3 - ئايدا نەشر قىلغان «كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىمپورت دورىلار قوللانمىسى» دېگەن خەنزۇچە كىتابتىن پايدىلىنىپ، رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەزكۇر كىتابنى قىسقارتىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ كىتاب 20 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئىمپورت دورىلاردىن جەمئىي 322 خىل دورا كىرگۈزۈلگەن، شۇنداقلا ھەربىر دورىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ناملىرى ۋە ئاساسلىق تەركىبىي، فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر، ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئىشلىتىش مىقدارى، ناچار تەسىرلىرى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، تاۋار نامى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەنگەن ئورنى قاتارلىق مەزمۇنلارغا

www.uyghurkitap.com

ئايرىلىپ تەپسىلىي، ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

بۇ كىتاب ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان دوختۇرلارنىڭ، تېببىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، دورىگەرلەرنىڭ، شۇنداقلا كەڭ بىمارلارنىڭ پايدىلىنىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب مىكرو ئورگانىزملارغا قارشى دورىلار

§ 1 . پېنىتسىللىن تۈرىدىكى دورىلار

فېنوكسىمېتىلپېنىتسىللىن پوتاسسىيوم ............... (1)

ئاموكسىتسىللىن........................... (2)

مېزلوتسىللىن............................. (3)

سۇلباكتام/ ئامپېتسىللىن ..................... (5)

كالىي كلاۋۇلانات/ ئاموكسىتسىللىن ................ (7)

كالىي كلاۋۇلانات/ تىكارتسىللىن.................... (9)

پىپېراتسىللىن/ تازوباكتام......................... (10)

§ 2 . سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلار ........... (11)

سېفرادىن ...................................... (11)

سېفتازىدىم ...................................... (13)

سېفۇروكسىم ...................................... (15)

سېفاكلور ...................................... (17)

سېفىكسىم...................................... (19)

سېفىپىم ...................................... (20)

سېفمېتازول ...................................... (21)

لوراكاربېف ...................................... (23)

سېفترىئاكسون ...................................... (24)

سېفوكسىتىن ...................................... (25)

سېفوتاكسىم ...................................... (26)

لاتاموكسېف ........ (28)
سېفوتېئام ........ (29)
سېفودىزىم ........ (31)
**§ 3 . β - لاكتام تۈرىدىكى باشقا دورىلار ........ (32)**
ئېمىپېنېم/سىلاستاتىن ........ (32)
مېروپېنېم ........ (33)
پانىپېنېم/بېتامىپرون ........ (34)
ئازترېئونام ........ (35)
**§ 4 . ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى دورىلار ........ (37)**
سپېكتىنومىتسىن ........ (37)
نېتىلمىتسىن ........ (38)
**§ 5 . ماكرولىدېس تۈرىدىكى دورىلار ........ (40)**
ئازىترومىتسىن ........ (40)
كلارىترومىتسىن ........ (41)
رۇكسىترومىتسىن ........ (42)
**§ 6 . كۇئىنولون تۈرىدىكى دورىلار ........ (43)**
سپىروفلوكساتسىن ........ (43)
رۇفلوكساتسىن ........ (45)
ئوفلوكساتسىن ........ (47)
لېۋوفلوكساتسىن ........ (48)
سپارفلوكساتسىن ........ (48)
لومېفلوكساتسىن ........ (49)
فلېروكساتسىن ........ (50)
**§ 7 . باشقا ئانتىبىئوتىك دورىلار ........ (51)**
ۋانكومىتسىن ........ (51)
كلىندامىتسىن ........ (52)
**§ 8 . تۇبېركۇلوزغا قارشى دورىلار ........ (53)**
پازىنىئازىد ........ (53)

رىفاتېر ........................................ (54)
رىفىنا ........................................ (55)
9 § . زەمبۇرۇغقا قارشى دورىلار ........ (56)
فلۇكونازول ........................................ (56)
ئىتراكونازول ........................................ (58)
ئامفوتېرىتسىن B ........................................ (59)
10 § . ۋىرۇسقا قارشى دورىلار ........ (61)
ئاتسىكلوۋىر ........................................ (61)
گانتسىكلوۋىر ........................................ (62)

## ئىككىنچى باب قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا تەسىر قىلغۇچى دورىلار

1 § . يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى دورىلار ........ (64)
مىلرىنون ........................................ (64)
دوبۇتامىن ........................................ (65)
مېتىلدىگوكسىن ........................................ (67)
ئۈبىدېكارېنون ........................................ (68)
2 § . يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالايدىغان دورىلار ...
........................................ (69)
پروپافېنون ........................................ (69)
سوتالول ھىدروخلورىد ........................................ (71)
پوتاسسىئۇم ماگنېزىئۇم ئاسپارتات ........................................ (72)
3 § . يۈرەك سانجىقىغا قارشى دورىلار ........ (74)
ئىزوسوربىد دىنىترات ........................................ (74)
ئىزوسوربىد ـ 5 ـ نىترات ........................................ (76)
ئاتېنولول ........................................ (77)
دىلتىئازېم ........................................ (79)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىتروگلىتسېرىن ........................ (80)
ترىمېتازىدىن ........................ (82)
§ 4 . ئەتراپ قان تومۇرلارنى كېڭەيتكۈچى دورىلار ........................ (83)
پېنتوكسىفىللىن ........................ (83)
شانتىنول نىكوتىنات ........................ (85)
مىدودرىن ........................ (86)
فېنتولامىن ........................ (87)
§ 5 . قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار ........ (89)
ۋېراپامىل ........................ (89)
ئۈراپىدىل ........................ (91)
بېتاكسولول ........................ (92)
ئىنداپامىد ........................ (93)
بۇنازوسىن ھىدروخلورىد ........................ (94)
لاتسىدىپىن ........................ (95)
ئاملودىپىن ........................ (96)
نېفېدىپىن ........................ (97)
نىكاردىپىن ........................ (99)
كاپتوپرىل ........................ (100)
لىزىنوپرىل ........................ (102)
بېنازېپرىل ........................ (103)
ئېنالاپرىل ........................ (104)
دېلاپرىل ........................ (106)
لوزارتان پوتاسسىئۇم ........................ (107)
ۋالسارتان ........................ (108)
§ 6 . قاندىكى ماينى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار ... (109)
پراۋاستاتىن ........................ (109)
سىمۋاستاتىن ........................ (110)

فلۇۋاستاتىن ........................ (112)
لوۋاستاتىن ........................ (113)
بېزافىبرات ........................ (114)
فېنوفىبرات ........................ (116)
گېمفىبروزىل ........................ (117)
ئاتسىپىموكس ........................ (118)


## ئۈچىنچى باب ئۆسمىگە قارشى دورىلار


مىلېران ........................ (120)
ناۋېلبىن ........................ (121)
سىكلوفوسفامىد ........................ (122)
فلۇئوروئۇراتسىل ........................ (123)
ئالترېتامىن ........................ (125)
ئاسپاراگىنازا ........................ (126)
دائۇنورۇبىتسىن ........................ (127)
ستارابىن ........................ (129)
لېئۇپرورېلىن ........................ (131)
تىئوگۇئانىن ........................ (133)
ئېتوپوزىد ........................ (134)
تېنىسپوزىد ........................ (135)
ۋىنكرىستىن ........................ (136)
ۋىنلاستىن ........................ (137)
ترىپتورېتىن ........................ (138)
تاموكسىفېن ........................ (140)
ئىفوسفامىد ........................ (141)
دوكسىفلۇرىدىن ........................ (142)
ئادرىئامىتسىن ........................ (143)

مېتوترېكسات ………………………… (145)
مېسنا ………………………………… (147)
فېنىلئالانىن مۇستارد……………………… (148)
كالتسىئۇم لېئۇكوۋورىن ……………………… (149)
بلېئومىتسىن ………………………… (151)
فارمورۇبىتسىن ……………………… (152)
سىسپلاتىن ………………………… (153)
كارموفۇر ………………………… (155)
مېركاپتوپۇرىن ……………………… (156)

## تۆتىنچى باب نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر قىلغۇچى دورىلار

§1 . ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار…………… (158)
ترامادول ھىدروخلورىد ……………………… (158)
فلۇنارىزىن ھىدروخلورىد ……………………… (159)
§2 . قىزىتما قايتۇرۇپ، ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار
……………………………………… (161)
ئاتسېتامىنوفېن ……………………… (161)
فورتولىن ………………………… (162)
سۇماترىپتان ………………………… (163)
§3 . تىترەشچان پالەچكە قارشى دورىلار ……… (164)
بروموكرىپتىن ………………………… (164)
لېۋودوپا/ بېنسېرازىد ……………………… (166)
كاربىدوپا/ لېۋودوپا ……………………… (168)
توپىرامات ………………………… (169)
ئېپېرىزون ھىدروخلورىد ……………………… (170)
باكلوفېن ………………………… (172)

لانسوپرازول ............................ (218)
پانتوپرازول ............................ (219)
رېبامىپىد ............................ (220)
كوللوئىدال بىسمۇت سۇبىستىرات ............ (222)
سىمېتىدىن ............................ (223)
رانىتىدىن ............................ (225)
فاموتىدىن ............................ (226)
نىزاتىدىن ............................ (227)
مىزوپروستول ............................ (228)
تېپرېنون ............................ (230)
پىرېنزېپىن ............................ (231)
ھىدروتالتىست ............................ (232)
§ 2 . ئاشقازاننى كۈچەيتىپ، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى دورىلار ............................ (233)
لاكتازا ............................ (233)
ئوتىلونىئۇم برومىد ............................ (234)
داگېس ............................ (234)
پانكرېئاتىن ............................ (235)
§ 3 . قۇسۇشنى توختاتقۇچى دورىلار ............ (237)
گرانسېترون ............................ (237)
ترىئوپىسېترون ............................ (238)
ئوندانسېترون ............................ (239)
ئازاسېترون ............................ (240)
§ 4 . ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى دورىلار ........ (241)
دىئوكتاخېدرال سىمېكتىت ............................ (241)
§ 5 . سۈرگۈ دورىلىرى ............................ (242)
لاكتۇلوزا ............................ (242)
§ 6 . سىپازمىنى بوشاتقۇچى دورىلار ............ (244)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالۋېرىن سىترات ............................ (244)
مېبېۋېرىن .................................... (245)
دروتاۋېرىن .................................... (246)
7 § . ھەزىم يولىدىكى قاناشنى توختاتقۇچى دورىلار
............................................... (247)
ئوكترېئوتىد ................................. (247)
تېرلىپرېسسىن ............................... (249)
8 § . جىگەر ۋە ئۆتكە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار.........
............................................... (250)
ئۇرسودېئوكسىخولىك كىسلاتا ................... (250)
پروتوپورفىرىن/ دىسودىئۇم ...................... (251)
گلۇتاتىئون .................................... (252)
ھېپا ـ مېرز ................................... (253)
9 § . باشقىلار ................................... (255)
سۇلفاسالازىن .................................. (255)

## يەتتىنچى باب سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسىغا تەسىر قىلغۇچى دورىلار

ئالپروستادىل ................................. (257)
ئالفۇزوسىن ................................... (259)
پروستات........................................ (260)
سېفاسابال ..................................... (261)
ۋاسوپرېسسىن ................................. (262)
تامسۇلوسىن ھىدروخلورىد ....................... (263)
تادېنان ........................................ (264)
دېسموپرېسسىن ئاتسېتات ....................... (265)

## سەككىزىنچى باب روھىي كېسەللىكلەرگە قارشى دورىلار

فلۇۋوكسامىن ............ (267)
فلۇفېنازىن دېكانوئات ............ (268)
ئولانزاپىن ............ (269)
پاروكسېتىن ............ (270)
مىئانسېرىن ............ (272)
فلۇئوكسېتىن ............ (273)
تىئاپرىد ............ (274)

## توققۇزىنچى باب ھورمون تۈرىدىكى دورىلار

سوماتروپىن ............ (277)
ئېسترادىئول ۋالېرات/سىپروتېرون ئاتسېتات ............ (278)
تېستوستېرون ئۈندېكانوئات ............ (280)
ترىئامىتسىنولون ئاتسېتونىد ............ (281)
لېۋوتىروكسىن سودىئۇم ............ (285)
مېتىلپرېدنىزولون سودىئۇم سۈكسىنات ............ (287)
پروپىلتىئوئۇراتسىل ............ (290)

## ئونىنچى باب مېتابولىزمغا تەسىر كۆرسىتىدىغان دورىلار

§1 . ئىچىلىدىغان قان شېكىرىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار ............ (292)

www.uyghurkitap.com


گلىتسلازىد ............................ (292)
گلىپىزىد ............................ (294)
مېتفورمىن ھىدروخلورىد ............................ (296)
گلىكۆيىدون ............................ (297)
ئاكاربوس ............................ (298)
ۋوگلىبوس ............................ (299)
§ 2 . ئىنسۇلىن ............................ (301)
ئادەم ئىنسۇلىنى ............................ (301)
نوۋولىن R ............................ (303)
§ 3 . ماددا ئالمىشىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان باشقا دورىلار ............................ (304)
كالتسىيۇم كاربونات ............................ (304)
كالتسىيۇم دوبېسىلات ............................ (305)
ئالفاكالتسىدول ............................ (306)
كالتسىترىئول ............................ (307)
ئالېندرونات سودىيۇم ............................ (310)
سودىيۇم پامىدرونات ............................ (311)


## ئون بىرىنچى باب قان ۋە قان ئىشلەش سىستېمىسى دورىلىرى


تۆۋەن مۇلېكۇلىلىق ھېپارىن سودىيۇم ............................ (313)
ئېنوكساپارىن سودىيۇم ............................ (315)
تىكلوپىدىن ھىدروخلورىد ............................ (317)
سوماتوستاتىن ............................ (318)
سارپوگرېلات ھىدروخلورىد ............................ (320)
مېكوبالامىن ............................ (322)
ھىدروكسىئېتىل ئېتىل ستارچ ............................ (323)

سترېپتوكىنازا ........................................ (324)
ۋارفارىن ........................................ (327)
ئاپروتىنىن ........................................ (329)
سۈلودېكسىد ........................................ (331)
تۆمۈر پروتېئىن سۈكسىنىلات ........................................ (332)

## ئون ئىككىنچى باب نەسىللىنىش سىستېمىسى دورىلىرى

پرومېسترىئېن ........................................ (334)
تېستوتېرون ........................................ (335)
سىپروتېرون ئاتسېتات ........................................ (336)
سىپروتېرون ........................................ (338)
مېدروكسىپروگېستېرون ئاتسېتات ........................................ (339)
دىدروگېستېرون ........................................ (341)
نونوكسىنول ........................................ (342)
مېنفېگول ........................................ (343)
دېزوگېسترېل/ ئېتىنىلئېسترادىئول ........................................ (344)
ئېسترادىئول ........................................ (346)
ئېسترادىئول ۋالېرات ........................................ (347)
ئاللىلېستېنول ........................................ (349)
خورىئونىك گونادوتروفىن ........................................ (350)
ئوروفوللىتروپىن ........................................ (352)
مېنوتروفىن ........................................ (353)
لېۋونورگېسترېل ........................................ (355)
پرومېگېستون ........................................ (356)
كلومىفېن ........................................ (357)
رىتودرىن ھىدروخلورىد ........................................ (359)
دىنوپروست ........................................ (360)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئون ئۈچىنچى باب ھالەت ئۆزگىرىش رېئاكسىيىسىگە قارشى دورىلار

ئاكرىۋاستىن ........................................ (362)
مېكۇئىتازىن ........................................ (363)
لوراتادىن ........................................ (364)
ترىپرولىدىن ........................................ (365)

## ئون تۆتىنچى باب ئىممۇنىت دورىلىرى

سىكلوسپورىن ........................................ (366)
سېللسېپت ........................................ (368)
ئازاتىئوپرىن ........................................ (369)

## ئون بەشىنچى باب ياللۇغلىنىش، رېماتىزم ۋە پوداگراغا قارشى دورىلار

ئاتسېمېتاتسىن ........................................ (371)
نىمېسۇلىد ........................................ (373)
مېلوكسىكام ........................................ (374)
ئالمىنوپروتېن ........................................ (377)
ئىدروسىلامىد ........................................ (378)
بېنزبرومارون ........................................ (379)

## ئون ئالتىنچى باب كۆز كېسەللىكى بۆلۈمىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار


لېۋوبۇنولول ھىدروخلورىد ........................ (381)
سېترىمىد ........................................ (382)
پىرېنوكسىن ...................................... (383)
لودوكسامىد ...................................... (384)
پولىۋىنىل ئالكوھول كۆز دورا سۇيۇقلۇقى ...... (385)
دىپىۋېفرىن ...................................... (385)
كالتسىئۇم دوبېزىلات ............................ (387)
ناتامىتسىن ...................................... (388)
كېتورولاك ....................................... (389)
ئېنفېكتوفلام .................................... (390)
ئوكسىبۇپروكائىن ................................ (392)
پروپاراكائىن ھىدروخلورىد ..................... (393)
فلۇئورومېتولون ................................. (394)
مۇرىن كۆزگە تېمىتىش سۇيۇقلۇقى ............... (396)
سۇنئىي كۆز يېشى ................................ (397)
بېتاكسولول ھىدروخلورىد ....................... (398)
ھىپوتېئارس ...................................... (399)
كارباخول ......................................... (400)


## ئون يەتتىنچى باب قۇلاق، بۇرۇن، يۇتقۇنچاق، كېكىردەك كېسەللىكى بۆلۈمىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار


لېۋوكاباستىن ..................................... (402)
دېكۇئالىنىئۇم خلورىد ........................... (403)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئون سەككىزىنچى باب تېرە كېسەللىكى بۆلۈمىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار


مومېتازون فۇروئات ............................ (405)
كالتسىپوترىئول ................................ (407)
كلوسترىدىئۇم پېپتىدازا A مەلھىمى ............. (408)
ئاداپالېن ...................................... (410)
كلوبېتازول ..................................... (411)
ئىزوترېتىنوئىن ................................ (414)
پودوفىللۇم ..................................... (416)
ئېترېتىنات ..................................... (417)
ئاكتوۋېگىن ..................................... (419)
مۇپىروتسىن .................................... (421)
بونالفا مەلھىمى ................................ (422)
پودوفىللوتوكسىن ............................. (423)
كولپوزېپتىن .................................. (425)
تىئوكونازول ................................... (426)
مۇكوپولىساخارىد پولىسۇلفات .................. (427)


## ئون توققۇزىنچى باب ناركوز دورىلىرى


روپىۋاكائىن .................................... (429)
فلۇمازېنىل ..................................... (430)
سېۋوفلۇران .................................... (432)
ئېتومىدات ...................................... (433)

سۇپران ........................................ (435)
روكۇرونىئۇم بروميد ........................... (436)

## يىگىرمىنچى باب سايىلاندۇرۇپ سۇرەتكە ئېلىش دورىلىرى

دىمېگلۇمىن گادوپېنتېتات ........................ (439)
ئىئوترولان ...................................... (441)
ئىئوپامىدول .................................... (442)
لېۋوۋىست ....................................... (443)

## يىگىرمە بىرىنچى باب باشقا دورىلار

بىئوستىم ......................................... (445)
دىئوسمىن ........................................ (445)

# بىرىنچى باب مىكرو ئورگانىزملارغا قارشى دورىلار

## §1 . پېنىتسىللىن تۈرىدىكى دورىلار

### فېنوكسىمېتىلپېنىتسىللىن پوتاسسىيۇم
(青霉素V钾, phenoxymethylpenicillin potassium)

【باشقا نامى】 مېگاتسىللىن (Megacillin)، 美格西.

【ئاساسىي تەركىبى】 فېنوكسىمېتىلپېنىتسىللىن پوتاسسىيۇم.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، كۆپىيىش مەزگىلىدىكى باكتېرىيىلەرنى ئۆلتۈرگۈچى دورا بولۇپ، گرام مەنپىي تاياقچە باكتېرىيىلەرگە قارشى تەسىرى بولمىغان تار تەسىرلىك ئانتىبىئوتىك دورا ھېسابلىنىدۇ. دورىنى ئىچكەندىن كېيىن 12 بارماق ئۈچەيدە سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax (پۈتۈن يىمىرىلىش دەۋرى) بىر سائەت بولىدۇ، ئاقسىل بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تەخمىنەن %80، مېڭە قان توسقىدىن ئۆتمەيدۇ، ئەمما كۆكرەك بوشلۇقى سۇيۇقلۇقى ۋە قورساق سۇيىگە سىڭىپ كىرىدۇ، $t_{1/2}$ (يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى) 60min بولىدۇ، بۆرەكتىن چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاساسەن گرام مۇسبەت باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يېنىك دەرىجىدىكى يۇقۇملىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار كۈنىگە 1~1.5g نى 3~4 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ. بالىلار كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10~40mg نى 3~4 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 زىيادە سېزىمچانلىق رېئاكسىيىسى، ئاشقازان ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى كۆرۈلىدۇ، قىسمەن چاغلاردا قان رايىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۆتكۈر خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغىنى

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: پروبېنېتسىد (丙磺舒)، ئىندومېتاتسىن (消炎痛)، بوتازولىدىن (保泰松)، سالىتسىلىك كىسلاتا (水杨酸) قاتارلىق دورىلار بۇ دورىنىڭ سىرتقا چىقىرىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشى مۇمكىن. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پېنىتسىللىنغا نىسبەتەن زىيادە سەزگۈرلۈك رېئاكسىيىسى پەيدا بولىدىغان بىمارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مېگاتسىللىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/600000u، تابلېت/1000000u، قاپ/10 تابلېت.

فېنوكسىمېتىلپېنىتسىللىن پوتاسسىيوم قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى، گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى: بوتولكا/21g، بوتۇلكا/60ml، بوتۇلكا/35g، بوتۇلكا/100ml.

## ئاموكسىتسىللىن

(阿莫西林，Amoxicillin)

【باشقا نامى】 P ـ ھىدروكسى ـ ئامپىتسىللىن (羟氨苄青霉素，P—hydroxy—ampicillin)، فلېموكسىن (弗莱莫星，Flemoxin)، ئامولىن (阿莫灵，Amolin)، ئاموكسىتسىللىن (阿莫仙，Amoxicillin)، ئاموكسىل (奥纳欣，Amoxil).

【ئاساسىي تەركىبى】 p ـ ھىدروكسى ـ ئامپىتسىللىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 يېرىم سىنتېزلەنگەن كەڭ تەسىرلىك پېنىتسىللىن، باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى ئامپىتسىللىنغا ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە ئۈنۈمى سەل كۈچلۈك بولىدۇ. كىسلاتاغا چىدامىلىق، ئەمما ئېنزىمغا چىدامسىز، β ـ لاكتامازانى ئۆزى ھاسىل قىلىدىغان باكتېرىيىلەرگە قارشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ئىچكەندە ئۆزى سۈمۈرۈلىدۇ، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تۆۋەن. t1/2 بىر سائەت بولۇپ، بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەپەس يولى، سۈيدۈك يولى، يۇمشاق توقۇلما قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار كۈنىگە 3g ~ 1 نى 4 ~ 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرى رېئاكسىيىسى كۆرۈلىدۇ، ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتكەندە تەكرار يۇقۇملىنىش پەيدا قىلىدۇ. قىسمەن چاغلاردا ئاللېرگىيىلىك ئەسۋە، دورا قىزىتمىسى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بەزى كىشىلەردە كىسلاتا خۇمار دانىچە ھۈجەيرىلەر كۆپىيىش، ئاق قان دانىچىسى كېمىيىش قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: پېنىتسىللىن G بىلەن ئوخشاش. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پېنىتسىللىن تۈرىدىكى ۋە سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈر بىمارلارغا، يۇقۇملۇق تاق يادرولۇق ئاق قان ھۈجەيرىلىرى كۆپىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا، لىمفا ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلى بىمارلىرىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلىدارلار، جىگەر، بۆرەك ئىقتىدارى توسقۇنلۇقى ئۇچرىغۇچىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 فىلېموكسىن گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/125mg، تابلېت/250mg، تابلېت/500mg.

ئامولىن شياڭگاڭدا ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/250mg.

ئاموكسىل گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن، كاپسۇلى: دانە/250mg، دانە/500mg.

## مېزلوتسىللىن
(美洛西林，Mezlocillin)

【باشقا نامى】 بەيپېن (拜朋，Baypen)

【ئاساسى تەركىبى】 مېزلوتسىللىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئوكساتسىللىن (苯咪唑青霉素)، β ـ لاكتامازاغا نىسبەتەن تۇراقسىز، باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، سالمۇنىللا باكتېرىيىسى ۋە پېنىتسىللىنغا سەزگۈر گرام

www.uyghurkitap.com

مۇسبەت شارچە باكتېرىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىقدارى كۆپ بولغاندا باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئىچكەندە سۈمۈرۈلمەيدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلىنسا قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 27% بولۇپ، يۈرەك كلاپىنى ۋە شورىغۇچىسمان مۇسكۇلى ھەمدە مەزى بېزى توقۇلمىسى قاتارلىقلارغا تارقىلىدۇ، قورساق سۈيى ۋە ئۆت سۈيۇقلۇقىدىكى قويۇقلۇقى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، كانايچە ئاجرالمىلىرىغا ئوڭايلىقچە كىرەلمەيدۇ. ئاساسلىقى بۆرەكتىن ئەسلى پېتى چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** ئاساسەن يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرخىل يۇقۇملىنىش ۋە سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سېپتىتسېمىيە، نەپەس يولى، سۈيدۈك يولى، كۆپىيىش سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشى ۋە مېڭە پەردە ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى تېمىتىلىدۇ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 2~3g ، كۈنىگە 4 قېتىم، بالىلارغا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 75mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** پېنىتسىللىن تۈرىدىكى دورىلارغا ئوخشاش، بەزى كىشىلەردە ئاشقازان - ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى پەيدا قىلىدۇ ياكى قان زەردابى ئامىنوترانسفېرازانى ئۆرلىتىپ، ئاق قان ھۈجەيرىسىنى كېمەيتىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: گېنتامىتسىن، كانامىتسىن قاتارلىق ئامىنوگلىكوزىدلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلسە ماسلىشىش تەسىرى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. كىسلاتالىق دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىلسە چۆكمە ھاسىل قىلىدۇ. ئىشقارلىق دورىلار بىلەن قوشۇپ ئىشلەتكەندە باكتېرىيىگە قارشى ئۈنۈمى ناھايىتى تېز تۆۋەنلەيدۇ؛ ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پېنىتسىللىن تۈرىدىكى ياكى سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلارغا نىسبەتەن سەزگۈرلۈك رېئاكسىيىسى پەيدا بولىدىغان بىمارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ۋېناغا ئوكۇل قىلىش ۋاقتىنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم؛ ۋاقتى توشماي تۇغۇلغان بالىلار ۋە يېڭى تۇغۇلغان بالىلارغا ئوكۇل قىلغاندا ئوكۇل قىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش؛ بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلارغا

نىسبەتەن دورا بېرىش ئارىلىقى 12 سائەتتىن يۇقىرى بولۇش لازىم.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** بەيپىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن.

ئوكۇلى: بوتۇلكا/1g ، بوتۇلكا/2g.

## سۇلباكتام/ئامپىتسىللىن

(氨苄青霉素，Ampicillin/Sulbactam，舒巴坦)

**【باشقا نامى】** ئۇناسىن (优立新，Unasyn)، 强力安必仙.

**【ئاساسىي تەركىبى】** ئوكۇلى، ناترىي سۇلباكتام ۋە ناترىي ئامپىتسىللىن؛ تابلېت، سۇلتامىتسىللىن توزىلات (舒他西林甲苯磺酸盐).

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى ئامپىتسىللىنغا ئوخشاش. ئامپىتسىللىننىڭ باكتېرىيە پەيدا قىلغان β - لاكتامازا تەرىپىدىن ھىدرولىزلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئىچكەن چاغدىكى مۇتلەق بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى %80، ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئادەم ئورگانىزمى توقۇلمىسى ۋە بەدەن سۇيۇقلۇقىدا تېزلىكتە تارقىلىدۇ، مېڭە پەردىسى يۇقۇملانغان ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ دورىنىڭ مېڭە- يۇلۇن سۇيۇقلۇقىغا سىڭىپ كىرىش مىقدارى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ. ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندىن كېيىنكى ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندىن كېيىنكى $t_{1/2}$ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.75h ۋە 1h بولىدۇ، كۆپىنچە ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يۇقۇملىنىش، بولۇپمۇ نەپەس يولى، سۈيدۈك يولى، كۆپىيىش ئەزاسى قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ. قورساق قىسمى ئوپېراتسىيىسى ۋە ئاياللار بۆلۈمى ئوپېراتسىيىسىدە سەزگۈر باكتېرىيىدىن يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ئىشلىتىلىش مىقدارى ئامپىتسىللىن ئارقىلىق ھېسابلىنىدۇ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 1g دىن كۈنىگە 2 قېتىم مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ھەر قېتىمدا 1 ~ 2g دىن كۈنىگە 2 ~ 4 قېتىم ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئېغىر دەرىجىدە يۇقۇملانغان بولسا ۋېناغا ئوكۇل قىلىش مىقدارى كۈنىگە 12g غا يەتكۈزۈلىدۇ. تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئالدىنى ئېلىشتا، ھەر قېتىمدا 1g ۋېناغا ئوكۇل

www.uyghurkitap.com

قىلىنىدۇ، ئوپېراتسىيىدىن ئىلگىرى 2 ~ 1 قېتىم، 24 سائەت ئىچىدە ھەر 8h ~ 6 تە تەكرار ئوكۇل قىلىنىدۇ. بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلارغا، كرېئاتىنىننىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە ئاساسەن دورا مىقدارىنى تەڭشەپ تۇرۇش لازىم. تابلېتىنى چوڭلار ھەرقېتىمدا 375 ~ 750mg دىن كۈنىگە 2 قېتىم ئىچىدۇ. بەدەن ئېغىرلىقى 30kg دىن كىچىك بولغان بالىلار كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 50mg دىن ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ؛ بەدەن ئېغىرلىقى 30kg دىن يۇقىرى بالىلارنىڭ دورا مىقدارى چوڭلارنىڭكىگە ئوخشاش. سۆزنەكنى داۋالاشتا كۈنىگە بىر قېتىم 2.25g ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن: يەلتاشما، قىزىتىش، نەپەس قىسىش قاتارلىقلار. زىيادە سەزگۈرلۈكتىن بولغان شوك، قان ئازلىق، ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ياندۇرۇش، ئىچى سۈرۈش، كەم ئۇچرايدىغان ساختا پەردىلىك ئۈچەي ياللۇغى، داغلىق دۆڭچە ئەسۋە، سىرغىتمىلىق كۆپ شەكىللىك قىزىل داغ، Lyell يىغىندى ئالامىتى، كۆپ شەكىللىك تېرە ئەسۋىسى، سويۇلۇشچان تېرە ياللۇغى ۋە جىگەر، بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولماسلىق قاتارلىقلار ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئاللوپۇرىنول (别嘌呤醇) ۋە سۇيدۇك كىسلاتاسىنىڭ سىنتېزلىنىشىنى تورمۇزلىغۇچى باشقا دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، تېرىگە رېئاكسىيە بېرىش خەتىرىنى ئاشۇرىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پېنىتسىللىن، سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەر، قوقاق ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار، لىمفا ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار ۋە لىدوكائىنغا زىيادە سەزگۈرلەر، شۇنداقلا ئىككى يېرىم ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 强力安必仙 شياڭگاڭدا ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.75g، قاپ/10 بوتۇلكا.

ئۇناسىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.75g؛ تابلېتى، تابلېتى/375mg، قاپ/10 تابلېت.

# كالىي كلاۋۇلانات/ ئاموكسىتسىللىن

## (阿莫西林/克拉维酸钾)

## (Amoxicillin/Clavulanate Potassium)

【باشقا نامى】 ئاموكسىكلاۋ، ئوگمەنتىن (安美汀, Augmentin).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئاموكسىتسىللىن، كالىي كلاۋۇلانات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى ئاموكسىلغا ئوخشاش، كلاۋۇلانات ئاتسىد β - لاكتامازانى تورمۇزلايدۇ. Tmax بىر سائەت بولۇپ، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تۆۋەن، تەخمىنەن 70% ى قان زەردابىدا ئەسلى پېتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەپەس يولى، كۆپىيىش سىستېمىسى ۋە سۈيدۈك يوللىرى يۇقۇملىنىشىغا ھەمدە چوڭ ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، چوڭلار ۋە 12 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا دائىملىق ئىشلىتىش مىقدارى 1.2g بولۇپ، ھەر 8 سائەتتە بىر قېتىم، ئېغىر دەرىجىدە يۇقۇملانغانلارغا ھەر 6 سائەتتە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ؛ 12 ياشتىن تۆۋەنلەرگە دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ، بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلارغا كرېئاتىنىننىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە ئاساسەن دورا مىقدارى ۋە دورا بېرىش قېتىم سانى تەڭشىلىدۇ. ئىچىشكە بېرىلگەندە، چوڭلار ۋە 12 ياشتىن يۇقىرى بالىلار ھەر قېتىمدا 375 ~ 750mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ. بوۋاقلار ۋە ئۆسمۈر بالىلارغا شېكەرلىك قىيامى ھەر قېتىمدا 2.5 ~ 10ml دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچۈرۈلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاساسلىقى ئىچ سۈرۈش، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ساختا پەردىلىك ئۈچەي ياللۇغى ۋە تەسۋىسمان زەمبۇرۇغ كېسىلى قاتارلىقلار يېنىك دەرىجىدە ۋاقىتلىق كۆرۈلىدۇ. قىسمەن چاغلاردا AST ياكى ALT لار ئەسلىگە يېنىشچان يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، جىگەر ياللۇغى ۋە توسۇلۇش خاراكتېرلىك

سېرىقلىق چۇشۇش قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا ئـوكۇل قىلىنسا، ۋېنا ياللۇغىنى پەيدا قىلىدۇ، يەلتاشما، قىزىل داغ قـاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلىدۇ، سۇلۇق ئىششىق ۋە كۆپ شەكىللىك قىزىل داغ، stevens — Johnson يىغىندى ئالامەتلىرى (سىرغىتمىلىق كـۆپ شـەكـىـلـلـىـك قـىـزىل داغ)، زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك تېرە نېكروزلىنىش ۋە سويۇلۇشچان تېرە ياللۇغى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: كەڭ تەسىرلىك باشقا ئانتىبىئوتىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتكەندە، بۇ دورىلارنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، گلۇكوزا، ناترىي ھىدروكاربوناتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياسالمىلار ھەمدە قان پلازمىسى ۋە قان ياسالمىلىرىغا قوشۇپ ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: β ـ لاكتان تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بار بىمارلار؛ بۇ دورىنى ياكى پېنىتسىللىن ئىشلەتكەندە سېرىقلىق چۈشكەن ياكى جىگەر فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار؛ يۇقۇملۇق تاق يادرولۇق ئاق قان ھۈجەيرىلىرى كۆپىيىش كېسىلى، لىمفا ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلى بـىـمارلىرىغا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلىدارلارغا ئېھتىيات قىلىپ ئىشلىتىش لازىم؛ كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە سۈيدۈك كرىستاللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**【يـاسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** ئوگمەنتىن سىنگاپوردا ئىشلەنگەن. پـاراشـوكـلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/600mg، بوتۇلكا/1200mg؛ تابلېتى: تـابلېت /375mg ، قاپ/10 تابلېت؛ قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى، خالتا/156mg.

ئوگمەنتىن ئاۋستراليىدە ئىـشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/375mg، قاپ/15 تابلېت؛ قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى: بوتۇلكا/156mg/5ml.

ئوگـمەنـتىن ئەنگلىيىدە ئىشلـەنگـەن. پـاراشـوكـلۇق ئـوكـۇلـى: بـوتۇلكا/600mg ، قاپ/1 بوتۇلكا، قاپ/10 بوتۇلكا، بوتۇلكا/1200mg، قاپ/1 بوتۇلكا، قاپ/5 بوتۇلكا.

ئـامـوكسىكلاۋ سلوۋېنىيىدە ئىشلەنگەن. ئىچىلىدىغان دۇغ لەيلىمە سۇيۇقلۇقى: بوتۇلكا/30ml، بوتۇلكا/60ml؛ تابلېتى: تابلېت/625mg.

# كالىي كلاۋۇلانات/ تىكارتسىللىن

## (替卡西林/克拉维酸钾)

## (Ticarcillin/Clavulanate potassium)

【باشقا نامى】 تىمەنتىن (特美汀, Timentin).

【ئاساسىي تەركىبى】 ناترىي تىكارتسىللىن، كالىي كلاۋۇلانات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ بىر خىل ئېنزىم قوشۇلغان تورمۇزلىغۇچى مۇرەككەپ ياسالما بولۇپ، باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى تىكارتسىللىن بىلەن ئوخشاش. كەڭ تەسىرلىك باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە، باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى ۋە ئېپىدېرمىدىكى ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، موكىسىمان سپورىلىق باكتېرىيە ئۈرۈقدىشى، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، قان خۇمار تارقىلىشچان زۇكام تاياقچە باكتېرىيىسى، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، 70min t1/2 ئەتراپىدا بولىدۇ، بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيە پەيدا قىلىدىغان يۇقۇملىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: يىرىڭ زەھەرلىك قان كېسىلى، باكتېرىيىلىك قان كېسىلى، سېپتىتسېمىيە، نەپەس يولى يۇقۇملىنىش، سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن يۇقۇملىنىش، ئىممۇنىت سىستېمىسى زەخىملەنگەن بىمارلار، قورساق پەردە ياللۇغى، سۆڭەك ۋە بوغۇم يۇقۇملىنىش قاتارلىقلار.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. چوڭلارنىڭ دائىملىق مىقدارى ھەرقېتىمدا 3.2g، ھەر 8 سائەتتە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىش مىقدارى ھەر تۆت سائەتتە 3.2g . بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەرگە كرېئاتىنىننىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە قاراپ دورا مىقدارى تەڭشىلىدۇ. بالىلارنىڭ دائىملىق مىقدارى ھەر 8 ~ 6 سائەتتە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 80mg بېرىلىدۇ. كېيىن تەدرىجىي ھالدا سەككىز سائەتتە بىر قېتىم دورا بېرىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزگەرتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 پېنىتسىللىننى ئوكۇل قىلغاندا كۆرۈلىدىغان تىپىك ناچار تەسىرلەر كۆرۈلىدۇ. ئەسۋە چىقىش، يەلتاشما، ئىچ سۈرۈش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىقلار كۆپ كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پېنىتسىللىنغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلىدارلار، جىگەر فۇنكسىيىسى ئېغىر زەخىملەنگەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ؛ قان ۋە قان پلازما ياسالمىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تىمەنتىن ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن، پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/3.2g، قاپ/1 بوتۇلكا، قاپ/4 بوتۇلكا، قاپ/6 بوتۇلكا.

## پىپېراتسىللىن/تازوباكتام

(他唑巴坦, Tazobactam/piperacillin, 哌拉西林)

【باشقا نامى】 تازوتسىن (特治星, Tazocin)، 联邦他唑仙

【ئاساسىي تەركىبى】 ناترىي پىپېراتسىللىن، ناترىي تازوباكتام.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ناترىي پىپېراتسىللىن ۋە ناترىي تازوباكتامدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ ياسالما. پىپېراتسىللىنغا سەزگۈر باكتېرىيە ۋە β ـ لاكتامازانىڭ ھاسىل بولۇشى تۈپەيلى شەكىللەنگەن پىپېراتسىللىنغا چىدامىلىق باكتېرىيىگە قارشى تەسىرگە ئىگە. ئاشقازان ـ ئۈچەي يولىدا سۈمۈرۈلمەيدۇ، شۇڭا ۋېناغا ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. t1/2 1.2 ~ 0.7 سائەت، بۆرەكتىن چىقىرىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆتكىمۇ كىرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 β ـ لاكتامازانىڭ ھاسىل بولۇشى تۈپەيلى شەكىللەنگەن پىپېراتسىللىنغا چىدامىلىق باكتېرىيىدىن يۇقۇملىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى تېمىتىلىدۇ، مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. چوڭلارنىڭ دائىملىق مىقدارى ھەر سەككىز سائەتتە 4.6g بولىدۇ، يۇقۇملىنىشنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىك دەرىجىسى ۋە يۇقۇملانغان ئورۇنغا قاراپ دورا مىقدارىنى

كۆپەيتىشكە ياكى ئازايتىشقا بولىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغان بىمارلارغا كرېئاتىنىننىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە ئاساسەن دورا مىقدارىنى تەڭشەپ تۇرۇش لازىم.

【ناچار تەسىرى】 تېرە قىچىشىش، ئەسۋە چىقىش، ئىچ سۈرۈش كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئوكۇل قىلىنغان ئورۇنغا رېئاكسىيە بېرىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، يۇقىرىقىلاردىن سىرت يەنە قان پلاستىنكىلىرى ئازىيىش، قىزىش، كىسلاتا خۇمار دانىلىق ھۈجەيرە كۆپىيىش، ترانسئامىنازا يۇقىرىلاش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: شپىرىستا ياكى دورا بوتۇلكىسىدا باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ؛ ئامىنوگلۇكوزىد (氨基糖苷) تۈرىدىكىلەرگە قوشۇپ ئىشلىتىلسە، ئامىنوگلۇكوزىد تۈرىدىكى دورىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى يوقىلىدۇ؛ پروبېنېتسىد (丙磺舒) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، بۇ دورىنىڭ $t_{1/2}$ ئۇزىرايدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پېنتسىللىن تۈرىدىكىلەر، سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلار ياكى β - لاكتا مازانى تورمۇزلىغۇچى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە 12 ياشتىن تۆۋەنلەرگە ئېھتىيات قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىش توغرا كەلگەندە قان ئىشلەش فۇنكسىيىسى ۋە قان زەردابىدىكى ئېلېكترولىت سەۋىيىسىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم؛ ناۋادا ئىچ سۈرۈش كۆرۈلسە ساختا پەردىلىك ئۈچەي ياللۇغىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئويلىشىپ كۆرۈش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تازوتسىن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/2.25g، بوتۇلكا/4.5g.

## 2 § . سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلار

### سېفرادىن
(头孢拉定 Cefradine)

【باشقا نامى】 君必青، ۋېلوزېف (泛捷复, Velosef).
【ئاساسىي تەركىبى】 ۋېلوزېف.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** كەڭ تەسىرلىك ئانتىبىئوتىك دورا بولۇپ، ئۈچەي شارچە باكتېرىيىسىدىن سىرت گرام مۇسبەت باكتېرىيىسى، گرام مەنپىي باكتېرىيىسى ۋە كۆپ ساندىكى فېرمېنت ئىشلىگۈچى ئۈزۈمسىمان باكتېرىيىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۈنۈم بېرىدۇ. β - لاكتامازاغا بولغان تەسىرى تۇراقسىز، ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax بىر سائەت، $t_{1/2}$ بىر سائەت بولۇپ، ئاساسلىقى ئەسلى پېتى بۆرەكتىن چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** سەزگۈر باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەپەس يولى، كۆپىيىش سىستېمىسى، سۈيدۈك يولى، ئۈچەي يولى، يۇمشاق توقۇلما ۋە تېرە، سۆڭەك ۋە بوغۇم يۇقۇملىنىش ھەمدە يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسى يۇقۇملىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ۋېناغا ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، چوڭلارنىڭ دائىملىق مىقدارى كۈنىگە 2 ~ 4g بولۇپ، تۆت قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلىنىدۇ. بوۋاق ۋە ئۆسمۈر باللارنىڭ دائىملىق مىقدارى كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 50 ~ 100mg بولۇپ، تۆت قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلىنىدۇ ھەمدە يېشى، بەدەن ئېغىرلىقى ۋە يۇقۇملىنىش دەرىجىسىگە ئاساسەن دورا مىقدارى تەڭشىلىدۇ. ئىچىشتە، چوڭلار ھەر قېتىمدا 250 ~ 500mg، ھەر 6 سائەتتە بىر قېتىم، ئېغىر يۇقۇملانغانلار ھەر قېتىمدا كۆپ بولغاندا 1g غىچە ئىچسە بولىدۇ، ئەمما كۈنلۈك ئومۇمىي مىقدارى 4g دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. باللار كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 25 ~ 50mg نى 2~4 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ، ئېغىر يۇقۇملانغانلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 75 ~ 100mg ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئاشقازان - ئۈچەي فۇنكسىيىسى قالايمىقانلىشىش ھەمدە تاسادىپىي كۆرۈلىدىغان ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىسى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: تىل ياللۇغى، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، قۇرۇق ئىنجىق، قورساق قىسمى يېقىمسىزلىنىش، يەلتاشما ياكى ئەسۋە، قىزىل داغ، كىسلاتا خۇمار دانلىق ھۈجەيرىلەر كۆپىيىش، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى ئازىيىش، نېيترال دانلىق ھۈجەيرىلەر كېمىيىش قاتارلىقلار.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** سېفالوسپورىن تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلارغا زىيادە سەزگۈر كىشىلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** 君必青 شياڭگاڭدا ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/250mg.

ۋېلوزېف ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/250mg، قۇرۇتۇلغان دۇغ لەيلىمە ياسالمىسى، بوتۇلكا/1.5g، بوتۇلكا/3.0g؛ پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.5، بوتۇلكا/1.0g.

## سېفتازىدىم
(头孢他啶，Ceftazidime)

**【باشقا نامى】** فورتۇم (复达欣，Fortum)، كېفادىم (凯复定，Kefadim)، تازىم (泰得欣，Tazime).

**【ئاساسىي تەركىبى】** سېفتازىدىم (Ceftazidime).

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** گرام مۇسبەت باكتېرىيىگە بولغان تەسىرى 1 - ئەۋلاد سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ ياكى بىرقەدەر ئاجىز بولىدۇ. ئۈزۈم شارچە باكتېرىيىسى، زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىنىڭ A ۋە B تىپى، ئۆپكە ياللۇغى شارچە باكتېرىيىسى مەزكۇر دورىغا سەزگۈر كېلىدۇ. بۇ دورىنىڭ گرام مەنپىي باكتېرىيىگە بولغان تەسىرى گەۋدىلىك بولىدۇ. ئىچىسە سۈمۈرۈلمەيدۇ، مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنسا بەدەنگە كەڭ تارقىلىپ، كۆكرەك سۇيى، قورساق سۇيى، بەلغەم، لىمفا سۇيۇقلۇقى، مېڭە، يۇلۇن سۇيۇقلۇقى (مېڭە پەردىسى ياللۇغلانغان چاغدا) غا كىرىدۇ، بەدەندە پارچىلانمايدۇ، بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، $t_{1/2}$ 1.3~2h بولىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** گرام مەنپىي سەزگۈر باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۆۋەنكى نەپەس يولى، تېرە ۋە يۇمشاق توقۇلما، سۆڭەك ۋە بوغۇم، كۆكرەك بوشلۇقى، سۈيدۈك ئاجرىتىش - كۆپىيىش سىستېمىسى ھەمدە مەركەز قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ، سېپتىسېمىيىگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** چوڭلارغا ئىشلىتىشتە كېسەللىك ئەھۋالىغا قارىلىدۇ، يېنىك دەرىجىدىكىلەرگە ھەرقېتىمدا 1g

دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئوتتۇرا دەرىجىدىكىلەرگە ھەرقېتىمدا 1g دىن كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئېغىر دەرىجىدىكىلەرگە ھەر قېتىمدا 2g دىن كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم ۋېناغا تېمىتىلىدۇ ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئىككى ئايدىن ئاشقان بوۋاقلارنى ۋە بالىلارغا، كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 100mg ~ 30نى، ئىككى ئايدىن كىچىك بوۋاقلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 60mg ~ 25 نى 3 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ، مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلسا بولىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلارغا دورا مىقدارى ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئەسۋە پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئاشقازان، ئۈچەي يوللىرى رېئاكسىيىسى، سۈيدۈك يولى تەسۋىسمان زەمبۇرۇغ كېسىلى، جىنسىي يول ياللۇغى ۋە باش ئاغرىش، باش قېيىش، كىسلاتا خۇمار دانىلىق ھۈجەيرە ۋاقىتلىق كۆپىيىش، ترانسئامىنازا، ALP قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىگە يېنىشچان يۇقىرىلىشى تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئامىنوگلۇكوزىد تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلار ۋە ئۈنۈمى كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارغا قوشۇپ ئىشلىتىلسە، دورىنىڭ بۆرەككە بولغان زەھەرچانلىقى كۈچىيىدۇ؛ ناترىي ھىدروكاربوناتقا ئۇچرىسا تۇراقسىزلىشىدۇ. ② باشقىلار: پېنىتسىللىنغا زىيادە سەزگۈر كىشىلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 فورتۇم ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.5g ، بوتۇلكا/1g ، بوتۇلكا/2g .

كېفادىم تەيۋەندە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/1g ، بوتۇلكا/0.5g .

تازىم كورىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: ئامپۇل/0.5g ، ئامپۇل/1.0g .

# سېفۇروكسىم
## (头孢呋辛，Cefuroxime)

**【باشقا نامى】** ئاكسېتىن (安可欣，Axetine)، سۇپېرو (舒贝乐，Supero)، موناسېف (明可欣，Monacef)، سېفۇروكسىم (赐福乐欣，Cefuroxime)، 头孢呋肟، زىناسېف (西力欣，Zinacef).

**【ئاساسي تەركىبى】** تابلېت تەركىبى سېفۇروكسىم ئاكسېتىل، ئوكۇل تەركىبى ناترىي سېفوروكسىم.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** 2 - ئەۋلاد سېفالوسپورىن. باكتېرىيە ئاجرىتىپ چىقارغان β - لاكتامازاغا نىسبەتەن تۇراقلىق بولۇپ، پېنىتسىللىنغا چىدامىلىق ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىگە ئۈنۈم بېرىدۇ. يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، ئەگرى تاياقچە باكتېرىيىسى، ھەرىكەتسىز تاياقچە باكتېرىيىسى، سالمونىللا تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ كۆپ ساندىكى باكتېرىيە تۈپى، ئادەتتىكى شەكىل ئۆزگەرتكۈچى تاياقچە باكتېرىيە، موكىسىمان سپورىلىق تاياقچە باكتېرىيە قاتارلىقلار بۇ دورىغا سەزگۈر ئەمەس. تابلېتنى ئىچىپ سۈمۈرۈلگەندىن كېيىن، Tmax 2 ~ 3h، $t_{1/2}$ 1 ~ 2h. مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنسا Tmax تەخمىنەن 45min، مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن $t_{1/2}$ 1 ~ 1.5h كىچە، ئاقسىل بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تەخمىنەن 50% بولىدۇ، ئاساسي جەھەتتىن پارچىلانمايدۇ، ئاساسەن ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** سەزگۈر باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۆۋەنكى نەپەس يولى، سۈيدۈك يولى، تېرە - يۇمشاق توقۇلما، سۆڭەك ۋە بوغۇم قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ. سېپتىتسېمىيە، مېڭە پەردە ياللۇغىغىمۇ ئۈنۈم بېرىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 750 ~ 1500mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ئېغىر يۇقۇملانغانلارغا ھەر قېتىمدا 1500mg دىن كۈنىگە تۆت قېتىم ئوكۇل قىلىنىدۇ. مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشتا كۈنلۈك مىقدارى 9g دىن تۆۋەن بولىدۇ. بالىلارغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 60mg نى، ئېغىر يۇقۇملانغانلارغا ھەر

kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 100mg نى 3 ~ 4 قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلسا بولىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغان بىمارلارغا كرېئاتىنىنىنىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە قاراپ دورا بېرىش لايىھىسى بېكىتىلىدۇ. تابلېتى چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 125mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم بېرىلىدۇ. تۆۋەنكى نەپەس يولى يۇقۇملانغانلارغا ھەر قېتىمدا 500mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم بېرىلىدۇ؛ نوقۇل سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىشقا ھەر قېتىمدا 125mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم بېرىلىدۇ؛ ئاددىي سۆزنەككە كۈنىگە 1g ئىشلىتىلىدۇ. باللارغا ئادەتتە ھەرقېتىمدا 250mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچۈرۈلىدۇ؛ ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئىككى ياشلىق ياكى ئىككى ياشتىن كىچىك باللارغا 250mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. بىر داۋالاش مۇددىتى ئادەتتە 7 كۈن بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 تېرە قىچىشىش، ئاشقازان، ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى، قان رەڭ ماددىسى تۆۋەنلەش، قان بىلىر ۋېنى يۇقىرىلاش، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئۆزگىرىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا يەرلىك ئورۇن ئاغرىيدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى دورىلار بىلەن بىرگە ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ؛ يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلسە بۆرەكنى زەخىملەندۈرىدۇ. ② باشقىلار: پېنىتسىللىنغا زىيادە سەزگۈر كىشىلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سۈپېرو ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: 500mg/بوتۇلكا، 750mg/بوتۇلكا، 1000mg/بوتۇلكا.

موناسېف ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: 750mg/بوتۇلكا.

سېفۇروكسىم تەيۋەندە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: 750mg/بوتۇلكا.

زىناسىف ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: 0.75gm/ ئامپۇل، 1.5g/ئامپۇل؛ تابلېتى: 125mg/تابلېت، 250mg/ تابلېت، 500mg/تابلېت؛ قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى: 250mg/خالتا.

سېفۇروكسىم ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: 750mg/بوتۇلكا.

ئاكسېتىن سىپرۇستا ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: 750mg/بوتۇلكا.

## سېفاكلور
(头孢克洛，Cefaclor)

【باشقا نامى】 كېفلور (可福乐，Keflor)، سېگاكلور (赐福乐素，Cegaclor)، سېكلور (希刻劳，Ceclor)، كلېمسېف (克林社福，Clemcef)، سېفاكولور S250 (史达功 S250，CefacolorS250).

【ئاساسىي تەركىبى】 سېفاكلور (头孢克洛).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 كەڭ تەسىرلىك ئانتىبىئوتىك دورا بولۇپ، ئۆزۈمسىمان باكتېرىيە، يىرىڭلىق زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، ئۆپكە ياللۇغى شارچە باكتېرىيىسى، تارقىلىشچان زۇكام تاياقچە باكتېرىيىسى، Klebsiella تاياقچە باكتېرىيىسى، سۆزنەك (奈瑟菌，Neisser) باكتېرىيىسى، سالمونېللا باكتېرىيىسى، شىگا تاياقچە باكتېرىيىسى (志贺菌)، باكتېروئىدلار سەزگۈر كېلىدۇ، ئاچ قورساق ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، 0.6～0.9h تەخمىنەن، ئاساسلىقى ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى، نەپەس يولى يۇقۇملىنىش، يۇتقۇنچاق ياللۇغى ۋە بادام بەز ياللۇغى، سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش، تېرە ۋە تېرە يۇمشاق توقۇلمىلىرى يۇقۇملىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلارنىڭ دائىملىق مىقدارى ھەر 8h تە 250mg بولۇپ، ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارنىڭ دائىملىق مىقدارى كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 20mg بولۇپ، 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ. بىر قەدەر ئېغىر يۇقۇملىنىش ياكى سەزگۈرچانلىقى نىسبەتەن ئاجىز باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان يۇقۇملىنىشلارغا مىقدارى بىر ھەسسە قوشۇلىدۇ. β-قان ئېرىتكۈچى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىسىدىن يۇقۇملىنىشنى داۋالاشتا دورا ئىچىش ۋاقتى ئاز بولغاندا 10 كۈن بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان- ئۈچەي يولى ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: ئىچ سۈرۈش، ساختا پەردىلىك بوغماق ئۈچەي ياللۇغى، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇش قاتارلىقلار. بۇ دورا ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلسە

تەكرار يۇقۇملىنىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىدىن قىزىلغا ئوخشاش ئەسۋە، قاپارتقۇ، قىچىشىش، يەلتاشما قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بىر قىسىم داۋالاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا رېئاكسىيىلەردىن كىسلاتا خۇمار دانىچە ھۈجەيرىلەر كۆپىيىش، ئاياللار جىنسىي يول ياللۇغى قاتارلىقلار بار. GPT ياكى ALP نى ۋاقىتلىق ئۆرلىتىۋېتىدۇ. قان ئۇرېئا ئازوتى ياكى قاندىكى كرېئاتىنىن يۇقىرىلاش ياكى سۈيدۈك ئانالىزىدا كرىستال نورمالسىزلىقى تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: سېفالوسپورىن تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: بۆرەك ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللارغىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئېيىغا توشماي تۇغۇلغان بوۋاقلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كېفلور ھىندىستاندا ئىشلەنگەن: كاپسۇلى، 250mg/دانە، قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى: 1.5g/60ml/بوتۇلكا.

سېكلور ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 250mg/دانە، 500mg/دانە؛ دوغ لەيلىمە ياسالمىسى: 125mg/5ml بوتۇلكىسى، 250mg/5ml بوتۇلكىسى؛ قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى: 125mg/5ml بوتۇلكىسى، 1.5g/60ml بوتۇلكىسى، 125mg/خالتا.

سېگاكلور تەيۋەندە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 250mg/دانە.

كلېئانسېف كورىيىدە ئىشلەنگەن. قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى: 100mg/بوتۇلكا.

سېفاكلور S250 گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئىچىلىدىغان دوغ لەيلىمە ياسالمىسى: 250mg/5ml.

## سېفىكسىم

(头孢克肟，Cefixime)

【باشقا نامى】 CFIX (世福素)

【ئاساسىي تەركىبى】 سېفىكسىم

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 3 - ئەۋلاد كەڭ تەسىرلىك سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورا بولۇپ، كۆپ ساندىكى گرام مەنپىي ئوكسىگېن خۇمار باكتېرىيىلەر مەزكۇر دورىغا سەزگۈر كېلىدۇ، ئېنزىم ھاسىل قىلىدىغان ۋە ئېنزىم ھاسىل قىلمايدىغان ئالتۇن رەڭ باكتېرىيىلەر، ئېپىدېرمىدىكى ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىلەر بۇ دورىغا سەزگۈر ئەمەس، ئۈچەي يولى شارچە باكتېرىيىسى ۋە تاياقچىسىمان باكتېرىيىلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتى ئاجىز، ساختا يەككە سپورىلىق زەمبۇرۇغ ئۇرۇقدىشى مەسىلەن: يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئۈنۈم بەرمەيدۇ. چوڭلار ئىچكەندىن كېيىن Tmax ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 ~ 4h، $t_{1/2}$ بولسا 2.3 ~ 2.5h، بالىلار ئىچكەندىن كېيىن Tmax تەخمىنەن 3—4h، $t_{1/2}$ 2.3~2.7h، بەدەندە ئاساسىي جەھەتتىن پارچىلانماي، ئۈچەي يولى ياكى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كانايچە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، بۆرەك جامى بۆرەك ياللۇغى، دوۋساق ياللۇغى، سۈيدۈك يولى ياللۇغى، ئۆت خالتا ياللۇغى، سكارلاتىنا، ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى، بۇرۇن كاۋىكى ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 ~ 100mg دىن ئىچىدۇ، كېسەلى ئېغىرلارغا ھەر قېتىمدا 200mg غىچە كۆپەيتىشكە بولىدۇ. بالىلار كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 1.5 ~ 3mg ئىچىدۇ، كېسەلى ئېغىرلار ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 6mg ئىچسە بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئەسۋە، قىزىل داغ، قىچىشىشلار كۆرۈلىدۇ. شوك ئالامەتلىرى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. دانىچە ھۈجەيرىلەر كېمىيىش ۋە كىسلاتا خۇمار دانىچە ھۈجەيرىلەر كۆپىيىش ھەمدە SGOT، SGPT، ئىشقارلىق فوسفاتازا، BUN ئۆرلەش، ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ئاغرىش،

www.uyghurkitap.com

ئىشتىھا تۇتۇلۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ئېغىز ياللۇغى، تەسۋىسىمان زەمبۇرۇغ كېسىلى، باش ئاغرىش، قان پلاستىنكىلىرى ئازىيىش، ساختا پەردىلىك بوغماق ئۈچەي ياللۇغى قاتارلىقلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** سېفالوسپورىن تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/50mg؛ دانە/100mg، دانىچە ياسالمىسى ھەر بولىقى 50mg/g.

## سېفېپىم

(头孢吡肟，Cefepime)

**【باشقا نامى】** ماكسىپىم (马斯平, maxipime).

**【ئاساسىي تەركىبى】** سېفېپىم.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** 4 ـ ئەۋلاد كەڭ تەسىرلىك سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورا بولۇپ، كۆپ ساندىكى گرام مۇسبەت ۋە گرام مەنپىي باكتېرىيىلەرنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. كۆپ ساندىكى β-لاكتامازانىڭ ھىدرولىزلىنىشىغا بولغان چىدامچانلىقى يۇقىرى، ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن $t_{1/2}$ 2h بولىدۇ. CL 120ml/min، سۈيدۈك، ئۆت سۇيۇقلۇقى، قورساق پەردە ياللۇغى، قاپارتما سۈيى، كاناي شىللىق پەردىسى، بەلغەم، مەزى بېزى سۇيۇقلۇقى، سازاڭسىمان ئۆسۈك، ئۆت خالتىسى قاتارلىقلاردا داۋالاش قويۇقلۇق دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ. ئاساسلىقى ئەسلى پېتى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۆۋەنكى نەپەس يولى، سۈيدۈك يولى، تېرە، يۇمشاق توقۇلما، قورساق بوشلۇقى يۇقۇملىنىش، ئاياللار ـ تۇغۇت بۆلۈمىدىكى يۇقۇملىنىش، سېپتىتسېمىيە ھەمدە نېيترال دانىچە ھۈجەيرىلەر كېمىيىش خاراكتېرلىك قىزىش قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش خاراكتېرلىك داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ۋېناغا تېمىتىلىدۇ ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. چوڭلار ۋە 12 ياشتىن يۇقىرى بالىلارنىڭ

دائىملىق مىقدارى كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 1g بولۇپ، 7 ~ 10 كۈن بىر داۋالاش كۇرسى قىلىنىدۇ، يۇقۇملىنىش ئېغىر بولغانلارغا داۋالاش مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ. بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلارغا كرېئاتىنىنىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە قاراپ دورا مىقدارى تەڭشىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 سېفالوسپورىن تۈرىدىكى باشقا دورىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاشقازان - ئۈچەي يولى ئالامەتلىرى ۋە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىسى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 L - ئارگىنىن (L—精氨酸)، سېفالوسپورىن تۈرىدىكىلەر، پېنىتسىللىن ۋە ياكى باشقا β - لاكتام تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلارغا نىسبەتەن زىيادە سەزگۈرچانلىق رېئاكسىيىسى كۆرۈلىدىغانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ماكسىپىم ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن.
پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.5g، بوتۇلكا/1g.

## سېفمېتازول
(头孢美唑，Cefmetazole)

【باشقا نامى】 سېفمېتازون (先锋美他醇).

【ئاساسىي تەركىبى】 ناترىي سېفمېتازون.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى گرام مۇسبەت، گرام مەنپىي باكتېرىيە ۋە ئوكسىگېندىن قاچقۇچى باكتېرىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئېنزىمغا چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، گرام مەنپىي باكتېرىيە ۋە ئوكسىگېندىن قاچقۇچى باكتېرىيىگە بولغان باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى 1 - ئەۋلاد سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلارغا قارىغاندا كەڭ بولىدۇ. ۋېناغا ئوكۇل قىلىنسا بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ، $t_{1/2}$ 1h بولۇپ، ئاساسەن ئەسلى پېتى بۆرەكتىن چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۆپكە ياللۇغى، كانايچە ياللۇغى، ئۆت يولى يۇقۇملىنىش، قورساق پەردىسى ياللۇغى، سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقۇملىنىش، بالىياتقۇ ۋە قوشۇمچىلىرى يۇقۇملىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. چوڭلارغا كۈنىگە 2g ~ 1 ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 100mg ~ 135، 4 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. ئېغىر ۋە جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە دورا مىقدارىنى كۆپەيتىشكە بولىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** زىيادە سەزگۈرلۈك، مەسىلەن: يەلتاشما، ئەسۋە، دورا قىزىتمىسى قاتارلىقلار قىسمەن چاغلاردا كۆرۈلىدۇ، يەنە شوك پەيدا قىلىدۇ. BUN نىڭ يۇقىرىلىشى تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ. كىسلاتا خۇمار دانىچە ھۈجەيرىلەر كۆپىيىش، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى ۋە قىزىل قان ھۈجەيرىلىرى ئازىيىشلارمۇ كۆرۈلىدۇ. بەزى بىمارلاردا GPT ۋە ALP لار يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىمارلاردا ساختا پەردىلىك ئۈچەي ياللۇغى پەيدا بولىدۇ، تەسۋىسمان زەمبۇرۇغدىن تەكرار يۇقۇملىنىشنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: تەسىرى كۈچلۈك، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلسە بۆرەكنىڭ زەخىملىنىشىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ؛ ئېتانولنىڭ نورمال مېتابولىزملىنىشىغا كاشىلا قىلىدۇ. ② دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈر كىشىلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: زىيادە سەزگۈرلەر ۋە بۆرەك ئىقتىدارى زەخىملەنگەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** سېفمېتازون ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.25g، بوتۇلكا/0.5g، بوتۇلكا/1g، بوتۇلكا/2g، قاپ/بوتۇلكا 10.

# لوراكاربېف
## (氯碳头孢，Loracarbef)

【باشقا نامى】 لورابىد (乐君毕，Lorabid)

【ئاساسىي تەركىبى】 لوراكاربېف

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 تەسىر قىلىش مېخانىزمى باشقا β ـ لاكتام تۈردىكى ئانتىبىئوتىك دورىلارغا ئوخشاش. ھەرخىل باكتېرىيىلەر پەيدا قىلىدىغان β ـ لاكتامازاغا نىسبەتەن تۇراقلىق، ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ. Tmax 1.0 ~ 1.3h ، $t_{1/2}$ بولسا 1.0 ~ 1.5h ، ئاساسلىقى بۆرەكتىن چىقىرىلىدۇ، بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلارنىڭ $t_{1/2}$ ئۇزىرايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان چوڭلار ۋە بالىلارنىڭ نەپەس يولى، سۈيدۈك سىستېمىسىدىكى يۇقۇملىنىش، ئايallar بۆلۈمى، بەش ئەزا بۆلۈمى ۋە تېرە، يۇمشاق توقۇلمىلاردىكى يۇقۇملىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يۇتقۇنچاق ياللۇغى، بادام بەز ياللۇغى، كانايچە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلار، تېرە ۋە يۇمشاق توقۇلمىلار يۇقۇملانغان بىمارلار: چوڭلارغا كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 200mg دىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ، بالىلارغا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 7.5 ~ 15mg ، كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىشكە بېرىلىدۇ. ئۆپكا ياللۇغى، بۆرەك ياللۇغى، بۆرەك جامى بۆرەك ياللۇغى بىمارلىرىغا كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا 400mg ئىچىشكە بېرىلىدۇ، دوۋساق ياللۇغى ۋە سۈيدۈك يولى ياللۇغى بىمارلىرىغا كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 200mg ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاساسلىقى ئاشقازان ـ ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى كۆرۈلىدۇ، زىيادە سەزگۈرلۈك ئالامەتلىرى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 باشقا سېفالوسپورىن تۈردىكى دورىلارنىڭكىگە ئوخشاش.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 لورابىد ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 200mg/دانە ، 400mg/دانە ، 30 دانە/بوتۇلكا؛ قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى: 100mg/5ml ، 50mg/بوتۇلكا.

## سېفترىئاكسون
(头孢曲松，Ceftriaxone)

【باشقا نامى】 روتسېفىن (罗氏芬，Rocephin)، سېفىن (泛生舒复，Cefin).

【ئاساسىي تەركىبى】 ناترىي سېفترىئاكسون.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 يېرىم سىنتېزلەنگەن 3 - ئەۋلاد سېفالوسپورىن تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورا. گرام مۇسبەت باكتېرىيىگە نىسبەتەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك قارشى تەسىرى بار، گرام مەنپىي باكتېرىيىگە بولغان تەسىرى كۈچلۈك، ئەمما گەندە زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيىسى ۋە يېڭى پېنىتسىللىنغا چىدامىلىق ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى بۇ دورىغا چىدامىلىق، ئىچىسە سۈمۈرۈلمەيدۇ، بەدەندە كەڭ تارقىلىدۇ، مېڭە قان توسۇقىدىن ئۆتۈپ، باش سۇيى ۋە سۆڭەك توقۇلمىلىرىغا كىرەلەيدۇ. $t_{1/2}$ 6 ~ 8h، ئاساسلىقى ئەسلى پېتى بۆرەكتىن چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۆپكە ياللۇغى، كانايچە ياللۇغى، قورساق پەردە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى ھەمدە تېرە ۋە يۇمشاق توقۇلمىلار، سۈيدۈك يولى، ئۆت نەيچىسى، سۆڭەك ۋە بوغۇم، بەش ئەزا، جاراھەت يۈزى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ، سېپتىتسېمىيە ۋە مېڭە پەردە ياللۇغىنى داۋالاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، چوڭلاردىكى ئادەتتىكى يۇقۇملىنىشلارغا 0.5 ~ 2.0g كۈنىگە بىر قېتىم؛ ئېغىر يۇقۇملىنىشلارغا كۈنىگە 2g ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلىنىدۇ. سۆزنەككە كۈنىگە بىر قېتىم 250mg ئىشلىتىلىدۇ. بالىلارغا ئادەتتە چوڭلار دورا مىقدارىنىڭ 1/2 ى ئىشلىتىلىدۇ. بوۋاق ۋە گۆدەكلەرگە كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 20 ~ 80mg، دورا بېرىش ئارىلىقى 24h بولىدۇ، ۋېناغا تېمىتقاندا بىر قېتىملىق مىقدارى 1g ياكى كۈنلۈك مىقدارى 2g بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان، ئۈچەي يولى سىستېمىسى رېئاكسىيىسى، قان سىستېمىسى رېئاكسىيىسى، ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە

ۋە باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئامىنوترانسفېرازا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، قان زەردابىدىكى كرېئاتىنىن ئۆرلەش، كۆپىيىش سىستېمىسى زەمبۇرۇغ كېسىلى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. قىسمەن بىمارلاردا ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن ۋېنا ياللۇغى پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە بىر - بىرىنى كۈچەيتىش ياكى ماسلىشىش تەسىرى كۆرۈلىدۇ، ئەمما بۇ ئىككى دورىنى ئايرىپ ئىشلىتىش كېرەك. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: زىيادە سەزگۈرلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ياش- ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارغا ئىشلەتكەندە قىسمەن چاغلاردا ئۆتتە تاش پەيدا قىلىدۇ؛ جىگەر، بۆرەك ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشكەنلەرگە ئىشلەتكەندە قان رايىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 روتسېفىن، شۆيپىتسارىيىدە ئىشلەنگەن. بوتۇلكا/0.25g ، بوتۇلكا/0.5g ، بوتۇلكا/1g ، بوتۇلكا/12g . سېفىن تەيۋەندە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.25g ، بوتۇلكا/1g .

## سېفوكسىتىن
(头孢西丁, Cefoxitin)

【باشقا نامى】 مېفوكسىن (美福仙, Mefoxin) .

【ئاساسىي تەركىبى】 سېفوكسىتىن

【فارماگولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 گرام مۇسبەت باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى ئاجىز، گرام مەنپىي باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى كۈچلۈك، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، ئۈچەي شارچە باكتېرىيىسى ۋە يېپىق ئېرىق تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ كۆپ ساندىكى باكتېرىيە تۈپىگە نىسبەتەن سەزگۈر ئەمەس، مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا Tmax 20 ~ 30min بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۆۋەنكى نەپەس يولى، سۈيدۈك، كۆپىيىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىستېمىسى، قورساق بوشلۇقى، سۆڭەك ۋە بوغۇم، تېرە ۋە يۇمشاق توقۇلما قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ، سېپتىتسېمىيىگىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، چوڭلارغا كۈنىگە 4 ~ 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2g ~ 1 ئىشلىتىلىدۇ، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا كرېئاتىنىنىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە ئاساسەن دورا بېرىش لايىھىسى بېكىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغان ئورۇن ئاغرىيدۇ، رېئاكسىيە بېرىش ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، نېيترال دانىچە ھۈجەيرىلەر كېمىيىش، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى نورماللىسىزلىنىش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 كۆپ ساندىكى سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلار بىلەن قارىمۇ قارشى تەسىر پەيدا قىلىدۇ، بىرلىكتە ئىشلىتىلسە باكتېرىيىگە قارشى داۋالاش ئۈنۈمى ئاجىزلايدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مېفوكسىن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: بوتۇلكا/1g.

## سېفوتاكسىم
(头孢噻肟, Cefotaxime)

【باشقا نامى】 كلافوران (凯福隆, Claforan)، سېفومىك (菌必灭, Cefomic)، سېفاجېت (凯福捷, Cefajet).

【ئاساسىي تەركىبى】 سېفوتاكسىم

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 يېرىم سىنتېزلەنگەن كەڭ تەسىرلىك باكتېرىيىگە قارشى 3 ـ ئەۋلاد سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورا بولۇپ، زەنجىرسىمان شار باكتېرىيىسى (ئۈچەي شار باكتېرىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا) گە قارشى تۇرۇش تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك. گرام مەنپىي باكتېرىيىگە بولغان تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، يېپىق ئېرىق تاياقچە باكتېرىيىسى، ئاجىز تاياقچىسىمان باكتېرىيە قاتارلىقلار بۇ دورىغا ئانچە سەزگۈر ئەمەس، ئىچكەندە سۈمۈرۈلمەيدۇ، مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا، Tmax 0.5h، $t_{1/2}$ تەخمىنەن

1.13h بولىدۇ، قان پلازمىسى ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 45% ~ 30 بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەپەس يولى، سۈيدۈك يولى، سۆڭەك، بوغۇم، تېرە، يۇمشاق توقۇلمىلار، قورساق بوشلۇقى، ئۆت نەيچىسى، ھەزىم يولى، بەش ئەزا، نەسىللىنىش ئەزالىرى قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ، كۆيۈك، زەخىملىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يۇقۇملىنىش ھەمدە سېپتىتسېمىيە، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ يۇقۇملىنىشىغىمۇ ئۈنۈم بېرىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، چوڭلارغا كۈنىگە 4~2 قېتىم، ھەر قېتىم 1g~0.5، ئادەتتىكى يۇقۇملىنىشقا كۈنىگە 2g، ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ ئوتتۇرا دەرىجىدە ياكى بىر قەدەر ئېغىر يۇقۇملانغانلارغا كۈنىگە 6g~3، ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ سېپتىتسېمىيەگە گىرىپتار بولغانلارغا كۈنىگە 8g ~ 6، 4 ~ 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ ناھايىتى ئېغىر يۇقۇملانغانلارغا ئىشلىتىلىش مىقدارى كۈنىگە 12g دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ ھەمدە ئالتە قېتىمغا بۆلۈپ ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ سۆزنەك كېسەللىرىگە 1g مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 100mg ~ 50، 3 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلىنىدۇ. بوۋاق ۋە ئۆسمۈر بالىلارغا مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتكەندە تەكرار يۇقۇملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەسىلەن: تەسۋىسىمان زەمبۇرۇغ كېسىلى، ساختا پەردىلىك ئۈچەي ياللۇغى قاتارلىقلار.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 پېنىتسىللىن تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەر ۋە زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر زەخىملەنگەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كلافوران گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.5g، بوتۇلكا/1g، بوتۇلكا/2g.

سېفومىك تايلاندا ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: ئامپۇل/1g.

سېفاجېت ھىندىستاندا ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.25g،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوتۇلكا/0.5g ، بوتۇلكا/1g .

## لاتاموكسېف
(拉氧头孢，Latamoxef)

【باشقا نامى】 شيومارىن (噻吗灵，Shiomarin) .
【ئاساسىي تەركىبى】 لاتاموكسېف
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 يېرىم سىنتېزلەنگەن β - لاكتام تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورا، گرام مۇسبەت ۋە گرام مەنپىي باكتېرىيىلەرگە نىسبەتەن باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى كەڭ بولۇپ، β - لاكتامازاغا چىدامىلىق، $t_{1/2}$ ، 1.8 ~ 2.4h .
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، Klebsiella باكتېرىيىسى، سېرراتسىيە باكتېرىيىسى (沙雷菌) قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سېپتىتسېمىيە، مېڭە پەردە ياللۇغى، نەپەس يولى يۇقۇملىنىش، جىگەر، ئۆت يولى يۇقۇملىنىش، قورساق پەردە ياللۇغى، سۈيدۈك يولى ۋە كۆپىيىش سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ ئېغىر يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلارغا كۈنىگە 2g ~ 1 ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ ۋە ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 80mg ~ 40 ، 4 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىرلارغا ھەسسىلەپ ئىشلىتىلىدۇ.
【ناچار تەسىرى】 شوك ئالامەتلىرى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ. ئەسۋە، يەلتاشما، BUN ئۆرلەش، سۈيدۈكتىن ئاقسىل كېلىش، قىزىل قان ھۈجەيرىسى ۋە دانىچە ھۈجەيرىلەر ئازىيىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ؛ قىزىش، يۆتىلىش، نەپەس قىيىنلىشىش، كىسلاتا خۇمار دانىچە، ھۈجەيرىلەر كۆپىيىش، زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك يۇزە تېرە نېكروزلىنىش، ۋىتامىن K يېتىشمەسلىك كېسىلى، ۋىتامىن E يېتىشمەسلىك كېسىلى، باكتېرىيىلەر توپى ئالمىشىش ئالامەتلىرى، باش ئاغرىش، چارچاش قاتارلىقلار ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: فۇروزېمىد (呋噻咪) قاتارلىق يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتكەندە، بەزى چاغلاردا بۆرەكنى زەھەرلەش خۇسۇسىيىتى كۈچىيىپ كېتىدۇ؛ ئېتانول بىلەن بىللە ئىشلەتكەندە دىسۇلفىرام (双硫仑) دەك تەسىر پەيدا قىلىدۇ؛ ئىچىدىغان قان ئۇيۇشقا قارشى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلسە، قاناش خەتىرى كېلىپ چىقىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە تارىخى بارلار ۋە لىدوكائىن ياكى فېنول ئامىن تۈرىدىكى يەرلىك ئورۇننى ناركوز قىلغۇچى دورىلارغا نىسبەتەن ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە تارىخى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ ③ باشقىلار: مەزكۇر بىمار ياكى ئاتا - ئانا، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ئىچىدە كانايچە زىققىسى، ئەسۋە، يەلتاشما قاتارلىق زىيادە سەزگۈرلۈك كۆرۈلگەن بىمارلار، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغانلار، ئېغىزدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش ياخشى بولماي ئېغىزدىن سىرتقى يوللار ئارقىلىق ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلغۇچىلار، ياشانغانلار، بەدەن ھالىتى ناچارلاشقانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بوۋاق ۋە ئۆسمۈر بالىلارغا مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 شيومارىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.25g، بوتۇلكا/0.5g، بوتۇلكا/1g.

## · سېفوتىئام

(头孢替安, Cefotiam)

【باشقا نامى】 پانسپورىن pansporin,泛司博林.

【ئاساسىي تەركىبى】 سېفوتىئام.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 2 - ئەۋلاد يېرىم سىنتېزلەنگەن سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورا بولۇپ، گرام مۇسبەت باكتېرىيىگە بولغان تەسىرى ئانسېف (头孢唑啉) غا ئوخشاپ كېتىدۇ، گرام مەنپىي باكتېرىيىگە بولغان تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. ئىچكەندە سۈمۈرۈلمەيدۇ، مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا 0.5h Tmax بولىدۇ، مېڭە - يۇلۇن سۇيۇقلۇقىغا ئۆتۈشچانلىقى كىرەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يۇقۇملىنىشلار، مەسىلەن: ئۆپكە ياللۇغى، كانايچە ياللۇغى، ئۆت يولى يۇقۇملىنىش، قورساق پەردىسى ياللۇغى، سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ياكى زەخىملىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان يۇقۇملىنىش ۋە سېپتىسېمىيە قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. چوڭلارغا كۈنىگە 2g ~ 1 ، 4 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلىنىدۇ، ئېغىر يۇقۇملىنىشلارغا كۈنىگە 4g غىچە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئۇچەي يولى باكتېرىيە توپىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىككىلەمچى يۇقۇملىنىش تاسادىپىي كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قورساق ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، زىيادە سەزگۈرلۈك ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ، GPT ۋاقىتلىق ئۆرلەپ، دورا توختىتىلغاندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ، قان رايىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلسە، بۆرەك زەخىملىنىش ئېغىرلىشىشى مۇمكىن؛ تەسىرى كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە بۆرەك زەخىملىنىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پېنىتسىللىن ۋە سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا دورا مىقدارىنى ئازايتىش ياكى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم؛ بۇ دورا كۆپ مىقداردا ۋېناغا ئوكۇل قىلىنسا قان تومۇر خاراكتېرلىك ئاغرىش ۋە قان نۆكچىسى خاراكتېرلىك ۋېنا ياللۇغى كېلىپ چىقىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 پانسپورىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/1g.

# سېفودىزىم

(头孢地嗪，Cefodizime)

【باشقا نامى】 مودىۋىد (莫迪，Modivid) 莫敌.

【ئاساسىي تەركىبى】 سېفودىزىم.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئىممۇنىتلىق ئىقتىدارنى ئاشۇرالايدىغان سېفالوسپورىن تۆرىدىكى دورا بولۇپ، β - لاكتامازاغا تۇراقلىق، ئوكسىگېندىن قاچقۇچى باكتېرىيە ۋە ئوكسىگېن خۇمار باكتېرىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ ساندىكى گرام مەنپىي باكتېرىيە ۋە مۇسبەت باكتېرىيەلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دورا بېرىلگەندىن كېيىن تارقىلىشى تېز ۋە كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيەلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرخىل يۇقۇملىنىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ ۋە ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. چوڭلارغا كۈنىگە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 1.0 ～ 2.0g ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە، ئاشقازان - ئۈچەي رېئاكسىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، GPT ۋە بىلىرۇبىننى ئۆرلىتىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتكەندە ئاق قان ھۈجەيرىلىرى كېمىيىش ياكى كەم ئۇچرايدىغان دانىلىق ھۈجەيرىلەر كەملىك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: پروبېنىتسىد (丙磺舒) بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتكەندە بۇ دورىنىڭ چىقىرىلىشىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ. ئامىنوگلىكوزىد، ئامفوتېرتسىن (两性霉素)، سىكلوسپورىن (环孢霉素)، سىسپلاتىن (顺铂)، ۋاكوسىن (万古霉素)، پولىمىكسىن E (多粘菌素 E) قاتارلىق بۆرەكنى يوشۇرۇن زەھەرلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، بۆرەكنى زەھەرلەش خۇسۇسىيىتى ئارتىدۇ؛ ئۈنۈمى كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلارغا قوشۇپ ئىشلىتىلسە، بۆرەكنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زەخىملەندۈرىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: سېفالوسپورىن ۋە پېنىتسىللىن تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ھەمدە ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش كېرەك؛ مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا ئاغرىتسا، 1% لىدوكائىن ئىشلىتىپ ئاغرىق پەسەيتىشكە بولىدۇ، ئەمما ۋېناغا ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مودىۋىد گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.5g، بوتۇلكا/1.0g، بوتۇلكا/2.0g.

## 3§ . β ـ لاكتام تۈرىدىكى باشقا دورىلار

### ئىمىپېنېم/ سىلاستاتىن
(西司他汀，Cilastatin/Imipenem，亚胺培南)

【باشقا نامى】 泰能، تىئېنام (泰宁，Tienam).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئىمىپېنېم ۋە ناترىي سىلاستاتىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 كۆپ ساندىكى گرام مۇسبەت، مەنپىي باكتېرىيە ۋە ئوكسىگېندىن قاچقۇچى باكتېرىيىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۈنۈم بېرىدۇ، بولۇپمۇ كۆپ خىل باكتېرىيىدىن بىرلىكتە يۇقۇملىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. β ـ لاكتام تۈرىدىكى باشقا دورىلارغا سېلىشتۇرغاندا، باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى كەڭ، ئاكتىپچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، دورىغا گىرەلەشمە چىدامچانلىق ئوڭاي پەيدا بولمايدۇ. مەزكۇر دورا بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ، $t_{1/2}$ 1h بولىدۇ، ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرخىل يۇقۇملىنىشلارغا، بولۇپمۇ ھەرخىل باكتېرىيىلەردىن ئارىلاشما يۇقۇملىنىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، چوڭلارغا كۈنىگە 1.5 ~ 2g، 2 ~ 1 قېتىمغا بۆلۈپ ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئېغىر يۇقۇملىنىش ۋە يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسىدىن يۇقۇملىنىشتا كۈنىگە 3 ~ 4g، 3 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ، سۈيدۈك يولى

يۇقۇملىنىشىغا كۆنىگە 2g ~ 1 ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئومۇمىي مىقدارى هەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 50mg دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بالىلارغا كۈنىگە هەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 80mg ~ 30، كېسەللىك ئېغىرلارغا هەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 100mg، هەر 8h ~ 6 تە بىر قېتىم مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئوكۇل قىلىنغان ئورۇن ئاغرىش، قىزىل داغ، قاتتىق تۈگۈن ۋە ۋېنا ياللۇغى دائىم كۆرۈلىدۇ. ئاشقازان - ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى ۋە زىيادە سەزگۈرلۈك ئالامەتلىرىنىمۇ پەيدا قىلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: پىروبېنىسىد (丙氧鸟甘) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە تۈتقاقلىق قوزغىلىدۇ؛ ② باشقىلار: هامىلىدارلار ۋە پېنىتسىللىنغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بالىلارغا مۇسكۇلدىن ئوكۇل قىلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تىئېنام ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.25g، بوتۇلكا/0.5g.

## مېروپېنېم
## (美罗培南，Meropenem)

【باشقا نامى】 مېپېم (美平，Mepem).

【ئاساسىي تەركىبى】 مېروپېنېم.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 كاربېنېم (碳青霉烯) تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورا بولۇپ، ئورگانىزمدىكى بۆرەك دېھىدروپېپتىدازا (脱氢肽梅) غا نىسبەتەن تۇراقلىق، باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى كەڭ بولۇپ، گىرام مۇسبەت، گىرام مەنپىي ۋە ئوكسىگېنسىز قاچقۇچى باكتېرىيىلەرنىڭ ھەممىسىگە ناھايىتى سەزگۈر، بولۇپمۇ گىرام مەنپىي باكتېرىيىگە بولغان تەسىرى كۈچلۈك، ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ، بەلغەم، ئۆپكە توقۇلمىسى، ئۆت سۈيۇقلۇقى، ئۆت خالتىسى، قورساق بوشلۇقى سىرغىما سۇيۇقلۇقىغا ياخشى تارقىلىدۇ، $t_{1/2}$ 1h بولۇپ، ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئوتتۇرا ۋە ئېغىر دەرىجىلىك يۇقۇملىنىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، چوڭلارغا كۈنىگە 1g ~ 0.5، 3 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ، كېسىلى ئېغىرلارغا كۈنىگە 2g غىچە كۆپەيتىلىدۇ.
【ناچار تەسىرى】ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە، هەزىم سىستېمىسى، قان سىستېمىسى ئالامەتلىرى بەزىدە كۆرۈلىدۇ. تەكرار يۇقۇملىنىش ۋە جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملىنىش تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: مەزكۇر دورا تەركىبىگە نىسبەتەن زىيادە سەزگۈرلۈكتىن بولغان شوك پەيدا بولۇش تارىخى بارلار ۋە سودىئۇم ۋاپروئات (丙戊酸钠) ئىشلىتىلىۋاتقان تۇتقاق كېسىلى بىمارلىرىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: سېفالوسپورىن تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ۋە زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا ئېهتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، ياشانغان بىمارلار ۋە جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغۇچىلارغا ئىشلەتكەندە ئېهتىيات قىلىش لازىم.
【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مېيپېم ياپونىيىدە ئىشلەنگەن.
پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.25g، بوتۇلكا/0.5g.

## پانىپېنېم/بېتامىپرون
(培他米隆, Betamipron/Panipenem, 帕尼培南)

【باشقا نامى】 كاربېنىن (克倍宁, Carbenin)
【ئاساسىي تەركىبى】 پانىپېنېم ۋە بېتامىپرون.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئالتۇن رەڭلىك ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، ئۈچەي شارچە باكتېرىيىسىنى ئاساس قىلغان گرام مۇسبەت باكتېرىيە، چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسىنى ئاساس قىلغان گرام مەنپىي باكتېرىيە، تاياقچىسىمان باكتېرىيە قاتارلىقلارغا قارشى تەسىرى بار.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرخىل يۇقۇملىنىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، چوڭلارغا كۈنىگە 1g ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. ئېغىر كېسەللەر ياكى جاھىل خاراكتېرلىك يۇقۇملانغان بىمارلارغا 2g غىچە كۆپەيتىلىپ، ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. بالىلارغا ئادەتتە كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 30～60mg ، ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. ئېغىر ياكى جاھىل خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىشلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 100mg غىچە كۆپەيتىلىپ، 4 ～ 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاساسلىقى ئەسۋە، سىيىق كېكىرىش، قۇسۇش، GPT ، GOT يۇقىرىلاش، كىسلاتا خۇمار دانىچە ھۈجەيرىلەر كۆپىيىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: مەزكۇر دورا تەركىبىگە زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: كاربېنېم (碳青霉烯 تۈرىدىكى دورىلار، پېنىتسىللىن ياكى سېفالوسپورىن تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلار ياكى شۇ كىشى ۋە ياكى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانا، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ئىچىدە زىيادە سەزگۈرلۈك ئالامەتلىرى پەيدا بولغان ۋە زىيادە سەزگۈرلەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغۇچىلار، ھامىلدارلار، ئاي كۈنى توشماي تۇغۇلغان بالىلار، يېڭى تۇغۇلغان بالىلار قاتارلىقلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كاربېنىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.25g ، بوتۇلكا/0.5g .

## ئازترېئونام

(氨曲南，Aztreonam)

【باشقا نامى】 ئازاكتام (君刻单，Azactam) .

【ئاساسىي تەركىبى】 ئازترېئونام.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 يەككە ھالقىلىق β ـ لاكتام تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورا، كۆپ ساندىكى گرام مەنپىي ئوكسىگېن خۇمار

www.uyghurkitap.com

باكتېرىيىلەرگە نىسبەتەن باكتېرىيىگە قارشى يۇقىرى ئاكتىپچانلىققا ئىگە، يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسىدىن سىرت، بىر قىسىم ساختا يەككە سپورىلىق زەمبۇرۇغ ئۇرۇقدىشى ۋە ھەرىكەتسىز باكتېرىيىلەر ئۇرۇقدىشىغا نىسبەتەن باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى بىر قەدەر ئاجىز، ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە ئۇرۇقدىشى، زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە ئۇرۇقدىشى قاتارلىق ئوكسىگېن خۇمار گرام مۇسبەت باكتېرىيە ھەمدە ئوكسىگېندىن قاچقۇچى باكتېرىيىلەرگە قارىتا باكتېرىيىگە قارشى ئاكتىپچانلىقى بولمايدۇ، بۇ دورىنى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا سۈمۈرۈلۈشى تېز ھەم تولۇق بولىدۇ، مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنسا 1h Tmax ئەتراپىدا، ئاقسىل بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 65% ~ 40 بولىدۇ ھەمدە بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ، تەخمىنەن 70% ى ئەسلى پېتى سۈيدۈكتىن چىقىرىلىدۇ، 1.5 ~ 2h $t_{1/2}$

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بۇ دورىغا سەزگۈر گرام مەنپىي ئوكسىگېن خۇمار باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش، تۆۋەنكى نەپەس يولى يۇقۇملىنىش، سېپتىتسېمىيە، ئۆت نەيچىسى ۋە قورساق بوشلۇقى يۇقۇملىنىش، ئاياللار بۆلۈمىدىكى يۇقۇملىنىش، ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى يارا ئېغىزى ۋە كۆيۈك، يارا قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. چوڭلارنىڭ ئادەتتىكى يۇقۇملىنىشىغا كۈنىگە 1g ~ 0.5، ئوتتۇرا، ئېغىر دەرىجىدىكى يۇقۇملىنىشلارغا 2g غىچە كۆپەيتىلىپ، 12h ~ 8 تە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا كرېئاتىنىننىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە ئاساسەن دورا بېرىش لايىھىسى بېكىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش ھەمدە تېرە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىسى كۆرۈلىدۇ، ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، پەرق ئېتىش قىيىن بولغان موكىسىمان باكتېرىيە خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان - ئۈچەي قاناش، سويۇلۇشچان تېرە ياللۇغى، جىگەر - ئۆت سىستېمىسى زەخىملىنىش، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى رېئاكسىيىسى ۋە مۇسكۇل ئاغرىش قاتارلىقلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا

يەرلـىك ئورۇن يىقىمسىزلىنىش سىزىمى پەيدا بولىدۇ، ۋېنادىن دورا بېرىلسە قىسمەن چاغلاردا ۋېنا ياللۇغى كېلىپ چىقىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: سېفرادىن (头孢拉定)، مېترونىدازول (甲硝唑) بىلەن بىرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا نىسبەتەن ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە پەيدا بولغۇچىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ ③ باشقىلار: زىيادە سەزگۈرلەر ۋە β - لاكتام تۈرىدىكى باشقا ئانتىبىئوتىك دورىلار ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلغۇچىلارغا، شۇنداقلا ھامىلىدارلار، بوۋاق ۋە گۆدەك بالىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】ئازاكتام ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن.
پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/500mg.

## § 4 . ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى دورىلار

### سپېكتىنومىتسىن
(壮观霉素, Spectinomycin)

【باشقا نامى】 تروبىتسىن (淋必治, Trobicin)، توگوپلۇس (高巴斯, Togoplus)، كىرىن (克利宁, Kirin)، 大观霉素.

【ئاساسىي تەركىبى】 سپېكتىنومىتسىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورا بولۇپ، گرام مۇسبەت ۋە مەنپىي باكتېرىيىلەرگە قارشى تەسىرگە ئىگە، ئەمما ئادەتتە تەسىرى بىرقەدەر ئاجىز بولىدۇ. ئاساسلىقى سۆزنەك شارچە باكتېرىيىسىگە ئالاھىدە ئۈنۈم بېرىدۇ. ئىچكەندە سۈمۈرۈلمەيدۇ، مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنسا ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 1h بولۇپ، ئاساسەن بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. t$_{1/2}$ 5h،

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 مەزكۇر دورىغا سەزگۈر Neisseria سۆزنەك شارچە باكتېرىيىسىدىن يۇقۇملىنىشتىن كېلىپ

www.uyghurkitap.com

چىقىدىغان ئەرلەردىكى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك سۆزنەك باكتېرىيىسى سۈيدۈك يولى ياللۇغى ۋە تۈز ئۈچەي ياللۇغى، ئاياللاردىكى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك بالىياتقۇ بوينى ياللۇغى ۋە تۈز ئۈچەي ياللۇغىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 2g (5ml) ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر 4g(10ml) ئوكۇل قىلىشقا توغرا كەلسە، 10ml دورىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا ساغرا قىسمىنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپىگە ئوكۇل قىلىش لازىم.

【ناچار تەسىرى】 ئوكۇل قىلىنغان ئورۇن ئاغرىش، يەلتاشما، باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، تىترەش، قىزىش، سۈيدۈك مىقدارى ئازىيىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: لىتىي ياسالمىلىرى بىلەن بىللە ئىشلەتكەندە، لىتىي ياسالمىسىدىن زەھەرلىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: سىفلىسنى داۋالاشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ؛ مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تروبىتسىن بېلگىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/2g.

توگوپلۇس ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: بوتۇلكا/2g.

كىرىن سىپرۇستا ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/2g.

•

## نېتىلمىتسىن
(奈替米星，Netilmicin)

【باشقا نامى】 نېترومىتسىن (力确兴，Netromycin)، 力克菌星.

【ئاساسىي تەركىبى】 نېتىلمىتسىن سۇلفات (硫酸奈替米星).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورا بولۇپ، تۆۋەن قويۇقلۇقتىلا گرام مەنپىي باكتېرىيە ۋە ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، سۆزنەك Neisseria شارچە باكتېرىيىسى قاتارلىق كېسەل پەيدا قىلغۇچى كۆپ خىل باكتېرىيىلەرنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى

تۆۋەن بولىدۇ. $t_{1/2}$ 2.5h ، ئەمما دورا مىقدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەدەندە مېتابولىزملانمايدۇ، ئاساسىي ئەزالار ۋە بەدەن سۇيۇقلۇقىغا كەڭ تارقىلىدۇ، ئەمما مېڭە - يۇلۇن سۇيۇقلۇقى ۋە ئۆت سۇيۇقلۇقىدىكى قويۇقلۇقى بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ. دورىنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەپەس سىستېمىسى، سۈيدۈك يولى، كۆپىيىش سىستېمىسى قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشى ھەمدە تېرە، يۇمشاق توقۇلما، سۆڭەك، بوغۇم، زەخىملەنگەن ئورۇن قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. چوڭلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 6mg ~ 4 ، ھەر 8h تە بىر قېتىم ياكى ھەر 12h تە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ، ئېغىر يۇقۇملانغانلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 7.5mg غىچە كۆپەيتىشكە بولىدۇ. بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 7.5mg ~ 6 ، ھەر 8h تە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 6mg ھەر 12h تە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغان بىمارلارغا دورا بېرىش ئارىلىقىنى ئۇزارتىش ياكى دورا مىقدارىنى كېمەيتىش كېرەك.

【ناچار تەسىرى】 بۆرەك ۋە نېرۋىنى زەھەرلەيدۇ، بۆرەك فۇنكسىيىسى ۋە سەككىزىنچى جۈپ مېڭە نېرۋىسىنى زەخىملەندۈرىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا ياكى ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى باشقا دورىلارغا نىسبەتەن ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ۋە ئېغىر زەھەرلەش رېئاكسىيىسى پەيدا بولغۇچىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: بۇ دورىنى ئىشلەتكەندە بۆرەك فۇنكسىيىسى ۋە سەككىزىنچى جۈپ مېڭە نېرۋىسى ئىقتىدارىنىڭ ئۆزگىرىشىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرۇش، يوشۇرۇن ھالدا نېرۋىنى زەھەرلەيدىغان ياكى بۆرەكنى زەھەرلەيدىغان باشقا دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 نېترومىتسىن بېلگىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 50mg/2ml ، ھەر ئامپۇلى 200mg/2ml .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 5 § . ماكرولىدىس تۈردىكى دورىلار

### ئازىترومىتسىن
(阿齐霉素，Azithromycin)

**【باشقا نامى】** سۇمامېد (舒美特，Sumamed).
**【ئاساسىي تەركىبى】** ئازىترومىتسىن (阿齐红霉素)
**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** ئازوت ھالقىلىق لاكتون (氮环内脂) تۈردىكى بىرىنچى ئانتىبىئوتىك دورا بولۇپ، بەدەن سىرتىدىكى باكتېرىيىگە قارشى ئاكتىپچانلىقى ئېرىترومىتسىن بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى سەل كۈچلۈك، ئەمما باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى ئېرىترومىتسىندىن سەل كەڭ، بەزى گرام مەنپىي تاياقچە باكتېرىيىلەرگە قارشى ئاكتىپچانلىقى بىرقەدەر ياخشى، مەسىلەن: تارقىلىشچان زۇكام تاياقچە باكتېرىيىسى، ھەربىي قىسىم باكتېرىيىسى قاتارلىقلار. $t_{1/2}$ 60h ~ 40 گە يېتىدۇ.
**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** نەپەس سىستېمىسىنىڭ سەزگۈر باكتېرىيىلەردىن يۇقۇملىنىشى، بۇرۇن كاۋىكى ياللۇغى، ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى، جىنسىي يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن غەيرىي خاس (خلامىدىيە) ۋە سۆزنەك شارچە باكتېرىيىسى مەنبەلىك سۈيدۈك يولى ياللۇغى، بالىياتقۇ بويىنى ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.
**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** چوڭلار كۈنىگە 250mg دىن ئۇدا بەش كۈن ئىچىدۇ، دەسلەپكى قېتىمدا دورا مىقدارى ھەسسىلىنىدۇ ياكى كۈنىگە 500mg، ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچىلىدۇ، بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10mg، ئۇدا ئۈچ كۈن ئىشلىتىلىدۇ، بەدەن ئېغىرلىقى 40mg ~ 25 غىچە بولغان بالىلارغا كۈنىگە 0.125g، ئۇدا بەش كۈن ئىشلىتىلىدۇ، دەسلەپكى قېتىمدا دورا مىقدارى ھەسسىلىنىدۇ، جىنسىي يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە بىر قېتىمدا 1g ئىشلىتىلىدۇ.
**【ناچار تەسىرى】** ئاشقازان ـ ئۈچەي رېئاكسىيىسى تاسادىپىي كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلار، قىسمەن كىشىلەردە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە، مەسىلەن: دورا قىزىتمىسى، ئەسۋە قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، GPT قايتما خاراكتېرلىك

يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار 】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: مەزكۇر دورا ياكى ماكرولىدېس تۈرىدىكى باشقا ئانتىبىئوتىك دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: جىگەر فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.
【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سۇمامېد كورىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/250mg ، تاختا/6 دانە؛ تابلېتى: تابلېت/125mg ، تابلېت/500mg ؛ قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى: 100mg/5ml ، 200mg/5ml ، بوتۇلكا/20ml .

## كلارىترومىتسىن
(克拉霉素，Clarithromycin)

【باشقا نامى】 مېتىل ئېرىترومىتسىن (甲基红霉素)، كلاسىد (克拉仙，Klacid).
【ئاساسىي تەركىبى】 كلارىترومىتسىن.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئېرىترومىتسىننىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، گرام مۇسبەت باكتېرىيىگە قارشى ئاكتىپچانلىقى بىر قەدەر ياخشى، بەدەن سىرتىدىكى باكتېرىيىگە قارشى ئاكتىپچانلىقى ئېرىترومىتسىنغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 60% كە يېتىدۇ.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەپەس سىستېمىسى يۇقۇملىنىش، بۇرۇن كاۋىكى ياللۇغى، ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار كۈنىگە 500 ~ 1000mg نى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئاچ قورساق ئىچىدۇ؛ بالىلار كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 150mg نى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ؛ ھەر قېتىمدا 500mg ، كۈنىگە ئىككى قېتىم ۋېنادىن تېمىتىلىدۇ.
【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان - ئۈچەي يولى يېقىمسىزلىنىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، قورساق ئاغرىش، قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، باش ئاغرىش،

تەم سەزگۈسى نورماللىشىزلىنىش ۋە جىگەردىكى ترانسئامىنازا (肝转氨酶) ۋاقىتلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ دورىنى ئىچكەندە دورا ئەسۋىسى، يەلتاشما، Johnson يىغىندى ئالامەتلىرى قاتارلىق پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىدىغان ئەھۋاللار: ماكرولىدپس تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ ② باشقىلار: جىگەر ئىقتىدارى زەخىملەنگەنلەر، ئوتتۇرا، ئېغىر دەرىجىدىكى بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كلاسىد ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/250mg، قاپ/8 تابلېت؛ تابلېت/500mg، قاپ/10 تابلېت.

ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى، بوتۇلكا/1.5g/60ml؛ تابلېتى: تابلېت/250mg، قاپ/6 تابلېت، قاپ/8 تابلېت.

## روكسىترومىتسىن

(罗红霉素, Roxithromycin)

【باشقا نامى】 رۇلىد (罗力得, Rulide)، رېنىتسىن (罗利宁, Renicin)، ماكرودېكس (迈克罗德, Makrodex)

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئېرىترومىتسىننىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى ۋە تەسىرى ئېرىترومىتسىن بىلەن ئوخشاش، ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلۈپ، بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ، $t_{1/2}$ 16h گە يېتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەپەس سىستېمىسى يۇقۇملىنىش، بۇرۇن كاۋىكى ياللۇغى، ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، سۈيدۈك كۆپىيىش سىستېمىسى ۋە تېرە- يۇمشاق توقۇلمىلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار كۈنىگە

300 ~ 600mg نى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ. بەدەن ئېغىرلىقى 12 ~ 23kg غىچە بولغان بالىلار ھەرقېتىمدا 50mg دىن كۈنگە ئىككى قېتىم ئىچىدۇ؛ 20 ~ 40kg غىچە بولغان بالىلار ھەرقېتىمدا 100mg دىن كۈنگە ئىككى قېتىم ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاساسلىقى يېنىك دەرىجىدىكى ئاشقازان- ئۈچەي يولى يېقىمسىزلىنىش كۆرۈلىدۇ، ئەسۋە قاتارلىق ناچار تەسىرلەر ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 رۇلىد فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېت/50mg، تابلېت/100mg، تابلېت/150mg، تابلېت/300mg، قاپ/10 تابلېت، لەيلىمە ياسالمىسى: خالتا/50mg، قاپ/6 خالتا.

رىنتىسىن سىلوۋېنىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/150mg، قاپ/6 تابلېت، قاپ/10 تابلېت.

ماكرودېكس ھىندونېزىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/150mg، قاپ/6 تابلېت.

## § 6. كۇئىنولون تۈرىدىكى دورىلار

### سىپروفلوكساتسىن
(环丙沙星, Ciprofloxacin)

【باشقا نامى】 سىفران (悉复欢, Cifran)، تېمارىل (特美力, Temaril)، سىپروبېي (西普乐, Ciprobay).

【ئاساسىي تەركىبى】 سىپروفلوكساتسىن لاكتات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 DNA ئايلانما ئېنزىمىنىڭ DNA نىڭ ئاكتىپچانلىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تورمۇزلاش ئارقىلىق باكتېرىيىلەرنى ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە بولىدۇ. گرام مەنپىي تاياقچە باكتېرىيىگە بولغان سەزگۈرلۈكى يۇقىرى، گرام مۇسبەت شارچە باكتېرىيىسىنىڭ بۇ دورىغا بولغان سەزگۈرچانلىقى گرام مەنپىي تاياقچە باكتېرىيىسىگە يەتمەيدۇ. ئۈچەي شارچە باكتېرىيىسى، دورىغا چىدامىلىق

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىسى، تاق يادرولۇق ئاق قان ھۈجەيرىلىرىنى كۆپەيتكۈچى لىستې (利斯特) باكتېرىيىسى، Nocardio (诺卡氏) باكتېرىيە ئۆرۈقدىشى، بۇمانى (布马尼) ھەرىكەتسىز تاياقچە باكتېرىيىسى قاتارلىقلار بۇ دورىغا چىداملىق، بۇ دورىنى ئىچسە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 4h ئەتراپىدا بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرخىل سىستېمىلارنىڭ يۇقۇملىنىشى ۋە يەرلىك ئورۇننىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 200mg دىن كۈنگە 3 ~ 2 قېتىم ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى نورمالسىزلارغا CLr غا ئاساسەن دورا مىقدارى تەڭشىلىدۇ؛ جىگەر فۇنكسىيىسى نورمالسىزلىقتا قورساق سۈيى قوشۇلۇپ كەلگەن بىمارلارغا ئىشلىتىلىدىغان دورا مىقدارى 400mg غا يەتكۈزۈلىدۇ، كۈنىگە كۆپ بولغاندا ئىككى قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. 500mg دىن كۈنگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ. ئەڭ يۇقىرى مىقدارى 750mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ؛ سۆزنەك شارچە باكتېرىيىسى خاراكتېرلىك سۈيدۈك يولى ياللۇغى بولسا 250mg بىر قېتىم ئىچىلىدۇ؛ تۆۋەنكى سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش (ئەگەشمە كېسەللىك بولمىغان) بولسا 250mg دىن كۈنگە ئىككى قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغانلار (كرېئاتىنىننىڭ چىقىرىلىش نىسبىتى 20ml/min دىن تۆۋەنلەر)، جىگەر فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغان ھەم قورساق سۈيى قوشۇلۇپ كەلگەنلەرگە دائىملىق دورا مىقدارىنىڭ 1/2ى ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە ھەر قېتىملىق دورا ئىشلىتىش ئارىلىقى 24h بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يەلتاشما، داغلىق دۆڭچە ئەسۋە، قورساق ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، قورساق كۆپۈش، مۇسكۇل ۋە ياكى بوغۇملار ئاغرىش، نېرۋا سىستېمىسى ئالامەتلىرىدىن، تارتىشىش، خىيالىي سېزىم، باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئۆزىنى مەستەك سېزىش، سېزىم نورمالسىزلىنىش، مېڭە ئىچكى بېسىمى ئۆرلەش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. نېرۋا خاراكتېرلىك سۇلۇق ئىششىق، زىيادە سەزگۈرلۈكتىن بولغان شوك، نۇرغا سەزگۈر تېرە ياللۇغى، قان تومۇر سۆسۈن دېغى، كۆپ شەكىللىك قىزىل داغ، Stevens — Johnson ۋە Lyell

يىغىندى ئالامەتلىرى، ئۆكچە پەي ياللۇغى ۋە ئۆكچە پېيى ئۈزۈلۈش، GPT ، ALP ۋە بىلىروۋىن ئۆرلەش، جىگەر ياللۇغى قاتارلىقلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ؛ ياشانغان بىمارلاردا ئۆتكۈر خاراكتېرلىك قايتما بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىقنى پەيدا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ماشىنا مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋە شوپۇرلاردا نېرۋا فۇنكسىيىسى قالايمىقانلىشىش خەتىرى پەيدا بولىدۇ؛ مۇسكۇلى كۈچسىزلەنگۈچىلەرگە ياكى تارتىشىش تارىخى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سىفران ھىندىستاندا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/250mg ، قاپ/20 تابلېت، ئوكۇلى، ھەر ئامپۇلى 200mg/100ml .

تېمارىل گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى، 250mg ياكى تابلېت/500mg ، قاپ/10 تابلېت، قاپ/20 تابلېت؛ ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 200mg/100ml .

سىپروبېي ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/100mg ، تابلېت/200mg ، قاپ/6 تابلېت، قاپ/12 تابلېت؛ ئوكۇلى، ئامپۇل/20ml ، ئامپۇل/40ml ، بوتۇلكا/100ml ، بوتۇلكا/200ml .

# رۇفلوكساتسىن

(芦氟沙星，Rufloxacin)

【باشقا نامى】 چارى (卡力，Qari)

【ئاساسىي تەركىبى】 رۇفلوكساتسىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئۈزۈن ئۈنۈملۈك يېڭى كۇئىنولون تۈرىدىكى دورا بولۇپ، ئوكسىگېنغا ئېھتىياجلىق گرام مۇسبەت باكتېرىيە، گرام مەنپىي باكتېرىيە، بولۇپمۇ سۈيدۈك يولى ۋە نەپەس يولى يۇقۇملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىك باكتېرىيىسىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. $t_{1/2}$ تەخمىنەن 35h .

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۆۋەنكى نەپەس يولى ۋە سۈيدۈك يولى

يۇقۇملىنىشنى دۇۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدۇ. تۇنجى كۈنى 400mg نى بىر قېتىمدا ئىچىپ، ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ كۈنىگە 200mg دىن ئىچىلىدۇ. داۋالاش مۇددىتى يۇقۇملىنىشنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى، كېسەللىك ئەھۋالى ۋە باكتېرىيىنىڭ بەدەندىكى ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىلىدۇ، ياش قۇرامىغا يەتكەن بىمارلارغىلا ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 قورساق ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش، باش ئاغرىش، نېرۋا زىيادە سېزىمچانلىشىش، تەشۋىشلىنىش، باش قېيىش، ئۇيقۇ توسقۇنلۇققا ئۇچراش، تىترەش، ئەسۋە، يەلتاشما، قىزىل داغ، تىل ۋە ئاۋاز قاپقىقى سۇلۇق ئىششىش، نەپەس قىيىنلىشىش، تۆۋەن قان بېسىمى، شوك قاتارلىقلار پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئېغىز قۇرۇش، قورساق كۆپۈش، سېزىم نورمالسىزلىنىش، نېرۋىسى چېچىلىش، خىيالىي سېزىم پەيدا بولۇش، قۇلاق غۇڭۇلداش، تەرلەش، مۇسكۇللار ئاغرىش ۋە نۇرغا سەزگۈرچانلىق ئېشىش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 مەزكۇر دورا ياكى كۇئىنولون تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا، تۇتقاق كېسەل ياكى تارتىشىش تارىخى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ھامىلدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، بالىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى دورىلارنى ئىشلىتىپ مۇسكۇل زەخىملىنىش كېلىپ چىققانلارغا ئىشلەتمەسلىك لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 چارى ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېت/200mg، قاپ/6 تابلېت، قاپ/2 تابلېت.

## ئوفلوكساتسىن
(氧氟沙星，ofloxacin)

**【باشقا نامى】** تارىۋىد (泰利必妥，Tarivid).

**【ئاساسىي تەركىبى】** ئوفلوكساتسىن

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** گرام مۇسبەت باكتېرىيە، مەنپىي باكتېرىيە توپىغا قارشى كەڭ تەسىرلىك رولى بار. بولۇپمۇ ئامپىتسىللىنغا چىدامىلىق سۆزنەك شارچە باكتېرىيىسى، گېنتامىتسىنغا چىدامىلىق يېشىل يىرىڭ تاياقچە باكتېرىيىسى، ھەزىم زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە ئۇرۇقدىشى قاتارلىقلارغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئىچكەندە سۈمۈرۈلۈشى تېز ھەم تولۇق بولۇپ، بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ، ئاز قىسمى مېتابولىزملىنىپ، ئاساسەن ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، $t_{1/2}$ 6 ~ 7h.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سىستېمىلار ۋە يەرلىك ئورۇننىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ئىچىلىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، كۈنىگە 300 ~ 600mg، 2 ~ 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، قورساق ئاغرىش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئەسۋە چىقىش، قىچىشىش، ترانسئامىنازا قىسقا مۇددەتلىك ئۆرلەش، ئەتراپ قان رايى ئۆزگىرىش ۋە تېرىنىڭ نۇرغا سەزگۈرلۈك رېئاكسىيىسى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، دورا توختىتىلغاندىن كېيىن ھەممىسى يوقاپ كېتىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** تارىۋىد ياپونىيىدە ئىشلەنگەن: نېپىز پوستلىق تابلېتى، تابلېت/100mg، تاختا/10 تابلېت، قاپ/2 تاختا، قاپ/10 تاختا، تابلېت/200mg، تاختا/12 تابلېت، تاختا/6 تابلېت، قاپ/1 تاختا، ئوكۇلى، ھەر بوتۇلكىسى 200mg/100ml.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## لېۋوفلوكساتسىن
(左氧氟沙星，Levofloxacin)

【باشقا نامى】 كراۋىت (可乐必妥，Cravit) .
【ئاساسىي تەركىبى】 لېۋوفلوكساتسىن
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئوفلوكساتسىن (氧氟沙星) نىڭ ئۇنۇملۇك تەركىبى لېۋوئىزومېر. تەسىر قىلىش مېخانىزمى ۋە باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى ئوفلوكساتسىن بىلەن ئوخشاش، ئەمما باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى ئوفلوكساتسىندىن كۈچلۈك، ئىچكەندە تېز ھەم تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ. 2h Tmax بولۇپ، بەدەنگە تارقىلىشى كەڭ، توقۇلمىلار ۋە بەدەن سۇيۇقلۇقىدىكى قويۇقلۇقى يۇقىرى بولىدۇ. بەدەندە مېتابولىزملانمايدۇ، 85% دورا ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سىستېمىلار ۋە يەرلىك ئورۇننىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 100mg دىن كۈنىگە 3 ～ 2 قېتىم ئىچىلىدۇ.
【ناچار تەسىرى】 ئوفلوكساتسىننىڭكىگە ئوخشاش.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغانلار، تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ياكى تۇتقاقلىق كېسەل تارىخى بارلار، ياشانغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.
【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كراۋىت ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/100mg ، تاختا/10 تابلېت، قاپ/10 تاختا.

## سپارفلوكساتسىن
(司帕沙星，Sparfloxacin)

【باشقا نامى】 司氟沙星 ، سپارا (司巴乐，Spara) ، 司巴沙星 .
【ئاساسىي تەركىبى】 سپارفلوكساتسىن
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 3 - ئەۋلاد كۈئىنولون

تۈرىدىكى يېڭى ئانتىبىئوتىك دورا بولۇپ، باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى كەڭ، گرام مۇسبەت باكتېرىيە، گرام مەنپىي تاياقچە باكتېرىيە، ھەربىي قىسىم باكتېرىيىسى، خلامىدىيە، مىكوپلازمىلارغا قارشى تەسىرى كۈچلۈك، ئوكسىگېندىن قاچقۇچى باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى ئوخشاش تۈردىكى باشقا دورىلاردىن كۈچلۈك، كۆپ خىل دورىغا چىداملىق باكتېرىيىلەرگە قارىتا كۈچلۈك ئاكتىپچانلىقى ئىگە. ئوتتۇرا ئۈنۈملۈك باكتېرىيىگە قارشى دورا، $t_{1/2}$ 19.2h ، ئاساسەن ئۆت نەيچىسى ۋە سۈيدۈك يولى ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەرخىل دائىم ئۇچرايدىغان كېسەل قوزغاتقۇچى باكتېرىيە، ئوكسىگېندىن قاچقۇچى باكتېرىيە، خلامىدىيە ۋە مىكوپلازمىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرخىل يۇقۇملىنىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار كۈنىگە 300mg ~ 200 نى 2 ~ 1 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 14 ~ 7 كۈن بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 فلۇئوروكۇئىنولون (氟硅诺酮) تۈردىكى باكتېرىيىگە قارشى باشقا دورىلارنىڭكىگە ئوخشاش.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سپارا ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/100mg ، قاپ/6 تابلېت.

## لومېفلوكساتسىن

(洛美沙星, Lomefloxacin)

【باشقا نامى】 ماخاكۇئىن (洛美录,Mahaquin) ، ماكساكۇئىن (美西肯, Maxaquin) ، 洛威 .

【ئاساسىي تەركىبى】 لومېفلوكساتسىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 گرام مۇسبەت باكتېرىيە ۋە گرام مەنپىي باكتېرىيىلەرگە قارشى كۈچلۈك ئاكتىپچانلىقى ئىگە، بۇ دورىنىڭ باكتېرىيىگە قارشى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوفلوكساتسىنغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تېز ۋە تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، $t_{1/2}$ 8h ، بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سىستېمىلار يۇقۇملىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** چوڭلار كۈنىگە 0.6g نى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ، سۈيدۈك يولى يۇقۇملانغانلار كۈنىگە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 400mg ئىچىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئاساسلىقى كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، باش سەل - پەل ئاغرىشلار كۆرۈلىدۇ، ئەسۋە، تېرە قىچىشىش قاتارلىقلارمۇ پەيدا بولىدۇ، GPT ۋە قاندىكى كرېئاتىنىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ئاز كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر يېنىك بولۇپ، دورا توختىتىلغاندىن كېيىن نورماللىشىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** كۇئىنولون تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە، بالىلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** ماخاكۇئىن ھىندىستاندا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/400mg، قاپ/40 تابلېت.

ماكساكۇئىن فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېت/400mg، قاپ/3 تابلېت، قاپ/5 تابلېت.

## فلېروكساتسىن

(氟罗沙星，Fleroxacin)

**【باشقا نامى】** 多氟沙星、天方罗欣、多氟哌酸 مېگالوتسىن (麦佳乐杏，Megalocin).

**【ئاساسىي تەركىبى】** فلېروكساتسىن.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** گرام مۇسبەت، مەنپىي باكتېرىيىلەرگە قارشى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە. ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، $t_{1/2}$ 10h، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 90% بولۇپ، تەخمىنەن 60% دورا ئەسلى پېتى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سىستېمىلارنىڭ ۋە تېرە، يۇمشاق توقۇلمىلارنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 300mg ~ 200دىن كۈندە بىر قېتىم ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قۇسۇشلار دائىم كۆرۈلىدۇ. ئەسۋە چىقىش، قىچىشىش، باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق ۋە AST ،BUN ،ALT يۇقىرىلاش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ. ئەمما ناچار تەسىرى يېنىك بولۇپ، دورا توختاتقاندىن كېيىن يوقىلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 كۇئىنولون تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەر، بالىلار، ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مېگالوتسىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/100mg ، قاپ/10 تابلېت.

## 7 § . باشقا ئانتىبىئوتىك دورىلار

### ۋانكومىتسىن
(万古霉素，Vancomycin)

【باشقا نامى】 ۋانكوتسىن (稳可信，Vancocin)

【ئاساسىي تەركىبى】 ۋانكومىتسىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 پولىپېپتىدلىق ئانتىبىئوتىك دورا بولۇپ، باكتېرىيە ھۈجەيرىسى دىۋارىدىكى ئاقسىلنىڭ سىنتېزلىنىشىنى تورمۇزلاش ئارقىلىق، باكتېرىيىنى تېز سۈرئەتتە ئۆلتۈرۈش رولىنى ئۆتەيدۇ، ھەر خىل گرام مۇسبەت باكتېرىيىلەرگە قارشى ئاكتىپچانلىقى كۈچلۈك، MRSA ۋە MRSE ھەمدە ئۇچەي شارچە باكتېرىيىسىگە بولغان سەزگۈرچانلىقى يۇقىرى، گرام مەنپىي باكتېرىيىگە قارشى ئاكتىپچانلىقى يوق. بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 6h بولۇپ، بەدەندە ناھايىتى ئاز مېتابولىزملىنىدۇ. ئاساسەن ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى %55.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 گرام مۇسبەت باكتېرىيىدىن يۇقۇملىنىشقىلا ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ MRSA ، MRSE ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆچەي شارچە باكتېرىيىسىدىن بولغان يۇقۇملىنىشلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 0.5g دىن كۈنىگە 4 ~ 2 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. بالىلارغا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 30mg ~ 15 دىن 3 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئەسۋە چىقىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ۋېنا ياللۇغى قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ، ۋېناغا تېمىتىش بەك تېز بولۇپ كەتسە، پۈتۈن بەدەن قىزىرىپ چىقىدۇ. قۇلاق غوڭۇلداش، ئاڭلاش ئىقتىدارى چېكىنىش، بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملىنىش، ئاق قان دانچىلىرى ۋاقىتلىق تۆۋەنلەش، GPT يۇقىرىلاش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلار ۋە ياشانغان بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش، دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە بۆرەك فۇنكسىيىسى ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش ھەمدە دورا مىقدارىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. ۋېناغا ئوكۇل قىلىش بىلەن بىرگە ناركوز قىلغۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە تۆۋەن قان بېسىمى، يۈز قىسمى قىزىرىش، يەلتاشما ۋە قىچىشىش قاتارلىقلار پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** ۋانكوتسىن ئامپىرىكىدا ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: ئامپۇل/500mg.

## كلىندامىتسىن

(克林霉素，Clindamycin)

**【باشقا نامى】** 氯林可霉素，氯洁霉素， دالاتسىن C (特丽仙 C，Dalacinc)

**【ئاساسىي تەركىبى】** كلىندامىتسىن

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ دورا لىنكومىتسىن (林可霉素) نىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، باكتېرىيىگە قارشى دائىرىسى لىنكومىتسىن بىلەن ئوخشاش، ئەمما باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى لىنكومىتسىندىن 8 ~ 4 ھەسسە كۈچلۈك، ئوكسىگېندىن قاچقۇچى باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، جىگەردە مېتالىزملىنىدۇ، سۆڭەك توقۇلمىلىرىغا

تارقىلىشى يۇقىرى.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئالتۇن رەڭ ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە، ئوكسىگېنسىز قاچقۇچى باكتېرىيە ۋە سەزگۈر باكتېرىيىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېغىر يۇقۇملىنىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 1.50mg دىن ھەر 6h تە بىر قېتىم ئىچىدۇ؛ مۇسكۇلغا ۋە ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندا، چوڭلارغا كۈنىگە 600 ~ 1200mg مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندا 1200mg دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ، 3 ~ 4 قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ، بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 8 ~ 16mg، 3 ~ 4 قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان - ئۈچەي رېئاكسىيىسى دائىم كۆرۈلىدۇ، ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ۋە قان زەردابىدىكى ترانسئامىنازا ئۆرلەش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 دالاتسىن بېلگىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 150mg/دانە. 12/قاپ دانە، 100/قاپ دانە؛ ئوكۇلى: 150mg/ml، 2ml/ئامپۇل.

## § 8 . تۇبېركۇلوزغا قارشى دورىلار

### پازىنىئازىد

(帕司烟肼，pasiniazid)

【باشقا نامى】 دىپازىك (力排肺疾，Dipasic)، 结核清，ئىزونىئازىد ئامىنو سالىتسىلات (对氨基水杨酸异烟肼).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئىزونىئازىد ئامىنو سالىتسىلات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】

ئىزونىئازىد (异烟肼) بىلەن پارائامىنو سالىتسىلات (对氨基水杨酸) نى خىمىيىلىك رېئاكسىيىلەشتۈرۈش ئارقىلىق سىنتېزلەنگەن تۇبېركۇلوزغا قارشى دورا. پارائامىنو سالىتسىلات ئىزونىئازىدنىڭ ئاتسېتىللىنىشىنى تورمۇزلاپ، دورىنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچەيتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەرخىل تۇبېركولوزنى

www.uyghurkitap.com

داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** چوڭلار بىر قېتىمدا 200mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ ياكى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىتىدۇ، بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 20 ~ 40mg ئىشلىتىلىدۇ. ئۇدا ئۈچ ئاي ئىچىسە بىر داۋالاش كۇرسى ھېسابلىنىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** باش قېيىش، باش ئاغرىش، كۆپ ئورۇندا پەيدا بولىدىغان نېرۋا ياللۇغى، تېرە رېئاكسىيىسى، سېرىقلىق چۇشۇش، قىزىل داغلىق بۆرە چاقىسىغا ئوخشايدىغان يىغىندى ئالامەتلەر، قەۋزىيەت قاتارلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە جىگەر فۇنكسىيىسىنى تەكشۈرتۈپ تۇرۇش، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغۇچىلار، روھىي كېسەللەر ۋە تۇتقاق كېسىلى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** دىپازىك شۇبىيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/100mg.

## رىفاتېر

(卫非特, Rifater)

**【ئاساسىي تەركىبى】** ھەربىر تال تابلېتىدا 120mg رىفامپىتسىن (利福平)، 80mg ئىزونىئازىد (异烟肼)، 250mg ئالدىنامىد (吡嗪酸胺) بار.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** ئۈچ تۈرلۈك تەركىبنىڭ ھەممىسى باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى تۇبېركۇلوزغا قارشى دورا.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** تۇبېركۇلوز كېسىلىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ، تۇبېركۇلوزنى قىسقا مۇددەتلىك خىمىيىلىك داۋالىغان چاغدىكى كۈچەيتىش مەزگىلىگە ئىشلىتىش مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** بەدەن ئېغىرلىقى 30 ~ 39kg غىچە بولغانلار ئۈچ تال، 40 ~ 49kg غىچە بولغانلار 4 تال ئىچىدۇ؛ 50kg دىن يۇقىرىلار كۈنىگە بىر قېتىم، تاماقتىن

1~2h ئىلگىرى بەش تال ئىچىدۇ، ئادەتتە ئىككى ئاي بىر داۋالاش كۇرسى قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ناچار تەسىرى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ، ئاساسلىقى جىگەرنى زەھەرلەش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قورساق ئاغرىش، ئەتراپ نېرۋا ياللۇغى، سېزىم نورمالسىزلىنىش، مۇسكۇل كۈچى چېكىنىش، ئۇيۇشۇش ۋە ئاغرىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 رىفامپىتسىن، ئىزونىئازىد، ئالدىنامىدلارنىڭكىگە ئوخشاش.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 رىفاتېر ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن.

تابلېتى: 450mg/تابلېت، 60/قاپ تابلېت.

## رىفىنا

(卫非宁, Rifinah)

【ئاساسىي تەركىبى】 رىفىنا TM150 نىڭ ھەربىر تال تابلېتىدا 150mg رىفامپىتسىن، 100mg ئىزونىئازىد بولىدۇ؛ رىفىنا TM300 نىڭ ھەربىر تال تابلېتىدا 300mg رىفامپىتسىن، 150mg ئىزونىئازىد بار.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 رىفاتېرغا قاراڭ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەرخىل تۇبېركۇلوز كېسىلىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 تاماقتىن 30min بۇرۇن ياكى تاماقتىن 2h كېيىن كۈندە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ. بەدەن ئېغىرلىقى 50kg دىن تۆۋەنلەر كىچىك دوزىلىق تابلېتتىن ئۈچ تال ئىچىدۇ؛ 50kg دىن يۇقىرىلار چوڭ دوزىلىق تابلېتتىن ئۈچ تال ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يېنىك، ئاساسلىقى جىگەرگە بولغان زەھەرچانلىقى يۇقىرى، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قورساق ئاغرىش، ئەتراپ نېرۋا ياللۇغى، سېزىم نورمالسىزلىنىش، مۇسكۇل كۈچى چېكىنىش، ئۇيۇشۇش ۋە ئاغرىش قاتارلىقلار.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ئۇزۇن قىلىنىش ناچارلاشقانلار، نېرۋا كېسەللىك ئۆزگىرىشىگە دۇچار بولغان كىشىلەر ۋە ياش - ئۆسمۈر بىمارلارغا ۋىتامىن $B_6$ قوشۇپ ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 رىفنىا ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن.
تابلېتى: تابلېت/250mg، قاپ/60 تابلېت؛ تابلېت/450mg، قاپ/60 تابلېت.

## §9 . زەمبۇرۇغقا قارشى دورىلار

### فلۇكونازول
(氟康唑, Fluconazole)

【باشقا نامى】 دىفلۇكان (大扶康, Diflucan)، مېدوفلۇكون (麦道氟康, Medoflucon)، سىسكان (Syscan).

【ئاساسىي تەركىبى】 فلۇكونازول.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ترىئازول (三唑) تۈرىدىكى زەمبۇرۇغقا قارشى دورا بولۇپ، زەمبۇرۇغ ھۈجەيرە پەردىسى ئېھتىياجلىق بولغان ستېرول (甾醇) نى تورمۇزلاش ئارقىلىق، پەردىنىڭ فۇنكسىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ زەمبۇرۇغنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ دورىنىڭ ھەرخىل زەمبۇرۇغقا قارشى كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك، مەزكۇر دورىنى ئىچىشكە ياكى ۋېنادىن بېرىشكە بولىدۇ. ئىچكەندە بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 90%دىن يۇقىرى بولىدۇ، Tmax 1h ئەتراپىدا، $t_{1/2}$ 30h . بەدەن سۇيۇقلۇقىغا كەڭ تارقىلىپ، بەدەندە مېتابولىزملانمايدۇ، ئاساسەن ئەسلى پېتى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 پۈتۈن بەدەنلىك تەسۋىسمان زەمبۇرۇغ كېسىلى، دائىرىلىك يوشۇرۇن شارچە باكتېرىيە كېسىلى، شىللىق پەردە تەسۋىسمان زەمبۇرۇغ كېسىلى، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ياكى قايتا قوزغىلىشچان جىنسىي يول تەسۋىسمان زەمبۇرۇغ كېسىلى، تېرە زەمبۇرۇغ كېسىلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، خىمىيىلىك داۋالاش ياكى رادىئو ئاكتىپلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زەمبۇرۇغدىن ئوڭاي يۇقۇملىنىدىغان ئاق قان كېسىلى بىمارلىرى ۋە باشقا يامان سۈپەتلىك ئۆسمىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارغا بۇ دورىنى ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرىدە ئىشلەتسە بولىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە 200~400mg بىر

قــېتىم ئىشلىتىلىدۇ. داۋالاش مۇددىتى دورا ئىشلىتىلگەندىن كېيىنكى كلىنىكىلىق ۋە مىكولوگىيىلىك رېئاكسىيىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، ئەمما يوشۇرۇن شارچە باكتېرىيە خاراكتېرلىك مېڭە پەردە ياللۇغىغا نىسبەتەن داۋالاش مـۇددىـتى ئادەتتە ئاز بولغاندا 6 ~ 8 ھەپتە بولىدۇ. شىللىق پەردىنىڭ زەمبۇرۇغدىن يۇقۇملىنىشىغا كۈنىگە بىر قەدەر تۆۋەن دوزىدا دورا بېرىلىدۇ (50mg) . ۋېنادىن دورا بېرىش مىقدارى ئىچىش مىقدارى بىـلـەن ئـوخشاش، ياشانغان ھەم بۆرەك فۇنكسىيىسى نورمالسىزلانغان بىمارلارغا بۆرەك فۇنكسىيىسىنىڭ زەخىملىنىش دەرىجىسىگە قاراپ دورا بېرىش لايىھىسى تەڭشىلىدۇ. بۇ دورا ئادەتتە بالىلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەگەر زۆرۈر تېپىلغاندا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 2mg بويىچە بېرىلىدۇ، چوڭقۇر قىسمىنىڭ زەمبۇرۇغدىن يۇقۇملىنىشىغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 3~6mg دىن دورا بېرىلىدۇ.

【نــاچــار تەســىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قورساق ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش، ئەسۋە چىقىش قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ؛ جىگەر، بۆرەك ۋە قان ياساش ئىقتىدارى زەخىملىنىش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلىدۇ.

【دىـقـقـەت قىلىدىغان ئىشلار】 مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: فلۇكونازول ۋە باشقا ئازول (唑) تۈرىدىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سىسكان ھىندىستاندا ئىشلـەنگـەن. كـاپـسـۇلـى: دانە/100mg ، قـاپ/8 دانـە، دانە/150mg ، قاپ/1 دانە، قاپ/4 دانە؛ ئوكۇلى: ھەر بوتۇلكىسى 100mg/50ml ، ھەر بوتۇلكىسى 200mg/100ml .

دىـفـلـۇكـان فـرانـسـىـيـىـدە ئـىـشـلـەنـگـەن. ئـوكـۇلـى: ھەر ئـامـپـۇلى 2mg/ml ، ھەر بوتۇلكىسى 100mg/50ml ، ھەر بوتۇلكىسى 200mg/100ml .

مــېدوفـلـۇكـون ســېـپرۇستا ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/50mg ، دانە/150mg ، قاپ/7 دانە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىتراكونازول

(伊曲康唑，Itraconazole)

【باشقا نامى】 سپورانوكس (斯皮仁诺，Sporanox).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئىتراكونازول

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 چوڭقۇر قىسىم ۋە يۈزەكى قىسىمدىكى زەمبۇرۇغلارنىڭ ھەممىسىگە قارشى تەسىرگە ئىگە بولۇپ، باكتېرىيىگە قارشى تەسىرى كېتوكونازول (酮康唑) غا ئوخشاپ كېتىدۇ، ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ. $t_{1/2}$ 17～24h.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاياللار سىرتقى جىنسىي ئەزاسى ۋە جىنسىي يول تەسۋىسىمان زەمبۇرۇغ كېسىلى، ئالىچىپار تەمرەتكە، تېرە زەمبۇرۇغ كېسىلى، زەمبۇرۇغلۇق مۈڭگۈز پەردە ياللۇغى ۋە ئېغىز بوشلۇقى تەسۋىسىمان زەمبۇرۇغ كېسىلى، تىرناق زەمبۇرۇغ كېسىلى، سىستېمىلىق (پۈتۈن بەدەنلىك) زەمبۇرۇغدىن يۇقۇملىنىش ۋە باشقا كەم ئۇچرايدىغان ھەرخىل سىستېمىلىق ياكى ئىسسىق بەلۋاغ زەمبۇرۇغ كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 100 ～ 200mg دىن كۈندە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ، ئۈچ ئاي بىر داۋالاش كۇرسى قىلىنىدۇ. كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 200mg دىن ئۇدا يەتتە كۈن ئىشلىتىپ، 21 كۈن توختاتقاندىن كېيىن، 2 - داۋالاش باسقۇچىنى ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ، يۇقۇملانغان ئورۇنغا قاراپ 3 ～ 2 داۋالاش كۇرسىغىچە دورا ئىچىشكە بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئىشتىھاسىزلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، قورساق ئاغرىش ۋە قەۋزىيەت دائىم كۆرۈلىدۇ، باش ئاغرىش، ترانسئامىنازا قايتما خاراكتېرلىك يۇقىرىلاش، ھەيز قالايمىقانلىشىش، باش قېيىش ۋە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە بىر قەدەر ئاز كۆرۈلىدۇ، ئەتراپ نېرۋىلارنىڭ كېسەللىك ئۆزگىرىشى ۋە Stevens — Johnson يىغىندى ئالامەتلىرى ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر ۋە ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

② باشقىلار: بالىلار، ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ تۆۋەنلىشى بۇ دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ كىسلاتاغا قارشى دورا ئىشلىتىلىۋاتقان بىمارلار بۇ دورىنى ئىشلىتىپ ئاز بولغاندىمۇ 2h ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كىسلاتاغا قارشى دورىلارنى ئىچىش لازىم. ئۇدا بىر ئايدىن ئارتۇق دورا ئىشلەتكەنلەر ۋە داۋالاش جەريانىدا ئىشتىھاسىزلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، چارچاش، قورساق ئاغرىش ياكى قان سىيىش كۆرۈلگەنلەرگە جىگەر فۇنكسىيىسىنى تەكشۈرتۈش تەشەببۇس قىلىنىدۇ؛ ئەگەر جىگەر فۇنكسىيىسى نورمال بولمىسا، دورا ئىشلىتىشنى توختىتىش لازىم.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** سپورانوكس بېلگىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/100mg ، قاپ/4دانە، قاپ/15 دانە.

## ئامفوتېرىتسىن B

(两性霉素 B，Amphotericin B)

**【باشقا نامى】** فۇنگىزون (庐山霉素，Fungizone).

**【ئاساسىي تەركىبى】** ئامفوتېرىتسىن B

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** چوڭقۇر ئورۇندىكى زەمبۇرۇغقا قارشى ئانتىبىئوتىك دورا بولۇپ، دائىم ئۇچرايدىغان كۆپ ساندىكى كېسەللەندۈرگۈچى زەمبۇرۇغقا قارشى بىر قەدەر كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە، ئېچىتقۇ زەمبۇرۇغى بۇ دورىغا مەلۇم دەرىجىدە چىداملىق، تېرە ۋە چاچ تەمرەتكە زەمبۇرۇغىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ دورىغا چىداملىق، ئىچەكتە ياخشى سۈمۈرۈلمەيدۇ، دورىنىڭ قان زەردابىدىكى قويۇقلۇقى تۆۋەن بولىدۇ، بەدەندىكى كۆپ قىسىم توقۇلما ۋە بەدەن سۇيۇقلۇقىغا تارقىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** ئاساسلىقى چوڭقۇر ئورۇندىكى زەمبۇرۇغ بىلەن يۇقۇملىنىشنى ۋە باشقا زەمبۇرۇغلار پەيدا قىلغان پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىش تىپلىق زەمبۇرۇغ كېسىلىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ۋېناغا تېمىتىلىدۇ.

دەسلىپىدە كۈندە بىر قېتىم 5mg ~ 1، 6 ~ 5 سائەتتە ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، سۈيۇقلۇق بەرگەندىن كېيىنكى رېئاكسىيىسىگە قاراپ، 2 ـ كۈنى 5mg كۆپەيتىلىدۇ ياكى ئالدىنقى كۈندىكى دورا مىقدارى ساقلىنىدۇ، يەنى هەركۈنى ياكى كۈن ئاتلاپ 5mg دىن كۆپەيتىپ، تاكى كۈنىگە 50mg ~ 30 غىچە داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن مۇشۇ مىقدارنى ساقلاپ دورا ئىشلىتىلىدۇ، چوڭقۇر قىسمدىكى يوشۇرۇن شارچە باكتېرىيىدىن يۇقۇملىنىشقا يۇقىرى دوزىدا دورا ئىشلىتىلىدۇ، ئومۇمىي مىقدارى 3g ~ 1 بىر داۋالاش كۇرس قىلىنىدۇ، ئادەتتىكى زەمبۇرۇغلاردىن يۇقۇملىنىشى داۋالاش مۇددىتى قىسقىراق بولسىمۇ بولىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** يۇقىرى قىزىتما، تىترەش، باش ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، بۆرەكنى زەهەرلەش، قاندا كالىي تۆۋەنلەش ئالامىتى، قىزىل قان هۈجەيرىسى مەنبەلىك قان ئازلىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، يىلىك يېنىك دەرىجىدە تورمۇزلىنىش، قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، زىيادە سەزگۈرلۈكتىن بولغان شوك قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ، دورىنىڭ ئېقىش سۈرئىتى بەك تېز بولغاندا يۈرەك قېرىنچىسى تىترەش ۋە يۈرەك سوقۇشى تويۇقسىز توختاپ قېلىش كۆرۈلىدۇ؛ غىلاپ ئىچىگە ئوكۇل قىلىنسا نېرۋا سىستېمىسى ئېغىر دەرىجىدە زەهەرلىنىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** دورا ئىشلىتىش جەريانىدا ئۆز ۋاقتىدا كالىي تولۇقلاپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم؛ بۇ دورا كىسلاتالىقى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئېرىتمىدە ئوڭاي پارچىلىنىدۇ، شۇڭا ئىشلىتىلىدىغان گلۇكوزا ئوكۇلىنىڭ pH قىممىتى 4.2 دىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** فۇنگىزون B ئامپۇلىدا ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: دانە/50mg.

# § 10 . ۋىرۇسقا قارشى دورىلار

## ئاتسىكلوۋىر

(阿昔洛韦，Aciclovir)

【باشقا نامى】 زوۋىراكس (舒维疗，Zovirax)، ۋىرلېس (克疱片，Virless)، 无环鸟甘 ، 甘泰 ، 丽珠克毒星 .

【ئاساسىي تەركىبى】 ئاتسىكلوۋىر

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئاددىي قوقاق ۋىرۇسىدىكى DNA پولىمېرازا (聚合酶)غا كاشىلا قىلىپ، ۋىرۇستىكى DNA نىڭ تەقلىد قىلىپ ياسىلىشىنى تورمۇزلايدۇ، ئاددىي قوقاق ۋىرۇسى، بەلۋاغسىمان قوقاق ۋىرۇسى، زور ھۈجەيرە ۋىرۇسى، ئادەمسىمان مايمۇن B ۋىرۇسى ۋە EB ۋىرۇسلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تورمۇزلاش رولىغا ئىگە. ئىچكەندە سۈمۈرۈلۈشى ناچار بولىدۇ. بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ، كۆپ قىسمى ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، ئاز بىر قىسمى جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ. $t_{1/2}$ 2.5h، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ۋە بۆرەك فۇنكسىيىسى نورمال بولمىغانلاردا $t_{1/2}$ زور دەرىجىدە ئۇزىرايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاددىي قوقاق ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش ياكى سۇ چېچەك - بەلۋاغسىمان قوقاق ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش، كۆپىيىش سىستېمىسى تۇنجى قېتىم قوقاق ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش، بەلۋاغسىمان قوقاق ۋىرۇسىدىن ئېغىر دەرىجىدە يۇقۇملىنىش، قوقاق ۋىرۇسى مەنبەلىك مېڭە پەردە ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 داۋالاش مۇددىتى 10 ~ 8 كۈن، چوڭلاردىكى ئاددىي قوقاق ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىشقا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا ھەر 8h تە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ؛ سۇ چېچىكى - بەلۋاغسىمان قوقاق ۋىرۇسىدىن يۇقۇملىنىش ۋە قوقاق ۋىرۇسى مەنبەلىك مېڭە پەردە ياللۇغىغا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10mg دىن ھەر 8h تە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. بالىلار ۋە ئۈچ ئايلىقتىن يۇقىرى بوۋاقلارغا 250mg/m²، ھەر 8h تە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ؛ ئىممۇنىت كەمچىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بالىلار يۇقۇملانغاندا 500mg /m² ھەر 8h تە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ؛ يېڭى تۇغۇلغان بالىلار ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10mg ھەر 8h تە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئوخشاش بولغان نورمال ئۆلچەملىك مىقدار ئىشلىتىلىپ، ئىككى قېتىملىق ئوكۇل قىلىش ئارىلىقى ئۇزارتىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ماغدۇرسىزلىنىش، باش ئاغرىش، نېرۋىسى چېچىلىش، خىيالىي سېزىم پەيدا بولۇش، ھوشسىزلىنىش، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىق كۆرۈلىدۇ؛ ياللۇغلىنىش، ئاغرىشلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ياشانغانلارغا ۋە ياكى بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا دورا مىقدارى كېمەيتىلىدۇ ھەمدە يېتەرلىك مىقداردا سۇ قوبۇل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؛ بۆرەك فۇنكسىيىسىنى ۋە قان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كۆزىتىپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** زوۋىراكس ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/200mg، قاپ/25 تابلېت، تابلېت/400mg، قاپ/70 تابلېت، تابلېت/800mg، قاپ/35 تابلېت.

ۋىرلېس تەيۋەندە ئىشلەنگەن. تابلېت/200mg، قاپ/10 تابلېت، قاپ/20 تابلېت، قاپ/100 تابلېت.

## گانتسىكلوۋىر

(更昔洛韦，Ganciclovir)

**【باشقا نامى】** سىمېۋېن (赛美维，Cymevene).

**【ئاساسىي تەركىبى】** ناترىي كانتسىكلوۋىر تۇزى.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** گۇئانىن (鸟嘌呤) نىڭ سىنتېزلەنگەن ھومولوگى بولۇپ، قوقاق ۋىرۇسىنىڭ تەقلىد قىلىپ ياسىلىشىنى تورمۇزلايدۇ. زور ھۇجەيرە ۋىرۇسى (CMV)، ئاددىي قوقاق ۋىرۇسى -1 (HSV−1) ۋە ئاددىي قوقاق ۋىرۇسى - 2 (HSV−2)، EB ۋىرۇسى ۋە سۇ چېچەكى قوقاق ۋىرۇسلىرى بۇ دورىغا سەزگۈر. $t_{1/2}$ 3～4h، ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئىممۇنىتى زەخىملەنگەن بىمارلاردىكى زور ھۈجەيرە ۋىرۇسى (CMV) كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئىندۇكسىيىلىك داۋالاش: ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 5mg بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ۋېناغا كىرگۈزۈلىدۇ، ھەر 12h تە بىر قېتىم، 21 ~ 14 كۈن ئۇدا ئىشلىتىلىدۇ. مادارلاندۇرۇپ داۋالاش: ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 5mg بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتا ۋېناغا كىرگۈزۈلىدۇ، ھەر ھەپتىدە 7 قېتىم، ھەر 24h تە بىر قېتىم ياكى ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 6mg دىن كۈنىگە بىر قېتىم ھەر ھەپتىدە 5 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. ئالاھىدە دورا ئىشلىتىش: بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا قان زەردابىدىكى كرېئاتىنىننىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە ئاساسەن دورا مىقدارى تەڭشىلىدۇ؛ ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش كېسىلى، نېيترال دانچە ھۈجەيرىلەر ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىش كېسىلى ۋە قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش كېسەللىكلىرىگە دورا مىقدارىنى كېمەيتىش ھەمدە قان راينى كۆزىتىپ تۇرۇشنى ئويلىشىش كېرەك؛ ياشانغان بىمارلارغا بۇ دورىنى ئىشلەتكەندە، بۆرەك فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن دورا مىقدارىنى تەڭشەپ تۇرۇش لازىم.

【ناچار تەسىرى】 نېيترال دانچە ھۈجەيرىلەر كېمىيىش، قان پلاستىنكىلىرى ئازىيىش ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي يولى، نېرۋا سىستېمىسى ئالامەتلىرى، جىگەر فۇنكسىيىسى نورمالسىزلىنىش، قىزىش، ئەسۋە چىقىش، ۋېنا ياللۇغى، BUN يۇقىرى ئۆرلەش، كرېئاتىنىن ئۆرلەش، قاندا كالىي تۆۋەنلەش ۋە قان شېكىرى تۆۋەنلەش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا ياكى ئاتسىكلوۋىرغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: نېيترال دانچە ھۈجەيرىلەر سانى زىيادە ئازىيىپ كەتسە، بۇ دورىنى ۋاقتىنچە ئىشلەتمەسلىك كېرەك؛ ئەر بىمارلار دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە ھەمدە دورا ئىشلىتىپ 90 كۈن ئىچىدە ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن ساقلىنىش، باللارغا بۇ دورىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سىمبۆۋېن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ئامپۇل/500mg، قاپ/1 ئامپۇل، قاپ/5 ئامپۇل، قاپ/25 ئامپۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب قان ئايلىنىش سىستېمىسىغا تەسىر قىلغۇچى دورىلار

## §1 . يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى دورىلار

### مىلرىنون

(米力农，Milrinone)

【**باشقا نامى**】 米力酮，甲腈吡酮، پرىماكور (primacor، 哌明克，Corotrope) .

【**ئاساسىي تەركىبى**】 مىلرىنون.

【**فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى**】 ئامرىنون (安力农) نىڭ هومولوگى بولۇپ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش تەسىرىگىمۇ ئىگە، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ئامرىنوننىڭ 10 ~ 30 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ ھەمدە قان پلاستىنكىلىرىنى ئازايتىشتەك ناچار تەسىرى يوق، چىدامچانلىقى بىر قەدەر ياخشى. $t_{1/2}$ 2h.

【**مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر**】 سوزۇلما قان تولۇش مەنبەلىك يۈرەك زەئىپلىشىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

【**ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى**】 ۋېناغا تېمىتقاندا ھەر مىنۇتتا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.375 ~ 0.75μg تېمىتىلىدۇ؛ ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندا، ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 37.5 ~ 50mg، 10 مىنۇتتا ئاستا - ئاستا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

【**ناچار تەسىرى**】 باش ئاغرىش، قېرىنچە مەنبەلىك ۋە قېرىنچە ئۈستى مەنبەلىك يۈرەك سوقۇش تېزلىشىش، تۆۋەن قان بېسىمى ۋە يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىك ئېغىرلىشىش، تۆۋەن كالىيلىق قان كېسىلى كۆرۈلىدۇ، دالانچە تىترەش، قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش قاتارلىقلار ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئامرىنون ۋە بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ ② باشقىلار: بۇ دورىنى ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ، ئايرىم ئىشلىتىش كېرەك؛ مەزكۇر دورا ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بىمارلارغا ۋە ھامىلىدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ يۈرەك رىتىمى، قان بېسىم، ئېلېكترولىتلار، بۆرەك فۇنكسىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەستايىدىل كۆزىتىش ھەمدە دورا مىقدارىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرۇش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 پىرىماكور ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ھەر بوتۇلكىسى 10mg/10ml ، ھەر بوتۇلكىسى 20mg/20ml ، قاپ/1 بوتۇلكا، قاپ/10 بوتۇلكا.

## دوبۇتامىن

(多巴酚丁胺，Dobutamine)

【باشقا نامى】 Inotrex，杜丁胺 ، دوبۇترېكس (独步催，Dobutrex)، Dobuject.

【ئاساسىي تەركىبى】 دوبۇتامىن ھىدروخلورىد

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئاساسلىقى $\beta_1$-ئاكسېپتورنى غىدىقلاپ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، يۈرەكنىڭ چىقىرىش مىقدارى، تاجسىمان ئارتېرىيىدىكى قان مىقدارى ۋە يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ ئوكسىگېن سەرپىياتىنى ئاشۇرىدۇ، يۈرەك سوقۇش قېتىمىغا بولغان تەسىرى بىر قەدەر كىچىك بولىدۇ. بۇ دورىنىڭ نورئادرېنالىننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ۋاستىلىك ئىلگىرى سۈرۈش رولى يوق، ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىپ 1 ~ 2 مىنۇتتىن كېيىن ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ ھەمدە بەدەندە تېزلا ئاكتىپسىزلىنىدۇ، مېتابولىزم ھاسىلاتى ئاساسەن بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، $t_{1/2}$ 2min بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىدىن كېيىنكى ياكى يۈرەك ئوپېراتسىيىسىدىكى قان سىغىمچانلىقى تۆۋەنلەشتىن كېلىپ چىقىدىغان شوك ياكى ئورگان خاراكتېرلىك يۈرەك

www.uyghurkitap.com

كېسىلىدىكى يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچى تۆۋەنلەشتىن كېلىپ چىققان يۈرەك زەئىپلىشىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، 250mg نى %5لىك گلۇكوزا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا ياكى ناترىي خلورىد ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدىن 250 ~ 500ml غا قوشۇپ، ھەر مىنۇتتا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 2.5 ~ 10μg تېزلىكتە ئوكۇل قىلىنىدۇ. سۈرئىتى ۋە داۋاملىشىش ۋاقتى يۈرەك سوقۇش قېتىمى، قان بېسىمى، سۈيدۈك مىقدارىغا ئاساسەن تەڭشىلىدۇ. دورىنى توساتتىن توختاتماستىن، مىقدارىنى تەدرىجىي كېمەيتىپ توختىتىش كېرەك.

**【ناچار تەسىرى】** كۆڭۈل ئېلىشىش، باش ئاغرىش، يۈرەك سېلىش، يۈرەك سانجىپ ئاغرىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، يۇقىرى قان بېسىمى، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش، غەيرىي ئورۇنلۇق يۈرەك رىتىمى قاتارلىقلارمۇ كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئىشقارلىق دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ، تەركىبىدە پىروسودىئۇم سۇلفىت (焦亚硫酸钠) بولغان ياسالمىلاردا سۇيۇلدۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: يۇقىرى قان بېسىمى، دالانچە تىترەش، قېلىنلاشقان يۈرەك مۇسكۇل كېسىلى بىمارلىرىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ئالاھىدە پەيدا بولغان قېلىنلاشقان ئائورتا كلاپىنى ئاستى تارايغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ يۈرەك دالانچىسى تىترەيدىغان بىمارلارغا بۇ دورىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى دورا بېرىلىدۇ؛ قان سىغىمچانلىقى يېتەرلىك بولمىغان بىمارلارغا بۇ دورىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى پۈتۈن قان ياكى قان پلازمىسى بېرىش ئارقىلىق قان سىغىمچانلىقىنى تولۇقلاش لازىم.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** دوبۇترېكس ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/ 250mg، قاپ/1 بوتۇلكا؛ ئوكۇل سۇيۇقلۇقى، 250mg/20ml، قاپ/1 بوتۇلكا.

دوبۇجېكت گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ئامپۇل/250mg، قاپ/1 ئامپۇل.

# مېتىلدىگوكسىن
## (甲基地高辛，Metildigoxin)

【باشقا نامى】 لانىتوپ (甲基狄戈辛，Lanitop)، Medigoxin，β—Methyldigoxin.

【ئاساسىي تەركىبى】 مېتىلدىگوكسىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 يۈرەكنى كۈچەيتىش تەسىرى دىگوكسىن (地高辛) دىن كۈچلۈك، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچىنى كۈچەيتىدۇ، يۈرەكنىڭ سوقۇش قېتىمىنى ئازايتىپ، يۈرەكنىڭ چىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۆپكە قان ئايلىنىش ۋە بەدەن قان ئايلىنىشىنى ياخشىلايدۇ ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە. ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، دورا ئىشلىتىپ 10 ~ 20 مىنۇتتا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ، 30 ~ 40 مىنۇتتا ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمگە يېتىپ بارىدۇ، $t_{1/2}$ 54～60h، ئاساسلىقى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك يۈرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىقتا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 دورا مىقدارى يەككە تەن بويىچە بولىدۇ. بۇ دورىنى ئىچكەندە چوڭلار ھەر قېتىمدا 0.2mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېسەللىك ئالامەتلىرىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلۈپ، يۈرەك سوقۇش قېتىمى تۇراقلىق بولسا، قامداش مىقدارى بويىچە دورا بېرىلىدۇ، يەنى ھەر قېتىمدا 0.1mg دىن كۈنىگە 2 ~ 3 قېتىم؛ ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندا ھەر قېتىمدا 0.2 دىن كۈنىگە 2 قېتىم، قامداش مىقدارى كۈنىگە 0.2 ~ 0.3mg ئوكۇل قىلىنىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا دورا مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 دالانچە- قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش، يۈرەك رىتىمسىزلىنىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىقلار كۆپ كۆرۈلىدۇ؛ كۆرۈش قۇۋۋىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش ۋە نېرۋىسى چېچىلىش ئاز كۆرۈلىدۇ؛ ئەرلەرنىڭ ئەمچىكى يوغىناش ۋە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە بېرىش ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: يۈرەك ھەرىكىتى قېرىنچە مەنبەلىك زىيادە تېزلىشىش، قېرىنچە تىترەش،

ۋولف ـ پاركىنسون ـ ۋىت سىندرومى (دالانچە تەۋرەش، دالانچە تىترەش) بىمارلىرىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ دىگىتالىس (洋地黄) دىن زەھەرلىنىش، قاندىكى كالتسىي زىيادە يۇقىرىلاش كۆرۈلگەندە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ قالقانبەز فۇنكسىيىسى تۆۋەنلىگەن، كالتسىي يۇقىرىلىغان، كالىي تۆۋەنلىگەن، دالانچە ـ قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، دورىنى ئىشلىتىش جەريانىدا ئېلېكتروكاردىئوگراما، ئېلېكترولىت، قاندىكى دورا قويۇقلۇقى ۋە جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى قاتارلىقلارنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛ ياشانغانلار، تېنى ئاجىزلارغا دورا مىقدارىنى كېمەيتىش لازىم.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** لانتوپ گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/ 0.1mg ، ئوكۇلى، ھەر ئامپۇلى 0.2mg/2ml ؛ تېمىتمىسى: ھەردانىسى 0.6mg/1ml .

## ئۇبىدېكارېنون

(泛癸利酮, Ubidecarenone)

**【باشقا نامى】** كوئېنزىم (辅酶 $Q_{10}$, Coenzyme $Q_{10}$) ، نېئوكۇينون (能气朗, Neuquinon) 癸烯醌.

**【ئاساسىي تەركىبى】** كوئېنزىم $Q_{10}$

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** قان يېتىشمىگەن يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ ئوكسىگېندىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ياخشىلاپ، يۈرەك مۇسكۇلى يىپسىمان تەنچىسىدىكى ATP نىڭ سىنتېزلىنىشىنى ئاشۇرىدۇ، يۈرەك فۇنكسىيىسىنى ياخشىلايدۇ، يۈرەك مۇسكۇلىنى قوغداپ، يۈرەكنىڭ چىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ، جىگەر ھۈجەيرىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گلىكوگېن (肝糖原) نىڭ سىنتېزلىنىشىنى كۆپەيتىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** يېنىك، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىشىش، تاجسىمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسىلى، يۇقىرى قان بېسىمى، ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى، سۇس ئۆتكۈر خاراكتېرلىك جىگەر نېكروزلىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** بۇ دورىنى ئىچكەندە ھەر

قېتىمدا 10mg دىن كۈنىگە 3 قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ. ياش قۇرامىغا، كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ دورا مىقدارىنى كۆپەيتىشكە ياكى ئازايتىشقا بولىدۇ. مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا ھەر قېتىمدا 10mg ~ 5 دىن كۈندە بىر قېتىم ئوكۇل قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان يېقىمسىزلىنىش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىچ سۈرۈش، ئەسۋە قاتارلىق ئالامەتلەر ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدا سېرىق رەڭلىك چۆكمە پەيدا بولۇپ قالسا، ئامپۇلنى قايناق سۇغا 3min ~ 2 قويۇپ، چۆكمە سۈزۈلگەندىن كېيىن ئىشلەتسە بولىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 نېئوكۈينون ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/10mg، قاپ/30 تابلېت، قاپ/100 تابلېت؛ ئوكۇلى: ئامپۇل/ 15mg ، ئامپۇل/10mg، ئامپۇل/15mg، كاپسۇلى: كاپسۇل/5mg.

# § 2 . يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى داۋالايدىغان دورىلار

## پروپافېنون

(普罗帕酮，Propafenone)

【باشقا نامى】 رىتمونورم (悦复隆，Rytmonorm) ,心律平.

【ئاساسىي تەركىبى】 پروپافېنون ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ناترىي ۋە كالتسىينىڭ تېز سۈرئەتتە ھۈجەيرە ئىچىگە كىرىشىنى تورمۇزلايدۇ، ئىمپۇلسنىڭ تارقىلىشىنى تۆۋەنلىتىدۇ ھەمدە ئۈنۈملۈك قوزغالماس دەۋرىنى ئۇزارتىدۇ. غەيرىي ئورۇنلۇق ئۆز - ئۆزىنى تورمۇزلاش خۇسۇسىيىتىنى تىزگىنلەيدۇ، β - ئاكسېپتورنى ئاجىز دەرىجىدە توسۇش رولىغا ئىگە. ئىچىپ 30min تىن كېيىن ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ، Tmax 3h ~ 2، تەسىرى 8h غىچە داۋاملىشىدۇ، قان پلازمىسىدىكى $t_{2/1}$ 4h ~ 3.5 بولىدۇ. ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ ئۈنۈم بېرىشى تېز بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 قېرىنچە ئۈستى مەنبەلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېز سۈرئەتلىك يۈرەك رىتىمسىزلىقى، جانغا زامىن بولىدىغان قېرىنچە مەنبەلىك تېز سۈرئەتلىك يۈرەك رىتىمسىزلىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار داۋالاشنىڭ دەسلىپىدە ۋە قامداپ داۋالاش مەزگىلىدە كۈنىگە 450 ~ 600mg نى ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ، دورا مىقدارى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاستا - ئاستا ئاشۇرۇلىدۇ، ئەڭ يۇقىرى مىقدارى كۈنىگە 900mg بولىدۇ. بالىلارغا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 5 ~ 7mg كۈندە ئۈچ قېتىم ئىچىشكە بېرىلىدۇ، ئۈنۈمى كۆرۈلگەندىن كېيىن دورىنىڭ يېرىمى كېمەيتىلىپ، داۋالاش ئۈنۈمى قامدىلىدۇ. ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندا چوڭلارنىڭ ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 1 ~ 1.5mg ئوكۇل قىلىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلسا دورىنى كۆپەيتىشكە بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يۈرەك رىتىمسىزلىقى ئېغىرلىشىش، يۈرەك سوقۇشى تۇيۇقسىز توختاپ قېلىش، يۈرەك زەئىپلىشىشلەر كۆرۈلىدۇ؛ بەدەن تۇرقى خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى، ئاشقازان - ئۈچەي يېقىمسىزلىنىش، سېزىم نورمالسىزلىنىش ۋە چارچاش، باش ئاغرىش، ئاق قان ھۈجەيرىسى، دانىچە ھۈجەيرە ۋە قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش قاتارلىقلار ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ ھەمدە پىرامىدا سىرتقى سىستېمىسى ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ئاللېرگىيىلىك تېرە رېئاكسىيىسى، مەسىلەن: قىزىل داغ، قىچىشقاق، ئەسۋە قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئوڭشالمىغان قان تولۇشلۇق يۈرەك زەئىپلىكى، يۈرەك مەنبەلىك شوك، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، ئېغىر دەرىجىلىك سىنۇس دالانچىسى، دالانچە - قېرىنچە ياكى يۈرەك قېرىنچىسىنىڭ ئۆتكۈزۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش ياكى سىنۇسلۇق يىغىندى ئالامىتى ھەمدە قان بېسىمى روشەن ھالدا تۆۋەن بولۇش، ئېلېكترولىتلار كۆرۈنەرلىك تەڭپۇڭسىزلىنىش، ئېغىر دەرىجىدىكى توسۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆپكە كېسەللىكلىرى، ئېغىر ئۆتىدىغان مۇسكۇل جانسىزلىنىشلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ يەرلىك ئورۇننى ناركوز قىلغۇچى دورىلار ياكى يۈرەك سوقۇش قېتىمى ۋە يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىشىنى تورمۇزلىغۇچى باشقا

دورىلارنى ئىشلىتىۋاتقانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بىمارنىڭ ئىنكاس سۈرئىتى ۋە ماشىنىلاردا مەشغۇلات قىلىش ۋە ماشىنا ھەيدەش ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ شۇڭا، مىقدارىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەڭشەش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 رىتمونورم گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. قاپلىق تابلېتى: تابلېت/150mg ، قاپ/10 تابلېت، ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 70mg/20mg ، قاپ/5 ئامپۇل.

## سوتالول ھىدروخلورىد

(盐酸索他洛尔，Sotalol Hydrochloride)

【باشقا نامى】 施太可، سوتاكور (舒心可, Sotacor)، 甲磺胺心定 .

【ئاساسىي تەركىبى】 سوتالول ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا تاللاشچانلىقتا ئىگە بولمىغان β - ئادرېنالىن ئىقتىدارلىق ئاكسېپتورنى تورمۇزلىغۇچى دورا بولۇپ، يۈرەك سوقۇش قېتىمىنى ئاستىلىتىش ۋە قىسقىرىش كۈچىنى ئاجىزلىتىش، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ ئوكسىگېن سەرپىياتىنى ئازايتىش تەسىرىگە ئىگە. يۈرەكنىڭ ھەرىكەت پوتېنسىئال ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ، يۈرەك دالانچىسى، يۈرەك قېرىنچىسى، يان يولنىڭ ئۈنۈملۈك قوزغالماس دەۋرىنى ئۇزارتىدۇ. يۇقىرى قان بېسىمى بىمارلىرىنىڭ قىسقىرىش بېسىمى ۋە كېڭىيىش بېسىمىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىدۇ. ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، $t_{1/2}$ 12h بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 دەسلەپكى مىقدارى كۈنىگە 160mg بولۇپ، ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ، دورا بېرىش ئارىلىقى 12 سائەت بولۇپ، تاماقتىن 2 ~ 1 سائەت ئىلگىرى ئىچىلىدۇ. 3 ~ 2 كۈندە دورا مىقدارى كۈنىگە تەدرىجىي ھالدا 320mg ~ 240 غا كۆپەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 نەپەس قىيىنلىشىش، چارچاش، باش قېيىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باش ئاغرىش، قىزىش، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، تۆۋەن قان بېسىمى، ئېغىر بولغاندا يۈرەك ئۇچى تولغىنىش تىپلىق قېرىنچە مەنبەلىك يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈرەك رىتىمسىزلىقى كېلىپ چىقىدۇ. دېمى سىقىلىش، سۆلۈق ئىششىقلارمۇ پەيدا بولىدۇ، ئەسۋە ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: كانايچە زىققىسى ياكى توسۇلۇش خاراكتېرلىك سوزۇلما ھاۋا يولى كېسەللىكلىرى، بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلار، يۈرەك مەنبەلىك شوك، سىمپېتوملۇق سىنۇس مەنبەلىك يۈرەك سوقۇش زىيادە ئاستىلاش، سىنۇسلۇق يىغىندى ئالامەتلەر، Ⅱ ~ Ⅲ دەرىجىلىك دالانچە ـ قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش، تىزگىنلەنمىگەن قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىق، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىق، تۇغما ياكى ئېرىشمە QT ئارىلىق ۋاقتى ئۇزىراش يىغىندى ئالامەتلىرى، ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ئوپېراتسىيىدە ياكى يۈرەك مۇسكۇلىنى تورمۇزلىغۇچى دورا ئىشلەتكەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ دىئابېت كېسلى، قان شېكىرى تۆۋەنلەش تارىخى بارلار، قالقانبەز خىزمىتى تەرەققىي قىلىشچان كۆچىيىپ كەتكەنلەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ يۇقىرى قان بېسىمىغا قارشى باشقا دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە دورا مىقدارىنى تەڭشەشكە دىققەت قىلىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سوتاكور ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/80mg، قاپ/14 تابلېت، قاپ/28 تابلېت.

## پوتاسسىئۇم ماگنېزىئۇم ئاسپارتات

(门冬氨酸钾镁, Potassium Magnesium Aspartate)

【باشقا نامى】 پانانگىن (潘南金, Panangin)، 脉安定، پېرىكۇرسال (Perikursal).

【ئاساسىي تەركىبى】 ماگنېزىئۇم ئاسپارتات، پوتاسسىئۇم ئاسپارتات.

【فارماكولوگىيلىك ئالاھىدىلىكى】 كالىي ئىئونى يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ مېتابولىزمىنى ياخشىلاپ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ ھەمدە ئوكسىگېن سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، دىگىتالىسنىڭ زەھەرلەش تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ماگنىي ئىئونى ھۈجەيرە ئىچىدىكى كالىي مىقدارىنى ساقلاپ قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاسپارتىك كىسلاتانىڭ ھۈجەيرىلەر بىلەن يېقىنلىشىش كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، بەدەندە كالىي، ماگنىي ئىئونلىرىنى توشۇپ، ھۈجەيرىگە ئېلىپ كىرىدىغان توشۇغۇچى قىلىنىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 تۆۋەن كالىي، ماگنىيلىق قان كېسىلى، يۈرەك رىتىمى نورماللىسىزلىنىش، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، يۈرەك سانجىقى، ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغى، جىگەر قېتىش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، قاندا ئاممونىي يۇقىرىلاش كېسىلى، ھامىلدارلىقتىكى يۇقىرى قان بېسىمى يىغىندى ئالامەتلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا ئىككى تابلېتتىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ. ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلەتكەندە: ھەر قېتىمدا بىر تابلېتتىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ. بالىلارغا ئىشلەتكەندە: بەش ياشتىن تۆۋەنلەرگە ھەر قېتىمدا بىر تابلېتتىن، 10 ياشتىكىلەرگە ھەر قېتىمدا ئىككى تابلېتتىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. ۋېناغا تېمىتقاندا كۈنىگە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 ~ 20ml ئاستا ـ ئاستا تېمىتىلىدۇ. ئالاھىدە بىمارلارغا ھەر قېتىمدا 60ml ياكى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. بالىلارغا دورا مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قان تومۇرلار ئاغرىش، قىزىرىش، قان بېسىم تۆۋەنلەش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. يۈرەك سوقۇش قېتىمى ئاستىلاش، ئاشقازان يارىسى ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: قاندا كالىي يۇقىرىلىغان، قاندا ماگنىي يۇقىرىلىغان، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ؛ ۋېناغا تېمىتقاندا

تېمىتىش سۈرئىتى ئاستا بولۇشى لازىم؛ دىگىتالىستىن زەھەرلەنگەنلەردىن سىرت، دالانچە ـ قېرىنچە ئۆتكۈزۈش توسۇلغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 پانانگىن ۋېنگىرىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: قاپ/50 تابلېت؛ ئوكۇلى: تەركىبىدە 400mg ماگنىيئۇم ئاسپارتات ۋە 452mg پوتاسسىئۇم ئاسپارتات بار، ئامپۇل/10ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## § 3 . يۈرەك سانجىقىغا قارشى دورىلار

### ئىزوسوربىد دىنىترات
(硝酸异山梨酯, Isosorbide Dinitrate)

【باشقا نامى】 ئىزوكېت (异舒吉, Isoket)، ئېلانتانت (异乐定, Elantant). ئىزو - ماك (易顺脉, Iso—Mack)، ئانگىئولونگ (安其伦, Angiolong).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئىزوسوربىد دىنىترات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورىنىڭ تەسىرى نىتروگلىتسېرىن بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىچىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ، تىل ئاستىغا قويۇپ شۈمگەندە 2 ~ 3min تا ئۈنۈم بېرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۈرەك سانجىقى ۋە قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىشىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يۈرەك سانجىقىنى پەسەيتىشتە تىل ئاستىغا دورا سېلىنىدۇ، ھەر قېتىمدا 500mg ئىشلىتىلىدۇ. يۈرەك سانجىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ھەر قېتىمدا 5~10mg دىن كۈنگە 10~30mg ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ، ۋېناغا تېمىتقاندا 2mg/h بولىدۇ، تۇمانلاشتۇرۇپ شۈمۈرتكەندە ھەر قېتىمدا 1.25~3.75mg ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 دورا ئىشلەتكەن دەسلەپكى مەزگىلدە قان تومۇرلارنىڭ كېڭىيىشى تۈپەيلى باش ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش پەيدا

بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: قان تومۇرنى كېڭەيتكۈچى باشقا دورىلار، كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى دورىلار، قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار، ترىسكلىك تۈرىدىكى خامۇشلۇققا قارشى دورىلار ۋە ئىسپىرت بىلەن بىللە ئىشلەتكەندە بۇ دورىنىڭ قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى كۈچىيىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئايلىنىش زەئىپلىشىش، ئېغىر دەرىجىدىكى تۆۋەن قان بېسىمى، ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيى، تۆۋەن قان تولۇشلۇق ئۆتكۈر يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: دورا ئىشلىتىش داۋامىدا بىمارنىڭ يۈرەك رىتىمى ۋە قان بېسىمىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ تۇرۇش كېرەك؛ قالقانبەز ئىقتىدارى چېكىنگەن، ئۇزۇقلىنىشى ناچارلاشقان، ئېغىر جىگەر، بۆرەك كېسەللىرى، بەدەن ئېغىرلىقى زىيادە تۆۋەنلەر، ھامىلدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئىزوكېت گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك تابلېتى: تابلېت/20mg ، قاپ/50 تابلېت؛ ئوكۇلى: 1mg/ml ، ئامپۇل /10ml ، ئامپۇل /50ml ، تۇمانلاشتۇرغۇچى ياسالمىسى: دانە/1.25mg×300 قېتىم پۈركۈلىدۇ.

ئېلانتانت گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/20mg ، قاپ/50 تابلېت.

ئىزو - ماك گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/20mg ، قاپ/20 دانە، قاپ/10 دانە، دانە/40mg ، قاپ/20 دانە، قاپ/100 دانە، ئېغىزغا پۈركۈلىدىغان ياسالمىسى؛ بوتۇلكا/125mg .

ئانگىسئولونگ ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك كاپسۇلى: دانە/20mg ، قاپ/20 دانە، دانە/40mg ، قاپ/10 دانە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىزوسوربىد ـ 5 ـ نىترات
(单硝酸异山梨酯, Isosorbide — 5 — Nitrate)

【باشقا نامى】 مونوترات (莫诺确特, Monotrate)، ئىس ـ 5 ـ مونو رېتارد راتىئوفارم (德明, Is—5—Mono, Retard Ratiopharm)، ئۇزۇن ئۈنۈملۈك ئېلانتان لونگ (长效异乐定, Elantan Long)، پېنتاكارد 20 (盘得高, Pentacard20)، كورانگىن (康维欣, Corangin)، مونوماك 50D (莫诺美地, Mono Mack 50D).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئىزوسوربىد ـ 5 ـ نىترات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئىزوسوربىد ـ 5 ـ نىترات بولسا بۇ دورىنىڭ ئاساسلىق ئاكتىپلاشقان مېتالىزم ھاسىلاتى بولۇپ، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىككە قارشى تۇرۇش تەسىرى بار. ئىچكىنىدە تېزلىكتە سۈمۈرۈلىدۇ، جىگەردە دەسلەپكى دورا تەسىرى مەۋجۇت بولمايدۇ، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 100% گە يېتىدۇ، $t_{1/2}$ 5 ~ 6h، بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 تاجسىمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسىلى، قان تومۇر سپازمىلىنىش تىپلىق ۋە ئارىلاش تىپلىق يۈرەك سانجىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىشىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 20mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئەسۋە، بەدەن تۇرقى خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى، باش قېيىش، باش ئاغرىش، يۈز قىسمى قىزىرىش، قىزىغاندەك سېزىش، كۆڭۈل ئېلىشىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: قان تومۇرنى كېڭەيتكۈچى باشقا دورىلار، كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى دورىلار، قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار، ترىسكلىك تۈرىدىكى خامۇشلۇققا قارشى دورىلار ۋە ئىسپىرت بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، بۇ دورىنىڭ قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى كۈچىيىدۇ؛ دىھىدروئېرگوتامىن (双氢麦角胺) نىڭ قان بېسىم تۆۋەنلىتىش تەسىرى بۇ

دورا تەرىپىدىن كۈچەيتىلىدۇ؛ ستېروئىدلىق بولمىغان ياللۇغقا قارشى دورىلار (非甾体抗炎药) بۇ دورىنىڭ تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: گلائۇكوما، شوك، قېلىنلاشقان توسۇلۇش خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى بىمارلىرىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: بەدەن تۇرقى خاراكتېرلىك قان ئايلىنىشىنىڭ تەڭشىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغۇچىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ يۈرەك سانجىقىنىڭ ئۆتكۈر قوزغىلىشىغا ئىشلىتىلمەيدۇ؛ ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، ئۆپكە ئايلىنىشىدا بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىم بارلار، ئائورتا كلاپىنى ياكى ئىككى قاناتلىق قاپقىقى تارايغانلار، باش ئىچى بېسىمى يۇقىرىلىغانلار، بۆرەك ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغۇچىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مونوترات ھىندىستاندا ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك تابلېتى: تابلېت/50mg، قاپ/10 تابلېت.

ئىس - 5 - مونورېتارد راتىئوفارم گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك كاپسۇلى: دانە/40mg، قاپ/30 دانە.

ئۇزۇن ئۈنۈملۈك ئېلانتان لونگ گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/25mg، دانە/50mg، قاپ/20 دانە.

پېنتاكارد گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېت: تابلېت/20mg، بولاق/100 تابلېت.

كورانگىن شۋېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېت، تابلېت/40mg، قاپ/10 تابلېت، قاپ/20 تابلېت، تابلېت/60mg، قاپ/10 تابلېت، قاپ/20 تابلېت.

موناماك گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/50mg، قاپ/20 تابلېت.

## ئاتېنولول

(阿替洛尔，Atenolol)

【باشقا نامى】 تېنورمىن (天诺敏，Tenormin).

【ئاساسى تەركىبى】 ئاتېنولول.

www.uyghurkitap.com

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 β - ئادرېنالىن ئىقتىدارلىق ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورا بولۇپ، يۈرەك سانجىقى ئالامەتلىرىنى ئۈنۈملۈك يوقىتالايدۇ ياكى ياخشىلايدۇ. يۈرەككە بولغان تاللاشچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، قان تومۇر ۋە كانايچىلارغا بولغان تەسىرى نىسبەتەن ئاجىز. ئىچكەندىن كېيىن تەخمىنەن 40 ~ 50% سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax، 2 ~ 4h بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، كۈندە بىر قېتىم ئىچىلسە، دورا ئۈنۈمى ئاز بولغاندا 24h سائەت داۋام قىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۇقىرى قان بېسىمى، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يۇقىرى قان بېسىمغا: 1~100mg، كۈنىگە بىر قېتىم، يۈرەك سانجىقى ۋە يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا: 100mg، كۈنىگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان بىمارلارغا دورا مىقدارى تەڭشەپ بېرىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، يۈرەك زەئىپلىشىش، كانايچىلار سپازمىلىنىش، ئاشقازان - ئۈچەي يولى يېقىمسىزلىنىش، چارچاش، دالانچە - قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش، تۆۋەن قان بېسىمى، ئۇيقۇسى ناچارلىشىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: يۇقىرى قان بېسىمغا قارشى باشقا دورىلار ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، بۇ دورىنىڭ قان بېسىم تۆۋەنلىتىش ئۈنۈمى كۈچىيىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: Ⅱ، Ⅲ دەرىجىلىك دالانچە - قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش، سىنۇسلۇق يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىشىش، يۈرەك مەنبەلىك شوك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، دىئابېت كېسىلى بارلار، قالقانبەز خىزمىتى كۈچىيىپ كەتكەنلەر، ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، يۈرەكنىڭ كومپېنساتسىيىلىك ئىقتىدارى ناچارلاشقانلار، يۈرىكى زەئىپلەشكەنلەر، سوزۇلما خاراكتېرلىك نەپەس يولى توسۇلۇش، زىققە، زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، بالىلارغا

ئىشلىتىش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

【ساقلىنىشى ۋە ئۆلچىمى】 تېنورمىن ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: 25mg/تابلېت، 28/قاپ تابلېت، 50mg/تابلېت، 28/قاپ تابلېت.

## دىلتىئازېم

(地尔硫䓬 Diltiazem)

【باشقا نامى】 ئودىزېم (奥的镇, Odizem)، خېربېسسېر (合心爽, Herbesser).

【ئاساسىي تەركىبى】 دىلتىئازېم ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 كالتسىينىڭ يولىنى توسقۇچى دورا بولۇپ، ئاساسلىقى قان تومۇر سىلىق مۇسكۇلىغا تاللاش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ، تاجسىمان ئارتېرىيىنى كېڭەيتىپ، يان شاخچە قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ، تاجسىمان ئارتېرىيىنىڭ قان مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، قان يېتىشمەسلىك مەزگىلىدىكى قان يېتىشمىگەن رايوننىڭ قان ئېقىمىنى ياخشىلايدۇ ھەمدە يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەيدۇ؛ ئەتراپ قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، يۈرەكنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، Tmax 3 ~ 5h، $t_{1/2}$ 4 ~ 6h، ئاقسىل بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 80% بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەرخىل تىپتىكى يۈرەك سانجىقى، بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىمى (يېنىك، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى) گە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەرقېتىمدا 30 ~ 60mg، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندا قېرىنچە ئۈستى مەنبەلىك يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىشكە ھەرقېتىمدا 10mg ئاستا - ئاستا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ ئوپېراتسىيىدىكى غەيرىي نورمال يۇقىرى قان بېسىمىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەر قېتىمدا 10mg ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ھەر مىنۇتتا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 5 ~ 10μg ۋېناغا تېمىتىلىدۇ؛ جىددىي يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىگە ھەر مىنۇتتا ھەر kg

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەدەن ئېغىرلىقىغا 15μg ~ 5 ۋېناغا تېمىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، ئاشقازان ـ ئۈچەي يولى بىئارام بولۇش، ئەسۋە، تومۇر سوقۇش ئاستىلاش، دالانچە ـ قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش ۋە ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك GPT يۇقىرىلاش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: يۇقىرى قان بېسىمغا قارشى دورىلار، β ـ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلار ياكى دىگىتالىس، پۇرىتىپ ناركوز قىلىش دورىلىرى بىلەن ئۆزئارا تەسىرلىشىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئېغىر دەرىجىدىكى تۆۋەن قان بېسىمى ياكى يۈرەك مەنبەلىك شوك، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، سىنۇس ـ دالانچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش، قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىكى ياكى يۈرەك مۇسكۇل كېسەللىكى بىمارلىرىغا، ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 خېرىيىسىپر ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/30mg، قاپ/20 تابلېت، قاپ/50 تابلېت: ئوكۇلى: ئامپۇل/10mg، قاپ/10 ئامپۇل، ئامپۇل/50mg، قاپ/10 ئامپۇل.

## نىتروگلىتسېرىن

(硝酸甘油, Nitroglycerin)

【باشقا نامى】 نىترو ـ تىم (耐安康, Nitro — Time)، نىتو ـ ماك ـ رېتارد (疗通脉, Nito — Mack — Retard)، 夕护晓، نىتروستات (耐较咛, Nitrostat)، نىترودېرم (硝酸甘油贴膜, Nitroderm TTS)، گلىتسېرىل ترىنىترات نىلرادىز (三硝酸甘油酯缓释贴剂, Glyceryl Trinitrate Nilradise)، نىتروگلىتسېرىن دېپونىت (贴保宁, Nitroglycerin Deponit)، نىترولىنگۇئال (永保心灵, Nitrolingual).

【ئاساسىي تەركىبى】 گلىتسېرىل ترىنىترات

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 قان تومۇر سىلىق مۇسكۇلىنى بىۋاسىتە بوشىتىدۇ، بولۇپمۇ قىل قان تومۇر سىلىق مۇسكۇللىرىنى بوشاشتۇرۇپ، ئەتراپ قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، ئەتراپ

قارشىلىق كۈچىنى تۆۋەنلىتىدۇ، يۈرەككە قايتىدىغان قان مىقدارىنى ئازايتىدۇ، يۈرەكنىڭ چىقىرىدىغان قان مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ ئوكسىگېن سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، نەتىجىدە يۈرەك سانجىقى ياخشىلىنىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۈرەك سانجىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يۈرەك سانجىقىنى پەسەيتىشتە ھەر قېتىمدا 0.5mg تىل ئاستىغا سېلىنىدۇ. نىتروگلىتسېرىنلىق پەردە ياكى نىتروگلىتسېرىنلىق پلاستېر كۆنگە بىر دانە كۆكرەك ئالدىغا چاپلىنىدۇ، مىقدارى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، يۈز قىزىرىش، ئۈيقۇسىراش، بەدەن تۈرقى خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى، رېفلېكسلىق يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش كۆرۈلىدۇ. كوللاپس ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: قان تومۇرلارنى كېڭەيتكۈچى دورىلار، يۇقىرى قان بېسىمىغا قارشى دورىلار، β - ئاكسېپتورىنى توسقۇچى دورىلار، كالتسىي ئىئونىنى توسقۇچى دورىلار، نېرۋىنى تورموزلىغۇچى دورىلار ياكى تىرىسكلىك تۈربىدىكى خامۇشلۇققا قارشى دورىلار ۋە ئىسپىرت بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، بۇ دورىنىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى كۈچىيىدۇ؛ دىھىدروئېرگوتوكسىن (二氢麦角碱) نىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ، ھېپارىن (肝素) نىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ② مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئۆتكۈر خاراكتېرلىك قان ئايلىنىش زەئىپلىشىش، ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەن قان بېسىمى، گلاۋكوما بىمارلىرىغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ يۇتۇۋېتىشكە بولمايدۇ؛ دەسلەپتە ئىشلەتكەندە ناچار تەسىرىدىن ساقلىنىش ۋە يېنىكلىتىش ئۈچۈن يېرىم تال دورىنى تىل ئاستىغا قويۇپ شۈمسە بولىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 نىترو - ماك - رېتارد گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن: كاپسۇلى: دانە/25mg ، قاپ/20 دانە، قاپ/60 دانە.

نىترو - تىم ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن: ئاستا تەسىرلىك كاپسۇلى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دانه/2.5mg ، دانه/6.5mg .

夕护晓 ئامپرىكىدا ئىشلەنگەن. پلاستىرى: پلاستىر/$10cm^2$ ، پلاستىر/$20cm^2$ ، پلاستىر/$30cm^2$ .

نتروستات ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. تابلېتى: 0.6mg ، قاپ/25×4 .

نترودېرم پلاستىر پەردىسى شۋېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. پلاستىر/2.5mg ، پلاستىر/5mg .

گلىتسېرىل ترىنىترات نىلرادىز پلاستىرى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. پلاستىرى: پلاستىر/10mg .

نىتروگلىتسېرىن دېپونىت گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. پلاستىرى: پلاستىر/5mg ، پلاستىر/10mg ، قاپ/10 پلاستىر.

نىترولىنگۇئال شىياڭگاڭدا ئىشلەنگەن. پۈركۈلىدىغان ياسالمىسى: 230×400μg قېتىم پۈركۈلىدۇ.

## ترىمېتازىدىن

(曲美他嗪，Trimetazidine)

【باشقا نامى】 ۋازورېل (万爽力，Vasorel)، Idaptan، Vastazin، Vastarel، 三甲氧苄嗪، 心康宁، 冠脉舒.

【ئاساسىي تەركىبى】 دىھىدروخلور ترىمېتازىدىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ھۈجەيرە سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىككە قارشى تۇرۇش رولىغا ئىگە. ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ، 2h Tmax ، $t_{1/2}$ 6h بولۇپ، كۆپ قىسمى ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۈرەك سانجىقىنى ئۇزۇن مۇددەت داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە 60mg ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ تاماق يېگەندە ئازراق ئىلمان سۇدا ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، ئەسۋە قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 يېڭىدىن پەيدا بولغان يۈرەك

مۇسكۇل تىقلىمىسىغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ۋازورېل فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/20mg، قاپ/30 تابلېت.

## 4 §. ئەتراپ قان تومۇرلارنى كېڭەيتكۈچى دورىلار

### پېنتوكسىفىللىن
(己酮可可碱，Pentoxifylline)

【باشقا نامى】 ترېنتال (巡能泰，Trental)، پېنتومېر (潘通，Pentomer)، تورېنتال (己酮可可豆减，Torental).

【ئاساسي تەركىبى】 تورېنتال.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئەتراپ قان تومۇرلارنى كېڭەيتكۈچى دورا بولۇپ، ھۈجەيرىلەرنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ، قان پلاستىنكىلىرىنىڭ توپلىشىشنى تورمۇزلاپ، قاننىڭ يېپىشقاقلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق، قان ئېقىمىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدۇ، مېڭە ۋە تۆت مۇچىدىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى ياخشىلايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئەتراپ ئارتېرىيىلەرنىڭ توسۇلۇشى مەنبەلىك كېسەللىكلەر، ئارتېرىيە بوتقىسىمان قېتىش ياكى دىئابېت كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئارتېرىيە، ۋېنا كېسەللىكلىرى ۋە ئوزۇقلىنىش توسقۇنلۇقىقا ئۇچراش، مېڭە قان ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، كۆز ۋە ئىچكى قۇلاق قان ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، كۆرۈش كۈچى ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارى ناچارلىشىش.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 بىماردىكى قان ئايلىنىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچراش دەرىجىسى ۋە تۈرىگە ھەمدە بىمارنىڭ بۇ دورىغا بولغان چىدامچانلىقىغا ئاساسەن دورا مىقدارى ۋە دورا بېرىش شەكلىنى بېكىتىپ، يەككە تەنلەر بويىچە دورا بېرىلىدۇ. ئادەتتىكى مىقدارى ھەر قېتىمدا

www.uyghurkitap.com

200 ~ 600mg، كۈنىگە 2 ~ 3 قېتىم ئىچىلىدۇ. كۈنىگە ئىككى قېتىم ۋېنىغا تېمىتقاندا، ھەر قېتىمدا 200 ~ 400mg، 90 ~ 180min تا تېمىتىش تاماملىنىدۇ. 24h ئىچىدىكى مىقدارى 1200mg دىن ئاشۇرۇلمايدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يۈز قىسمى قىزىرىش، ئاشقازان - ئۈچەي يولى يېقىمسىزلىنىش كۆپ كۆرۈلىدۇ؛ يۈرەك رىتىمسىزلىقى ئاز كۆرۈلىدۇ، بەدەن قىچىشىش، قىزىرىش، يەلتاشما ۋە ئېغىر ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىلەر، باش قېيىش، باش ئاغرىش، ھاياجانلىنىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ؛ يۈرەك سانجىقى، قان بېسىم تۆۋەنلەش، تېرە، شىللىق پەردە ۋە ئاشقازان - ئۈچەي يولى قاناش ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ؛ ئاز بىر قىسىم بىمارلاردا قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش كېسەللى كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پېنتوكسىفىللىن (己酮可可碱)، باشقا مېتىل كسانتىن (甲基黄嘌呤) ياكى ھەر قانداق بىر قويۇقلاتقۇچى تەركىبىگە زىيادە سەزگۈرلەرگە، قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلەرگە، كۆرۈش تور پەردىسى كەڭ دائىرىدە قانىغانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: جىگەر فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنلەرگە يەككە تەنلەرنىڭ چىدامچانلىقى بويىچە دورا مىقدارىنى ئازايتىش لازىم؛ تۆۋەن قان بېسىمنى بۇ دورا بىلەن داۋالىغاندا چوقۇم كىچىك دوزىدىن باشلاپ، دورا مىقدارىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇش لازىم؛ ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە پەيدا بولغاندا دورىنى چوقۇم توختىتىش ھەمدە دوختۇرغا خەۋەر قىلىش لازىم؛ ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك رىتىمسىزلىقى بارلار، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى بارلار، قان بېسىمى زىيادە تۆۋەن بولغانلار، بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەر، كرېئاتىنىننىڭ چىقىرىلىش نىسبىتى 30ml/min دىن تۆۋەنلەر، جىگەر فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنلەر، قاناش خاھىشى ئېغىر بولغانلارغا بولغان كۆزىتىشنى ئالاھىدە كۈچەيتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ترېنتال گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك شېكەر يالىتىلغان تابلېتى: تابلېت/400mg، بوتۇلكا/100 تابلېت؛ ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 300mg/15ml، قاپ/10 ئامپۇل.

پېنتومېر گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك تابلېت، تابلېت/400mg، قاپ/20 تابلېت، ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 100mg/5ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## شانتىنول نىكوتىنات

(尼可占替诺，Xanthinol Nicotinate)

【باشقا نامى】 ۋېدرىن (脉栓通，Vedrin).

【ئاساسىي تەركىبى】 پروكسىفىللىن نىكوتىنات (羟丙茶碱烟酸酯).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، كىچىك ئارتېرىيە سىلىق مۇسكۇللىرىغا تەسىر قىلىدىغان ئەتراپ قان تومۇرلارنى كېڭەيتكۈچى دورا. قان تومۇرلارنىڭ سپازمىلىنىشىنى يوقىتىدۇ؛ نېرۋا ئاخىرقى ئۇچلىرىنىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئازايتىدۇ؛ ئوكسىگېنىنىڭ توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلىشىنى ئاشۇرىدۇ؛ تالا ئاقسىلىنى ئېرىتىدۇ، قان نۆكچىسى قايتا شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ خولېستېرىن ۋە ترىگلىتسېرىد (三酰甘油) نىڭ مىقدارىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۈرەك تاجسىمان ئارتېرىيىسىدىكى قان ئايلىنىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىغا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: تاجسىمان ئارتېرىيە قېتىش، يۈرەك سانجىقى قاتارلىقلار، ئەتراپ ئارتېرىيىلەرنىڭ قان ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، مەسىلەن: رايناۋۇد كېسىلى، ئارىلاپ ئاقساش كېسەللى، دىئابېت كېسىلىدىن بولغان گانگرېنا، قان نۆكچىسى كەپلەشكەن ۋېنا ياللۇغى، ئەتراپ قان تومۇرلاردا نۆكچە شەكىللىنىش قاتارلىقلار؛ مېتابولىزم قالايمىقانلىشىش، مەسىلەن: قان يېغى كۆپىيىپ كېتىش، قاندا خولېستېرول كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىقلار.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەرقېتىمدا 2 ~ 1 تال ئىچىلىدۇ. مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا، كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 ~ 1 ئامپۇل ئوكۇل قىلىنىدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندا كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەرقېتىمدا 2 ~ 1 ئامپۇل ئوكۇل قىلىنىدۇ. ۋېناغا تېمىتقاندا، ھەر قېتىمدا ئىككى ئامپۇل 2h تېمىتىلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ دورا نېرۋا ئۆتكۈزۈشنى تورمۇزلىغۇچى دورىلار بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىلمەيدۇ. ② مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئۆتكۈر خاراكتېرلىك قاناش، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، كومپېنساتسىيىلىك ئىقتىدارىنى يوقاتقان يۈرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغان ئەھۋالدا ئوكۇلىنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس. ③ باشقىلار: بەزىدە بۇ دورىنى ئىشلىتىشكە باشلىغاندا، تېرىلەر قىزىرىپ چىقىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ۋېدرىن ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/150mg ، قاپ/30 تابلېت؛ ئوكۇلى: ئامپۇل/300mg ، قاپ/10 ئامپۇل.

## مىدودرىن

(米多君，Midodrine)

【باشقا نامى】 گۇترون (管通，Gutron).

【ئاساسىي تەركىبى】 مىدودرىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئەتراپ قان تومۇرلاردىكى $\alpha_1$- ئاكسېپتورغا تاللاش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىش مېخانىزمىغا ئىگە بولۇپ، β - ئاكسېپتورنى قوزغاتمايدۇ. ئىچكەندىن كېيىنكى بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 93% گە يېتىدۇ، $t_{1/2}$، 3h گە يېتىدۇ، ئىنچىكە ئۈچەي دىۋارىدا مېتابولىزملىنىدۇ، ئاساسلىقى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۈرەك قان تومۇرلارنىڭ تەڭشەش ئىقتىدارى قالايمىقانلىشىشنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆرە تۇرۇشتىن بولغان تۆۋەن قان بېسىم، بەدەن تۇرقى خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىم، سىمپتوملۇق ۋە كىلىماتقا سەزگۈرلىكتىن بولغان تۆۋەن قان بېسىمغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ۋە بالاغەتكە يەتكەن بىمارلار ھەر كۈنى ئەتىگەن، كەچتە بىر قېتىمدىن، ھەرقېتىمدا بىر تالدىن ئىچىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ. باللارغا دورا مىقدارى بەدەن ئېغىرلىقىغا قاراپ ھېسابلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك ئالدى رايونى

ئاغرىش ۋە تېرە رېئاكسىيىسى ئاز كۆرۈلىدۇ. مىقدارى كۆپ بولغاندا مويلار تىكلىنىش رېئاكسىيىسى يەنى توخۇئەت ئۆرلەش، ئۆزىنى توڭلىغاندەك سېزىش ۋە سۇيىدۇك يىغىلىپ قېلىش كېلىپ چىقىشى ھەمدە تومۇر سوقۇشى مىنۇتىغا 60 قېتىمدىن تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار 】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: يۇقىرى قان بېسىمى، خروم خۇمار ھۈجەيرە ئۆسمىسى، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك بۆرەك ياللۇغى، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچراش، گلاۋكوما، مەزى بېزى يوغىناشقا ئەگىشىپ كەلگەن سۇيىدۇك يىغىلىپ قېلىش، مېخانىك سۇيىدۇك توسۇلۇش، قالقانبەز خىزمىتى كۈچىيىپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ئۇزۇن مەزگىل دورا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ بۆرەك فۇنكسىيىسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، يۇقىرى قان بېسىم تارىخى بارلارغا دورا مىقدارىنى قاتتىق كونترول قىلىش لازىم؛ ئورگان خاراكتېرلىك ئېغىر دەرىجىدىكى يۈرەك ئۆزگىرىشى، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى ياكى يۈرەك رىتىمسىزلىقى ۋە بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىقلارغا دورا ئىشلەتكەندە دورا مىقدارىنى تەڭشەشكە دىققەت قىلىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 گۇترون ئاۋسترىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2.5mg ، قاپ/20 تابلېت.

## فېنتولامىن
## (酚妥拉明，Phentolamine)

【باشقا نامى】 رېگىتىن (利其丁，Regitin)، 瑞支停，甲苄胺唑啉

【ئاساسىي تەركىبى】 فېنتولامىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 قىسقا ئۈنۈملۈك α ـ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورا بولۇپ، $\alpha_1$ ، $\alpha_2$ ـ ئاكسېپتورلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، قاندىكى كاتېخولامىنغا قارشى تەسىرى بولۇپ، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، ئەتراپ قارشىلىق كۈچىنى تۆۋەنلىتىدۇ، قان بېسىمى، ئۆپكە ئارتېرىيە بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ؛ يۈرەكنى غىدىقلاش تەسىرىگە ئىگە بولۇپ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچىنى كۈچەيتىپ، يۈرەك سوقۇش قېتىمىنى تېزلىتىدۇ، دالانچە ـ قېرىنچە

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈشنى تېزلىتىدۇ، يۈرەكنىڭ چىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** ئەتراپ قان تومۇرلار سىپازمىلىنىشتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. ئۆتكۈر، سوزۇلما قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىشىشنى داۋالاپ، يۈرەكنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ؛ يۇقۇملىنىش خاراكتېرلىك، يۈرەك مەنبەلىك ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك شوكنى داۋالاشتا ھەمدە خروم خۇمار ھۇجەيرە ئۆسمىسىگە دىئاگنوز قويۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** قان تومۇرلار سىپازمىلىنىشتىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا: ھەر قېتىمدا 5mg، كۈنىگە 2 ~ 1 قېتىم مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، شوكقا قارشى تۇرۇشتا 0.3mg/min ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، خروم خۇمار ھۇجەيرە ئۆسمىسىگە دىئاگنوز قويۇشتا ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 5mg، بالىلارغا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.1mg ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن، قان بېسىمى ھەر 0.5min تا بىر قېتىمدىن جەمئىي 10min ئۆلچىنىدۇ. يۈرەك زەئىپلىشىشكە ئىشلەتكەندە 30mg ~ 15 ۋېناغا تېمىتىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئۆرە تۇرۇش خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، يۈرەك سانجىقى، ئىچ سۈرۈش، كۆڭۈل ئېلىشىش، بۇرۇن پۈتۈپ قېلىش، تېرە قىزىرىپ قېلىش قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، زەھەرچانلىقى كۈچىيىدۇ، تۆمۈر ياسالمىسىغا قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: تۆۋەن قان بېسىمى، ئارتېرىيە ئېغىر دەرىجىدە قېتىش، يۈرەك سانجىقى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: شوكقا قارشى داۋالاشتىن ئىلگىرى چوقۇم قان سىغىمچانلىقىنى تولۇقلاش كېرەك.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** رېگىتىن شۋېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن: ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى ئامپۇل/10mg/ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## § 5. قان بېسىمىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار

### ۋېراپامىل
(维拉帕米，Verapamil)

【باشقا نامى】 ئىزوپتىن (Isoptin، 异搏定)، 诺富生، 戊脉安، Novopressan، Anpec، Veraloc.

【ئاساسىي تەركىبى】 ۋېراپامىل ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 كالتسىي ئىئونى بىلەن قارشىلاشقۇچى دورا بولۇپ، كالتسىي ئىئونىنىڭ سىنۇس دالانچە تۈگۈنى قاتارلىق ئاستا ئىنكاسلىق ھۈجەيرە ئىچىگە كىرىشىنى تاللاش خاراكتېرلىك تىزگىنلەيدۇ، سىنۇس دالانچە تۈگۈنى، دالانچە، قېرىنچە تۈگۈنىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش خۇسۇسىيىتىنى ئاجىزلىتىدۇ. يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىش كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، ئوكسىگېن سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، شۇنىڭدەك تاجىسىمان ئارتېرىيە ۋە ئەتراپ قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، قان بېسىمىنى سۈس تۆۋەنلىتىش رولىغا ئىگە. ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 2h، $t_{1/2}$ 3 ~ 7h غىچە بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 دالانچە خاراكتېرلىك مۇددەتتىن بالدۇر سوقۇش ۋە قېرىنچە ئۈستى مەنبەلىك يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىششكە ئىشلىتىلىدۇ، يۈرەك سانجىقى، قېلىنلاشقان يۈرەك مۇسكۇل كېسىلى، يېنىك، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلىش ئارقىلىق قېرىنچە ئۈستى مەنبەلىك تۇتقاقلىق يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىششنى توختىتىشقا بولىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 40mg كۈنىگە 3 قېتىم ئىچىلىدۇ. ئاستا تەسىرلىك تابلېتى كۈنىگە بىر قېتىم، 120 ~ 240mg ئىچىلىدۇ. بالىلارنىڭ مىقدارى: ئىككى ياشتىن تۆۋەنلەرگە ھەر قېتىمدا 20mg، كۈنىگە 2 ~ 3 قېتىم ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قەۋزىيەت، يۈرەك سىلىش، باش قېيىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ۋېناغا ئوكۇل قىلىنسا تۆۋەن قان بېسىمى پەيدا قىلىدۇ، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، سىنۇس دالانچە توسۇلۇش، Ⅱ دەرىجىلىك ياكى Ⅲ دەرىجىلىك دالانچە ـ قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: β ـ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە تۆۋەن قان بېسىمى، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش، ھەتتا يۈرەك سوقۇشى تۇيۇقسىز توختاپ قېلىش كېلىپ چىقىدۇ؛ دىگىتالىس بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە دىگىتالىسنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، باشقا يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا قارشى دورىلار، پۈرىتىپ ناركوز قىلىش دورىلىرى، مۇسكۇللارنى بوشاتقۇچى دورىلار، كاربامازېپىن (卡马西平)، لىتىي تۇزلىرى، رىفامپىن (利福平) لار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە ئېھتىيات قىلىش لازىم. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: يۈرەك ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلىشىش، يۈرەك مەنبەلىك شوك، Ⅱ ياكى Ⅲ دەرىجىلىك دالانچە ـ قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش، سىنۇسلۇق يىغىندى ئالامەتلەر، ئېغىر دەرىجىدىكى قان بېسىم تۆۋەنلىك، ۋولف ـ پاركىنسون ـ ۋىت سىندرومىغا ئەگىشىپ كەلگەن يان يول ئالدىدىن ئايلىنىش تىپلىق قايتىش خاراكتېرلىك يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش، بولۇپمۇ دالانچە تىترەش قوشۇلۇپ كېلىش، دالانچە تەۋرەشلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملىنىش، يېنىك، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى تۆۋەن قان بېسىمى، كانايچە زىققىسى بىمارلىرى ۋە ھامىلىدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلىش سۈرئىتى بەك تېز بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، يۈرەك سوقۇشى تۇيۇقسىز توختاپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرەك رىتىمى ۋە قان بېسىمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئىزوپتىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك تابلېتى: تابلېت/240mg، قاپ/10 تابلېت؛ لىسوپتىن ئادەتتىكى تابلېتى: تابلېت/40mg، قاپ/50 تابلېت،

قاپ/100 تابلېت؛ تابلېت/80mg، قاپ/20 تابلېت، قاپ/50 تابلېت.
ۋېراپامىل ھىدروخلورىد ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك تابلېتى: تابلېت/240mg، قاپ/7 تابلېت، قاپ/10 تابلېت، قاپ/20 تابلېت.

## ئۇراپىدىل
(乌拉地尔, Urapidil)

【باشقا نامى】优匹敌، ئېبرانتىل (压宁定, Ebrantil)
【ئاساسىي تەركىبى】ئۇراپىدىل ھىدروخلورىد.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئەتراپ ۋە مەركەزگە تەسىر قىلىش ئارقىلىق قوش بىسلىق قان بېسىم تۆۋەنلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەتراپقا بولغان تەسىرى $\alpha_1$ - ئاكسېپتورنى تورمۇزلاش، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىش، ئەتراپ قارشىلىق كۈچىنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت، مەركەزگە بولغان تەسىرى بولسا ئاساسلىقى مېڭە غولىدىكى 5 ـ ھىدروكسىد ترىپتامىن (5 — 羟色胺) ئاكسېپتورىنى غىدىقلاش، ئۆزۈنچاق مېڭىدىكى يۈرەك قان تومۇر مەركىزىنىڭ قايتما ئىنكاس تەڭشىشىنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت. بۇ دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشى ياخشى، Tmax ، 4 ~ 6h جىگەردە پارچىلىنىپ بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەرخىل تىپتىكى يۇقىرى قان بېسىمغا ئىشلىتىلىدۇ. مەزى بېزى يوغىناشقىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە 30 ~ 180mg ، 30 ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ. ئادەتتە دەسلەپكى مىقدارى ھەر قېتىمدا 30mg بولۇپ، كۈنىگە 2 قېتىم ئىچىلىدۇ، كېيىن كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشىلىدۇ. 12.5 ~ 25mg نى ۋېناغا ئوكۇل قىلىپ، قان بېسىم ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ 5 ~ 10min تىن كېيىن زۆرۈر تېپىلسا يەنە 12.5 ~ 25mg ئوكۇل قىلىشقا بولىدۇ. ۋېنادىن تېمىتقاندا، داۋالاش ئۈنۈمىنى ساقلاش ياكى قان بېسىمنى ئاستا ـ ئاستا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بۇ دورا ناترىي خلورىد ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ياكى گلۇكوزا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئـــوكـــۇل ســـۇيـــۇقـــلـــۇقـــىـــغـــا قـــوشـــۇپ بـــېـــرىـــلـــىـــدۇ، تېمىتىش ســـۈرئـــىـــتـــى ئـــادەتـــتـــە 100 ~ 400μg/min بولىدۇ. قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىكى: قان بېسىمى روشەن يۇقىرىلىغانلارغا ئالدى بىلەن بۇ دورىدىن 12.5 ~ 25mgنى 10ml ناتريي خلورىد ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ياكى گلۇكوزا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا قوشۇپ ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، تېمىتىش سۈرئىتى 100 ~ 400μg/min بولىدۇ، كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ مىقدارى ۋە تېمىتىش سۈرئىتى تەڭشىلىدۇ، كۆنىگە بىر قېتىم ياكى 24h ئۆدا ئىشلىتىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى ئادەتتە 3 ~ 6 كۈن بولىدۇ، كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ئالتە كۈندىن كۆپ بولىسىمۇ بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، باش قېيىش، ماغدۇرسىزلىنىش، يۈرەك سېلىش ۋە ئاشقازان، ئۈچەي رېئاكسىيىسى، ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە، ئۆرە تۇرۇش خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى ۋە قان بېسىم زىيادە تۆۋەنلەش كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، ئائورتا بوغۇزى تارىيىش ياكى ئارتېرىيە، ۋېنا بۆلۈنۈپ ئېقىش قوشۇلۇپ كەلگەن بىمارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئېبرانتىل گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك كاپسۇل: 300mg/دانە، 20/قاپ دانە؛ ئوكۇلى: 25mg/ئامپۇل، 5/قاپ ئامپۇل.

## بېتاكسولول

(倍他洛尔, Betaxolol)

【باشقا نامى】 كېرلون (卡尔仑, Kerlone)، 倍他索洛尔, 倍他心安

【ئاساسىي تەركىبى】 بېتاكسولول ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 $\beta_1$ - ئاكسېپتورنى تاللاش خاراكتېرلىك تورمۇزلىغۇچى دورا بولۇپ، $\beta_2$ - ئاكسېپتورغا تەسىرى يوق دېيەرلىك، ئىچكەندىن كېيىن Tmax 4 ~ 6h، $t_{1/2}$ 16 ~ 22h، تەسىرى 24hدىن ئارتۇق ساقلىنىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۇقىرى قان بېسىمغا

ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى ئەگەشمە كېسەللىك بولمىغان ياش يۇقىرى قان بېسىم بىمارلىرىغا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ھەر قېتىمدا 20mg ~ 10 كۈنىگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ، ياشانغانلار ۋە بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغانلارغا كۈنىگە 10mg ئىشلىتىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** چارچاش، ماغدۇرسىزلىنىش، تۆت مۇچە سېزىمى بىنورمال بولۇش، ئارىلاپ ئاقساش ئېغىرلىششلار دائىم كۆرۈلىدۇ، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش ۋە تۆۋەن قان بېسىممۇ كۆرۈلىدۇ، ئېغىر بولغاندا دالانچە - قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش، كاناپچىلار سپازمىلىنىش كېلىپ چىقىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: يۈرەك مەنبەلىك شوك ۋە كونترول قىلىنمىغان يۈرەك زەئىپلىكى بارلار، دالانچە ــ قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلغانلار، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلار ۋە ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: مىقدارى كۆپ بولۇشتىن يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاپ كەتسە ئاتروپىن ئارقىلىق تۈزىتىشكە بولىدۇ، يۈرەك زەئىپلەشسە دىگىتالىس ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، تۆۋەن قان بېسىمى ئادرېنالىن بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** كېرلون فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/10mg ، تابلېت/20mg ، تابلېت/14mg .

## ئىنداپامىد

(吲达帕胺, Indapamide)

**【باشقا نامى】** 吲满胺 ، ناترىلىكس (钠催离, Natrilix) ، 寿比山 ، مىللىبار (美利巴, Millibar) ، Ipamix, Arifon .

**【ئاساسى تەركىبى】** ئىنداپامىد.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** كالتسىي بىلەن قارشىلىشىدىغان قان بېسىم تۆۋەنلەتكۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار تۆۋەن دوزىدا ئىشلىتىلسە ئاساسلىقى قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىدۇ. يۇقىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوزىدا ئىشلىتىلسە سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە بولىدۇ، ئىچكەندە تېز، تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax $0.5 \sim 1h$ ، $t_{1/2}$ $14 \sim 18h$ بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يېنىك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىمى، قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەخىملىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بەدەن سۇيۇقلۇقى يىغىلىپ قېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە بىر قېتىم ھەر قېتىمدا 2.5mg ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ، قامداش مىقدارى ئىككى كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2.5mg بولىدۇ، دورا ئىشلىتىپ ئىككى ھەپتىدە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىسا، كۈنىگە 5mg نى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئۇدا 6 ~ 4 ھەپتە ئىچسە بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق، چارچاش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىچ سۈرۈش، ئەسۋە چىقىش، قىچىشىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: مېڭە قان تومۇر كېسەلى بارلار، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشكەنلەر، ھامىلدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: سۇلفانىلامىدلار (磺胺) غا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلاردا ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە پەيدا قىلىشى مۇمكىن؛ كالىي تۆۋەنلەرنىڭ قېنىدىكى كالىينى تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم؛ β ـ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلار، يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى دورىلار، قان ئۇيۇشقا قارشى دورىلار، قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار، دىئازېپام (安定) قاتارلىق دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ناترىلىكس فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2.5mg.

## بۇنازوسىن ھىدروخلورىد

(盐酸布纳唑嗪, Bunazosin Hydrochloride)

【باشقا نامى】 دېتانتو (迪坦妥, Detanto).

【ئاساسي تەركىبى】 بۇنازوسىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، $\alpha_1$ - ئاكسېپتورنى تاللاپ تورمۇزلىغۇچى دورا بولۇپ، $\alpha_2$ - ئاكسېپتورغا تەسىرى يوق دېيەرلىك، شۇڭا سىمپاتىك نېرۋا ئۇچىنىڭ كاتېخولامىن قويۇپ بېرىشتىن ئىبارەت تەتۈر قايتما تەسىرىنى تورمۇزلىمايدۇ، يۈرەك سوقۇش قېتىم سانى ۋە يۈرەكنىڭ چىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇۋەتمەيدۇ. 1h Tmax ، 2h$t_{1/2}$ ، جىگەردە پارچىلىنىپ، گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىم، بۆرەك مەنبەلىك يۇقىرى قان بېسىم ۋە خروم خۇمار ھۇجەيرە ئۆسمىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يۇقىرى قان بېسىمغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 دەسلەپكى مىقدارى كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 0.5mg بولۇپ، تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ، كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ تەدرىجىي ھالدا ھەر قېتىمدا 2mg كۆپەيتىلىدۇ، كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم بولۇپ، كۈندىلىك ئەڭ يۇقىرى مىقدارى 12mg دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، باش ئاغرىش، يۈرەك سېلىش، ئۇيقۇسىراش، ئاشقازان، ئۈچەي يېقىمسىزلىنىش، بۇرۇن پۈتۈپ قېلىش، يۈزى قىزىرىش، تۆۋەن قان بېسىمى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى چېكىنگەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 دېتانتو ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېت: تابلېتى/0.5mg ، تابلېت/1mg ، تابلېت/3mg .

## لاتسىدىپىن

(拉西地平，Lacidipine)

【باشقا نامى】 لاتسىپىل (乐息平，Lacipil) .

【ئاساسي تەركىبى】 لاتسىدىپىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ بىر يېڭى تىپتىكى

پىرىدىن (吡啶) تۇرىدىكى كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى دورا بولۇپ، قان تومۇر سىلىق مۇسكۇلىنى بوشىتىشتا يۇقىرى تاللاشچانلىققا ئىگە. قىسقىرىش بېسىمى، كېڭىيىش بېسىمى، ئارتېرىيىنىڭ ئوتتۇرىچە بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، يۈرەك سوقۇش قېتىمىنى سەل ئاشۇرىدۇ. ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، ئەمما دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، دورا بېرىلگەندىن كېيىن 3h Tmax بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بىرلەمچى، ئىككىلەمچى ۋە بۆرەك مەنبەلىك يۇقىرى قان بېسىملارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ يۈرەك سانجىقىنىڭ قوزغىلىش قېتىمىنى ۋە نىتروگلىتسېرىننىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنى ئازايتىدۇ؛ يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە يۈرەك زەئىپلىشىش ئالامەتلىرى ۋە يۈرەك فۇنكسىيىسى ياخشىلىنىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 4 ~ 8mg ئىچىلىدۇ، ياشانغانلارنىڭ دەسلەپكى مىقدارى 2mg بولۇپ، كۈنىگە بىر قېتىم ئەتىگەندە ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يۈز قىسمى قىزىرىش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، يۈرەك سېلىش، ئوشۇق قىسمى سۇلۇق ئىششىش، ئاشقازان، ئۈچەي يېقىمسىزلىنىش كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: سىمېتىدىن (甲氰咪胍) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى ئارتىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: تۇغما يۈرەك كېسىلىگە قوشۇلۇپ كەلگەن يۈرەك ۋە جىگەر فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 لاتسىپىل ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: 2mg/تابلېت، 4mg/تابلېت، 7 تابلېت/قاپ.

## ئاملودىپىن

(氨氯地平, Amlodipine)

【بلقا نامى】 نورۋازك (洛活喜, Norvasc)، 安洛地平, 阿莫洛地平, Istin

【ئاساسىي تەركىبى】 ئاملودىپىن بېنزوسۇلفونات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 يېڭى تىپتىكى دىھىدروپىرىدىن (二氢吡啶) تۈرىدىكى ئۆزۈن ئۈنۈملۈك كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى دورا بولۇپ، ئاكسېپتور بىلەن بىرىكىش ۋە پارچىلىنىش سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا، تەسىرى كېچىكىپ كۆرۈلىدۇ ھەم ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىدۇ، قان تومۇرلارغا بولغان تاللاشچانلىقى نىفېدىپىن (硝苯地平) دىن يۇقىرى. باشقا قارشىلاشقۇچى دورىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ ئۆتكۈزۈشى ۋە قىسقىرىشىغا تەسىرى يوق، رېفلېكسلىق يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش پەيدا قىلمايدۇ. ئىچكەندە سۈمۈرۈلۈشى ئاستا بولىدۇ، Tmax 8 ~ 12h، $t_{1/2}$ 35 ~ 50h، بۇ دورا جىگەردە مېتا بولىزملىنىپ، مېتالىزم ھاسىلاتىنىڭ كۆپ قىسمى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 دەسلەپكى مىقدارى ھەر قېتىمدا 5mg بولۇپ، كۈنىگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ، كېيىن كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ دورا مىقدارى ئاشۇرۇلىدۇ ياكى كېمەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئوشۇق ۋە يۈز قىسمىدا يېنىك دەرىجىدە سۇلۇق ئىششىق، يۈز قىزىرىش، باش ئاغرىش، باش قېيىش ۋە ئاشقازان، ئۈچەي رېئاكسىيىسى دائىم كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 جىگەر فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 نورۋازك ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/5mg، قاپ/7 تابلېت.

## نىفېدىپىن
(硝基地平，Nifedipine)

【باشقا نامى】 ئېكودىپىن (艾克地平，Ecodipine)، ئۈنىدىپىن (乐欣平，Unidipine)، ئادالات گىتىس (拜新同，Adalat Gitis) 心痛定.

【ئاساسىي تەركىبى】 نىفېدىپىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 دىھىدرو پىرىدىن تۈرىدىكى كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى دورا بولۇپ، قان تومۇر سىلىق مۇسكۇلى ھۈجەيرىسىدىكى كالتسىي ئىئونىنىڭ ھۈجەيرە ئىچىگە كىرىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تورمۇزلاش ئارقىلىق، ئەتراپ قان تومۇرلىرى ۋە تاجسىمان قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىپ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، تاجسىمان ئارتېرىيىدىكى قان ئېقىمىنى ئاشۇرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۈرەك سانجىقى، ھەرخىل تۈردىكى يۇقىرى قان بېسىمى ۋە يۈرەك زەئىپلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەرقېتىمدا 10mg دىن كۈنىگە 4 ~ 3 قېتىم ئىچىلىدۇ، قان بېسىمىنى جىددىي چۈشۈرۈشكە توغرا كەلگەندە بۇ دورىدىن بىر تابلېتنى تىل ئاستىغا سېلىپ شۈمۈشكە بولىدۇ. پۈركۈلگۈچى ياسالمىسى، ھەر قېتىمدا 4 ~ 3 قېتىم پۈركۈلىدۇ (1.5 ~ 2mg).

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، باش قېيىش، چارچاش، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، ئاشقازان يېقىمسىزلىنىش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، قەۋزىيەت، ئىچ سۈرۈش، ئۆرە تۇرۇش خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، ئاندا ـ ساندا جىگەرنى زەخىملەندۈرىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: Ⅱ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دالانچە ـ قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش، سىنۇس ـ دالانچە توسۇلۇشلارغا ۋە ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.
② باشقىلار: ئائورتا كلاپانى تارايغان، قان بېسىمى تۆۋەن، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. دىئابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا ئىشلىتىلىدىغان قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىنىڭ مىقدارى تەڭشىلىدۇ، دورىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىپ توساتتىن توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئېكودىپىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك تابلېتى: تابلېت/20mg، قاپ/10 تابلېت.

ئۇنىدىپىن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. تەسىرى كونترول قىلىنىدىغان تابلېت: تابلېت/30mg، قاپ/10 تابلېت.

ئادالات گېتىس گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تەسىرى كونترول قىلىنىدىغان تابلېتى: تابلېت/30mg، قاپ/10 تابلېت، تابلېت/60mg، قاپ/10 تابلېت.

# نىكاردىپىن
(尼卡地平，Nicardipine)

【باشقا نامى】 佩尔, پېردىپىن (佩尔地平，Perdipine)、硝苯苄胺啶 .
【ئاساسىي تەركىبى】 نىكاردىپىن ھىدروخلورىد.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 2 ـ ئەۋلاد دىھىدروپىرىدىن تۈرىدىكى كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى دورا بولۇپ، ئارتېرىيە سىلىق مۇسكۇلى ھۈجەيرىسىدىكى فوسفودىئېستېرازا (磷酸二酯酶) نىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تورمۇزلاپ، سىكلىك ئادېنوزىن فوسفات (环磷腺苷) نىڭ قويۇقلۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ ھەمدە تاجسىمان ئارتېرىيە، مېڭە ۋە بۆرەك قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىپ، قان ئېقىمىنى كۆپەيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قان تومۇر ئۈچلىرىنىڭ قارشىلىق كۈچىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ ئوكسىگېن سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ دورا ئاساسلىقى كىچىك ئۈچەيدە سۈمۈرۈلىدۇ، 20mg ئىچىلگەندىن كېيىن $T_{max}$ 30min ، $t_{1/2}$ 1.5h بولىدۇ، جىگەردە پارچىلىنىپ، ئاساسلىقى گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، بۇ دورىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا قان تومۇر سىلىق مۇسكۇلىغا بولغان تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك، يۈرەكنى تورمۇزلاش تەسىرى ئەڭ ئاجىز.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىمى، قان يېتىشمەسلىك خاراكتېرلىك مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىك ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىكىگە ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 دائىملىق مىقدارى ھەر قېتىمدا 20mg ~ 10 بولۇپ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ. مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە ھەر قېتىمدا 20mg؛ يۇقىرى قان بېسىم، يۈرەك سانجىقىغا ھەر قېتىمدا 30mg ~ 10؛ يۈرەك زەئىپلىكىگە ھەر قېتىمدا 40mg ~ 20 كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. جىددىي يۇقىرى قان بېسىم كېسەلگە دائىملىق مىقدارى مىنۇتىغا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 2μg ~ 1 تېمىتىلىدۇ، تېمىتقاندا بىر تەرەپتىن قان بېسىمىنى ئۆلچەپ، يەنە بىر تەرەپتىن تېمىش سۈرئىتى تەڭشىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

【ناچار تەسىرى】 ئۇدا ئىشلەتكەندە قان زەردابىدىكى بىلىرۇبىن، BUN، GOT، GPT لار تاسادىپىي يۇقىرى ئۆرلەپ قالىدۇ. دانىچە ھۈجەيرىلەر كېمىيىش، ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ئاز كۆرۈلىدۇ؛ ئىشتىھاسىزلىق، قورساق ئاغرىش، ئېغىز قۇرۇش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، تۆۋەنكى مۈچە سۇلۇق ئىششىش، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى باشقا دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، قان تومۇرلارنى كېڭەيتكۈچى باشقا دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، تۆۋەن قان بېسىمىغا دىققەت قىلىش لازىم. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: باش ئىچى بېسىمى يۇقىرىلىغان ياكى قان توختىمىغانلار، ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: تۆۋەن قان بېسىمى، گلاۋكوما، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 پېردىپىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك كاپسۇلى: 40mg/دانە، 30/قاپ دانە؛ ئوكۇلى 2mg/ئامپۇل، 10/قاپ ئامپۇل.

## كاپتوپرىل

(卡托普利, Captopril)

【باشقا نامى】 كاپوتېن (开博通, Capoten)، 硫甲丙脯酸.

【ئاساسىي تەركىبى】 كاپتوپرىل.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ يۇقىرى قان بېسىمغا قارشى تەسىرگە ئىگە دورا بولۇپ، ئانگىئوتېنسىن ئىنۋېرتازا (血管紧张素转换酶) نى تورمۇزلىغۇچى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك دورا (ACEI)، بۇ يەنە ئالدوستېرون (醛固酮) نىڭ ئاجرىلىشىنى تورمۇزلاپ، ناترىي ۋە سۇ يىغىلىپ قېلىشىنى ئازايتىدۇ. ئادەتتە بىر قېتىملىق مىقدارى ئىچىلىپ 60 ~ 90min تىن كېيىن ئەڭ كۈچلۈك قان بېسىم تۆۋەنلىتىش تەسىرى پەيدا بولىدۇ. ئىچكەندە تېز

سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 1h، 24h ئىچىدە 95% دىن ئارتۇق دورا سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ، $t_{1/2}$ 3h دىن ئاز بولىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورا، دىگىتالىس تۈرىدىكى دورىلار ئۈنۈم بەرمىگەن يۈرەك زەئىپلىشىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 دائىملىق مىقدارى 50mg ~ 25 بولۇپ، كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم تاماقتىن بىر سائەت ئىلگىرى ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يۆتەل ۋە ھەزىم يولى غىدىقلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ئاقسىللىق سۈيدۈك، بۆرەك كېسىلى يىغىندى ئالامەتلىرى، نېيترال دانىچە ھۈجەيرىلەر كېمىيىش، داغلىق دۆڭچە ئەسۋە قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ قالىدۇ، ئەمما ھەممىسى دېگۈدەك يېنىك بولىدۇ؛ يۈز قىسمى قىزىرىش، تەم سېزىمى چېكىنىش، ئاۋاز چىقىرىش قىيىنلىشىش، سېزىم نورمالسىزلىنىش، يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش، كۆكرەك ئاغرىش، يۈرەك سىيلىش، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، رايناۋۇد كېسىلى، قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىشىش، GPT يۇقىرى ئۆرلەش، توسۇلۇش خاراكتېرلىك سېرىقلىق چۇشۇش ۋە ئىككىلەمچى ئۆت سۇيۇقلۇقى يىغىلىپ قېلىش قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ؛ قان بېسىمى ۋاقىتلىق تۆۋەنلەش ھەمدە يېنىك ھەم قىسقا مۇددەتلىك باش قېيىش قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: بۇ دورا قاندىكى كالىينى يۇقىرىلىتىشى مۇمكىن، شۇڭا ئانتىستېرون (安体舒通)، ترىئامتېرېن (氨苯喋啶)، ئامىلورىد (阿米洛利) قاتارلىق كالىينى ساقلاپ، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ئىممۇنىتلىق ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان دورىلار ئىشلىتىلگەنلەر، بۆرەك ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنگەن ۋە ئۆز بەدەن ئىممۇنىتى كەمچىل بولغانلار، باللار، ھامىلدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ قان تومۇر مەنبەلىك سۇلۇق ئىششىش ئالامەتلىرى بايقالسا، جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ھەم دورىنى توختىتىش لازىم؛ ئەگەر

www.uyghurkitap.com

باش ئاغرىش، قىزىش قاتارلىق يۇقۇملىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئۆز ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىش، ئاق قان ھۈجەيرىسى تۆۋەنلەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. يۈرىكى زەئىپلەشكەن بىمارلارنى داۋالىغاندا، ئۇلارنىڭ زىيادە جىسمانىي پائالىيەت قىلىشىنى توسۇش، بەدەن سۇيۇقلۇقى كېمىيىپ، قان بېسىم تۆۋەنلەپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەرلەش، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كاپوتېن ئامبىرىكىدا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/12.5mg ، قاپ/20 تابلېت، قاپ/100 تابلېت، تابلېت/25mg ، قاپ/10 تابلېت، قاپ/50 تابلېت.

## لىزىنوپرىل

(赖诺普利, Lisinopril)

【باشقا نامى】 داپرىل (麦道心宁,Dapril) ، 诺普顿 ، زېسترىل (捷赐瑞,Zestril) ، 麦通心宁 ، 利压定 .

【ئاساسىي تەركىبى】 لىزىنوپرىل دىھىدرات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ ACEI تۈرىدىكى دورا بولۇپ، ئىچكەندە ئوڭاي سۈمۈرۈلىدۇ، دورىنى ئىچىپ 2h ئىچىدە ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ، Tmax 6h ～ 4 ، $t_{1/2}$ 12h ، بەدەنگە كەڭ تارقىلىدۇ، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكمەيدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىمى ۋە بۆرەك مەنبەلىك يۇقىرى قان بېسىمىغا ئىشلىتىلىدۇ، قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىشىشىنىمۇ داۋالايدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 10mg ، كۈنىگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ ياكى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، باش ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش، يۆتىلىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئەسۋە چىقىش، يۈرەك سېلىش، كۆكرەك ئاغرىش ۋە زىققە قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، بالىلار ۋە بۆرەك ئىقتىدارى ئېغىر

دەرىجىدە زەخىملەنگەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەگەر قان بېسىم تۆۋەنلەش كۆرۈلسە، بىمار تۈز ياتقۇزۇلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ۋېنادىن فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۈيى بېرىلىدۇ ياكى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دورا مىقدارى تەڭشىلىدۇ؛ بۆرەك فۇنكسىيىسى ۋە قاندىكى كالىي مىقدارى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 داپرىل سىپرۇستا ئىشلەنگەن. تابلېت/5mg ، تابلېت/10mg ، قاپ/20 تابلېت، قاپ/30 تابلېت.

زېستىرىل ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/5mg ، تابلېت/10mg ، تابلېت/20mg ، قاپ/28 تابلېت.

## بېنازېپرىل

(苯那普利，Benazepril)

【باشقا نامى】 لوتېنسىن (洛汀新，Lotensin)، Cibacene

【ئاساسىي تەركىبى】 بېنازېپرىل ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 جىگەردە ئاكتىپچانلىققا ئىگە ماددا بېنناپرىلا (苯那普利拉) غا ئايلىنىپ، ئانگىئوتېنسىن ئىنۋېرتازا (血管紧张素转换酶) نى تورمۇزلايدۇ، قان تومۇرلارنى كېڭەيتكۈچى برادىكىنىن (血管舒张剂缓激肽) نىڭ سۇسلىشىشىنى تورمۇزلاش ئارقىلىق قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش تەسىرىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ، مۇتلەق بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 27%، Tmax 1.5h، قان زەرداپىدىكى ئاقسىل بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تەخمىنەن 95%، $t_{1/2}$ 10 ~ 11h، ئاساسلىقى بۆرەك ۋە ئۆت سۇيۇقلۇقى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەرقايسى دەۋردىكى يۇقىرى قان بېسىمى، قان تولۇش خاراكتېرلىك يۈرەك زەئىپلىشىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يۇقىرى قان بېسىمى: دەسلەپكى مىقدارى 10mg بولۇپ، كۈنىگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ، كېيىن مۇۋاپىق كۆپەيتىشكە بولىدۇ، بۆرەك فۇنكسىيىسى زەئىپلىشىش: دەسلەپكى مىقدارى 15mg بولۇپ، كۈنىگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ، بۇ دورىنى يەككە

ئىشلىتىپ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش ئۈنۈمى قانائەتلىنەرلىك بولمىسا، تىئازىدلىق (噻嗪类) سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار، كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى دورىلار، β- ئاكسېپتورنى تورمۇزلىغۇچى دورىلارنى قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دەسلەپكى مىقدارى تۆۋەن بولۇشى كېرەك؛ قان تولۇش مەنبەلىك يۈرەك زەئىپلىشىش: دەسلەپكى مىقدارى 2.5mg بولۇپ، كۈنىگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، ئۈيقۇسىراش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، ئەسۋە چىقىش، قىچىشقاق، يۈز قىزىرىش، تۆۋەن قان بېسىمى، يۈرەك سېلىش، يۆتىلىش، نەپەس قىيىنلىشىش، سىيىش قېتىم سانى كۆپىيىش قاتارلىقلار ئاندا- ساندا كۆرۈلىدۇ. جىگەر ياللۇغى، ئۆت قېيىپ قېلىش خاراكتېرلىك سېرىقلىق چۈشۈش، قان تومۇرلار نېرۋا مەنبەلىك سۇلۇق ئىششىش قاتارلىقلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، قان تومۇرلار نېرۋا مەنبەلىك سۇلۇق ئىششىش تارىخى بارلار ۋە ھامىلدارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: بۆرەك ئارتېرىيىسى تارايغان بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، بۆرىكى زەئىپلەشكەنلەرگە تۆۋەن دوزىدا بېرىلىدۇ؛ ئاز بىر قىسىم بىمارلاردا قاندىكى BUN ۋە قان زەردابىدىكى كرېئاتىنىن يۇقىرى ئۆرلىسە، دورىنى توختاتقاندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ؛ يۈز قىسمىدا سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولسا دورىنى دەرھال توختىتىپ، قاندىكى كالىينى ئۆلچەشكە دىققەت قىلىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 لوتېنسىن شۆبىتسارىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/5mg، قاپ/14 تابلېت.

## ئېنالاپرىل

(依那普利, Enalapril)

【باشقا نامى】 苯脂丁脯酸، رېنىتېك (悦宁定, Renitec)، ئىنۋورىل (因弗尔, Invoril)، Innovace, Invoril.

【ئاساسىي تەركىبى】 ئېنالاپرىل مالېئات (依那普利马来酸盐).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 كاربوكسىل رادىكالى

(羧基) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ACEI بولۇپ، ئىچكەندىن كېيىن جىگەردە ئېنالاپرىل كىسلاتاسىغا ئايلىنىپ، ئانگىئوتېنسىن ئىنۋېرتازانى كۈچلۈك تورمۇزلايدۇ. ئىچكەندىن كېيىن تەخمىنەن 60%ى سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 3 ~ 4h، ئاقسىل بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 50 ~ 60%.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىمى، بۆرەك مەنبەلىك يۇقىرى قان بېسىمى، قان تولۇش مەنبەلىك يۈرەك زەئىپلىشىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 باشلىنىش مىقدارى كۈنىگە 5 ~ 10mg بولۇپ، 1 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنلەرگە كرېئاتىنىنىنىڭ چىقىرىلىش نىسبىتىگە قاراپ دورا مىقدارى تەڭشىلىدۇ. دائىملىق مىقدارى كۈنىگە 10 ~ 20mg بولۇپ، بىر كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى مىقدارى 40mg دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىراش، ئېغىز قۇرۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، يۈرەك سىلىش، دېمى سىقىلىش، يۆتىلىش، ئەسۋە چىقىش، GOT, GPT يۇقىرىلاش، قان تومۇرلار نېرۋا مەنبەلىك سۇلۇق ئىششىق قاتارلىقلار كۆرۈلسە، مىقدارى كېمەيتىلىدۇ، ئەگەر ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىپ كەتسە دورا توختىتىلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: سىمپاتىك نېرۋىنى توسقۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە ئېھتىيات قىلىش كېرەك؛ β - ئاكسېپتورنى توسقۇچى بىر قىسىم دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە بۇ دورىنىڭ يۇقىرى قان بېسىمىغا قارشى تەسىرى كۈچىيىدۇ؛ كالىينى ساقلىغۇچى سۈيدۈك ھەيدەش دورىلىرى، كالىي تۇزى ۋە كالىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، قاندا كالىي يۇقىرىلاش كېسىلى پەيدا بولىدۇ، بۇ دورىنى ئىشلەتكەندە ئاق قان ھۈجەيرىسى ۋە بۆرەك ئىقتىدارىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر ياكى ئىككىلا بۆرەك ئارتېرىيىسى تارايغۇچىلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: بۆرەك ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنلەر، بالىلار، ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، قان بېسىمى نورمال يۈرەك زەئىپلىكى بار بىمارلارغا دورا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن تۆۋەن قان بېسىمى پەيدا بولسا، دورا مىقدارىنى كېمەيتىش ياكى توختىتىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 رېنىتېك ئاۋستىرالىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2.5mg ، تابلېت/5mg ، تابلېت/10mg ، تابلېت/20mg ، قاپ/10 تابلېت.

ئاپو ـ ئېنالاپرىل كانادادا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2.5mg ، تابلېت/5mg ، تابلېت/10mg ، تابلېت/20mg .

ئېنام ھىندىستاندا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2.5mg ، تابلېت/5mg ، تابلېت/10mg ، قاپ/20 تابلېت.

ئىنۋورىل ھىندىستاندا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/5mg ، تابلېت/10mg ، قاپ/30 تابلېت.\

## دېلاپرىل
(地拉普利, Delapril)

【باشقا نامى】 ئادېكۇت (压得克,Adecut) .

【ئاساسىي تەركىبى】 دېلاپرىل.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 تەركىبىدە كاربوكسىل رادىكالى بولغان ئانگىئوتېنسىن ئىنۋېرتازانى تورمۇزلىغۇچى دورا بولۇپ، تەسىرى كاپتوپرىل (卡托普利) نىڭ 10 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، تەسىرىنىڭ داۋام قىلىش ۋاقتى ئۇزۇن.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۇقىرى قان بېسىمى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 باشلىنىش مىقدارى ھەر قېتىمدا 7.5mg بولۇپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ؛ دائىملىق مىقدارى ھەر قېتىمدا 15 ~ 30mg بولۇپ، كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ؛ ئەڭ يۇقىرى مىقدارى كۈنىگە 120mg ، داۋالاش ئۈنۈمى تۇراقلاشقاندىن كېيىن ئەتىگەندە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ، كۈندىلىك مىقدارى ياكى يېرىمى ئىشلىتىلىپ قامدىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ماغدۇرسىزلىنىش، چارچاش، يۆتىلىش، قان بېسىم تۆۋەنلەش، يۈرەك سېلىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، زىيادە سەزگۈرلۈك، قان تەكشۈرۈشتە نورمالسىز چىقىش، جىگەر فۇنكسىيىسى غەيرىي نورمال بولۇشلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: كالىينى ساقلاپ سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، قاندىكى كالىينىڭ قويۇقلۇقىنى ئۆلچەپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. ② مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنلەر، ئىككىلا تەرەپ بۆرەك ئارتېرىيىسى تارايغانلار، ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بوشلۇقتا مەشغۇلات قىلغۇچى خادىملار، شوپۇرلار ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئادېكۇت ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/15mg، قاپ/30 تابلېت.

## لوزارتان پوتاسسىيۇم
(氯沙坦钾, Losartan Potassium)

【باشقا نامى】 كوزائار (科素亚, Cozaar) 洛沙坦.

【ئاساسىي تەركىبى】 لوزارتان پوتاسسىيۇم.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 پېپتىدسىز (非肽类) ئانگىئوتېنسىن Ⅱ ئاكسېپتورى $AT_1$ تىپلىق قارشىلاشقۇچى، ئاكتىپچانلىققا ئىگە مېتابولىزم ھاسىلاتى بار. بۇ دورا قىسقىرىش بېسىمى ۋە كېڭىيىش بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، سول دالانچە ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ، ئىچكەندە ئوڭاي سۈمۈرۈلىدۇ، دەسلەپكى دورا تەسىرى تۆپەيلى، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 33% بولىدۇ، Tmax تەخمىنەن 1h، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 2h، جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاساسلىقى بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىمىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 50mg دىن كۈنگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، باش قېيىش، نەپەس يولى يۇقۇملىنىش، چارچاش، يۆتىلىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، ئۆرە تۇرۇش خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى، GPT يۇقىرىلاش ھەمدە قاندا كالىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقىرىلاش قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ؛ قان تومۇر خاراكتېرلىك سۇلۇق ئىششىق ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: قان سىغىمچانلىقى يېتىشمىگەنلەردە سىمپتوملۇق تۆۋەن قان بېسىمى پەيدا بولىدۇ. جىگەر فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەن تارىخى بارلارغا دورا مىقدارى كېمەيتىپ بېرىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كوزائار ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/50mg ، قاپ/7 تابلېت.

## ۋالسارتان

(缬沙坦, Valsartan)

【باشقا نامى】 دىئوۋان (代文, Dioan).

【ئاساسىي تەركىبى】 ۋالسارتان.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئانگىئوتېنسىن II ئاكسېپتورى بىلەن قارشىلاشقۇچى دورا بولۇپ، ئانگىئوتېنسىن ئاكسېپتورى بىلەن ئالاھىدە ۋە تاللاش خاراكتېرلىك بىرىكىش ئارقىلىق قان بېسىم تۆۋەنلىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۇقىرى قان بېسىمغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 80mg كۈنىگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ. ئەگەر قان بېسىمى كۆڭۈلدىكىدەك تۆۋەنلىمىسە، 160mg غىچە كۆپەيتىلىدۇ ياكى باشقا قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار.

【ناچار تەسىرى】 ئاساسلىقى باش قېيىش، باش ئاغرىش، چارچاش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. يۆتەل پەيدا بولۇش نىسبىتى ACEI نىڭكىدىن روشەن تۆۋەن بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورا تەركىبىگە زىيادە سەزگۈرلەرگە، ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: بۆرەك ئارتېرىيىسى

تارايغان، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغان، ئۆت سۇيۇقلۇقى مەنبەلىك جىگەر قاتقان ياكى ئۆت يولى توسۇلغانلاردا تۆۋەن قان بېسىمى خەتىرى پەيدا بولۇشى مۇمكىن؛ كالىينى ساقلىغۇچى سۇيدۈك ھەيدەش دورىلىرىنى ياكى كالىي تولۇقلىغۇچى دورىلارنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 دىئوۋان شۇپىتسارىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/80mg، دانە/160mg، قاپ/7 دانە، قاپ/28 دانە.

## § 6 . قاندىكى ماينى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار

### پراۋاستاتىن

(普伐他丁, Pravastatin)

【باشقا نامى】 مېۋالوتىن (美百乐镇, Mevalotin).

【ئاساسىي تەركىبى】 ناترىي پراۋاستاتىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئومۇمىي خولېستېرىن ۋە LDL — خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىش، HDL — خولېستېرىننى يۇقىرىلىتىش رولىغا ئىگە. ئۇنىڭ تەسىر مېخانىزمى 3 - كاربوكسىل 3 - مېتىل گلۇتارىل كوئېنزىم A (HMG — CoA)، (羧基—3—甲基戊二酰辅酶 A) رېدوكتازا (还原酶) نى ئالاھىدە توسۇپ، خولېستېرىننىڭ سىنتېزلىنىشىنى تورمۇزلاشتىن ئىبارەت.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 قاندىكى ياغ كۆپىيىپ كېتىش كېسىلى، جەمەتلىك قاندا خولېستېرىن كۆپىيىپ كېتىش كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار 10mg دىن كۈنىگە بىر قېتىم ياكى ھەر قېتىمدا 5mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىدۇ، يېشى ۋە كېسەللىك ئالامىتىگە قاراپ دورا مىقدارىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش ياكى كېمەيتىشكە بولىدۇ، ئېغىر كېسەللەرگە كۈندە 20mg غىچە كۆپەيتىشكە بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئەسۋە چىقىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قـەۋزىيەت، ئىچ سۈرۈش، قورساق ئاغرىش، ئاشقازان يېقىمسىزلىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ؛ BUN, GPT, GOT كرېئاتىنىنلار يۇقىرىلاش، مۇسكۇل ئاغرىش، مۇسكۇل ماغدۇرسىزلىنىش، بۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملىنىش قاتارلىقلار ناگاندا كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: فېنوكسى ئاروماتىك كىسلاتا (苯氧芳酸类) تۈرىدىكى ياسالمىلار، ئىممۇنىت تورمۇزلىغۇچى دورىلار ۋە نىكوتىن كىسلاتاسى بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، توغرا يوللۇق مۇسكۇل ئېرىش كېسىلى ئوڭاي پەيدا بولىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: بالىلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، ھامىلدارلار ۋە جىگەر فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ دورا ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى، قاندا ياغ كۆپىيىش كېسىلى، جەمەتلىك قاندا خولېستېرىن كۆپىيىش كېسىلى ئىككىلىكىگە ئېنىق دىئاگنوز قويۇلغاندىن كېيىن دورا ئىشلىتىشنى ئويلىشىش كېرەك.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** مېۋالوتىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/5mg، قاپ/100 تابلېت، تابلېت/10mg، قاپ/100 تابلېت.

## سىمۋاستاتىن

(辛伐他丁, Simvastatin)

**【باشقا نامى】** زوكور (舒降之, Zocor).

**【ئاساسىي تەركىبى】** سىمۋاستاتىن.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** ئەسلىدە ئاكتىپچانلىقى يوق لاكتون (内酯) بولۇپ، ئىچكەندىن كېيىن سۈمۈرۈلۈپ ماس ھالىدىكى β — كاربوكسىل كىسلاتالىق تۈزۈلۈشكە ھىدرولىزلىنىدۇ، بۇ، خولېستېرىن بىلەن بىرىكىشنى ئىلگىرى سۈرۈدىغان HMG—CoA رېدوكتازانى تورمۇزلىغۇچى ياسالمىدىن ئىبارەت. ئاساسلىق رولى جىگەردە جارى قىلدۇرۇلىدۇ، كېيىن ئۆت سۈيۇقلۇقى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 تاجىسمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسىلىگە قوشۇلۇپ كەلگەن قاندا خولېستېرىن يۇقىرىلاش كېسىلى، بىرلەمچى قاندا خولېستېرىن يۇقىرىلاش كېسىلى، ھېتېروزىگوتا (杂合子) جەمەتلىك قاندا خولېستېرىن يۇقىرىلاش كېسىلى، ئارىلاش تىپلىق قاندا ياغ يۇقىرىلاش كېسىلى بىمارلىرى ۋە ھوموزىگوتا (纯合子) جەمەتلىك قاندا خولېستېرىن يۇقىرىلاش كېسىلى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 قاندا ياغ كۆپىيىش كېسىلىگە ئىشلىتىلىدىغان دەسلەپكى مىقدارى كۈنىگە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 10mg بولۇپ، كەچتە ئىچىلىدۇ، مىقدارىنى تەڭشەشكە توغرا كەلسە تۆت ھەپتىدىن كېيىن تەڭشەش كېرەك، ئەڭ يۇقىرى مىقدارى كۈنىگە 80mg بولۇپ، كەچتە بىر قېتىمدىلا ئىچىلىدۇ. ھوموزىگوتالىق قاندا خولېستېرىن يۇقىرىلاش كېسىلىگە 40mg نى كەچتە بىر قېتىمدىن ئىچىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ ياكى كۈنىگە 80mg، كۈندۈزى 20mg دىن ئىككى قېتىم، كەچتە 40mg ئىچىلىدۇ. تاجىسمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسىلى بىمارلىرى ھەر كۈنى كەچتە 20mg نى دەسلەپكى مىقدارى قىلىپ ئىچىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغانلارغا ئىشلىتىلىدىغان دورا كۈنىگە 10mg دىن ئېشىپ كەتسە ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

【ناچار تەسىرى】 قورساق ئاغرىش، قەۋزىيەت، ئاشقازان- ئۈچەي كۆپۈش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، ماغدۇرسىزلىنىش، باش ئاغرىش كەم كۆرۈلىدۇ، مۇسكۇل كېسىلى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: داۋالاش دوزىسىدا سىتوخروما $P_{450}3A_4$ (细胞色素 $P_{450}3A_4$) نى كۆرۈنەرلىك تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە باشقا دورىلاردىن سىكلوسپورىن (环孢霉素) قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، توغرا يوللۇق مۇسكۇلنىڭ ئېرىش خەتىرىنى ئاشۇرىدۇ؛ تېترانافتول تۈرى (四氢萘类) دىكى كالتسىينىڭ يولىنى توسقۇچى دورا مىنوكسىدىل (米贝地尔) بىلەن بىرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىدىكى ھەرقانداق بىر تەركىبىگە زىيادە سەزگۈرلەر، ھەرىكەتچان جىگەر ياللۇغى ياكى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان GPT نىڭ ئۇدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ھامىلدار ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ئاز بىر قىسىم كىشىلەردە GPT يۇقىرىلاش كۆرۈلسە، دورا

ۋاقىتلىق ياكى پۈتۈنلەي توختىتىلغاندىن كېيىن، GPT ئادەتتە ئاستا-ئاستا داۋالاشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە كېلىدۇ؛ باشقا HMG—CoA رېدوكتازانى تورمۇزلىغۇچى دورىلار ئاندا - ساندا مۇسكۇل كېسەللىكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 Zocor ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. تابلېتى: 5mg/تابلېت، قاپ/10 تابلېت، 20mg/تابلېت، قاپ/7 تابلېت.

## فلۇۋاستاتىن

(氟伐他丁，Fluvastatin)

【باشقا نامى】 لېسكول (来适可，Lescol).

【ئاساسىي تەركىبى】 فلۇۋاستاتىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، بىر خىل پۈتۈنلەي سىنتېزلەنگەن سۇغا مايىل خولېستېرىننى تۆۋەنلەتكۈچى دورا بولۇپ، HMG—CoA رېدوكتازانى رىقابەتلىك تورمۇزلاپ، HMG—CoA نى مېۋالونىك كىسلاتا (3—甲基—3,5—二羟戊酸) غا ئايلاندۇرىدۇ، ئاساسلىق تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورنى جىگەر. يېمەك - ئىچمەك چەكلەنگەن ئەھۋالدا ئىچۈرسە تېز ھەم تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ. قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 98% دىن يۇقىرى بولۇپ، ئاساسلىق ئۆت يولى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يېمەك - ئىچمىكنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان قاندا ياغ يۇقىرىلاش كېسىلى بارلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 تەۋسىيە قىلىش مىقدارى ھەركۈنى كەچتە 20 ~ 40mg بولۇپ، بىرلا قېتىمدا ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق كۆرۈلىدۇ. جىگەر فۇنكسىيىسى نورمالسىزلىنىش، قورساق ئاغرىش، سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش ئالامەتلىرى ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئىئون ئالماشتۇرغۇچى رېزىنكە بىلەن بىرىكسە ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. رىفامپىتسىن (利福平) ئىچكەندىن كېيىن، بۇ دورىنىڭ بىئولوگىيىلىك

پايدىلىنىش دەرىجىسى تۆۋەنلەيدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، ھەرىكەتچان جىگەر ياللۇغى بارلار ياكى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان GPT ئۆرلەپ يۇقىرىلىغان بىمارلار ۋە ھامىلدارلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: جىگەر فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغانلار، 18 ياشتىن تۆۋەن بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 لېسكول شۆيىتسارىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 20mg/دانە، 7/قاپ دانە، 40mg/دانە، 7/قاپ دانە.

## لوۋاستاتىن
(洛伐他丁, Lovastatin)

【باشقا نامى】 مېۋناكور (美降之, Mevnacor).

【ئاساسىي تەركىبى】 لوۋاستاتىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، دورا بەدەندە ھىدرولىزلىنىپ، β - كاربوكسىل كىسلاتاسىنىڭ مېتابولىزملىق ھاسىلاتىغا ئايلىنىش ئارقىلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، β - كاربوكسىل كىسلاتا مېتابولىزم ھاسىلاتى HMG—CoA رېدوكتازانى تورمۇزلايدۇ. ئىچكى مەنبەلىك خولېستېرىننىڭ سىنتېزلىنىشىنى كېمەيتىدۇ. TG سەۋىيىسىنىمۇ تۆۋەنلىتەلەيدۇ. ئىچكەندىن كېيىن Tmax 2~4h بولىدۇ. قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تەخمىنەن 95%، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 1~2h.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بىرلەمچى قاندا خولېستېرىن يۇقىرىلاش كېسىلى، قاندا ياغ يۇقىرىلاش كېسىلىگە قوشۇلۇپ كەلگەن ترىگلىتسېرىد (三酰甘油) يۇقىرىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئادەتتە دەسلەپكى مىقدارى ھەرقېتىمدا 20mg بولۇپ، كۈنىگە بىر قېتىم كەچلىك تاماقتا ئىچىلىدۇ، يېنىك، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى قاندا خولېستېرىن يۇقىرىلاش كېسىلىگە 10mg دىن باشلاپ دورا بېرىپ، مىقدارىنى كۈنىگە ئەڭ كۆپ بولغاندا 80mg غىچە كۆپەيتىشكە بولىدۇ. تۆۋەن زىچلىقتىكى ياغ ئاقسىلى 1.95mmol/L دىن تۆۋەنلىگەندە ياكى ئومۇمىي خولېستېرىن 3.64mmol/L دىن تۆۋەنلىگەندە،

www.uyghurkitap.com

مىقدارىنى كېمەيتىش كېرەك.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان - ئۈچەي كۆپۈش، ئىچ سۈرۈش، قەۋزىيەت، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، باش قېيىش، چارچاش، كۆرۈش خىرەلىشىش، باش ئاغرىش، مۇسكۇللار ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، تەم سېزىمى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، قىچىشىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، مۇسكۇل كېسىلى ۋە توغرا يوللۇق مۇسكۇل ئېرىش قاتارلىقلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئىممۇنىت تورمۇزلىغۇچى دورىلاردىن گېمفىبروزىل (吉非罗齐)، نىكوتىن كىسلاتا (烟酸) ياكى ئېرىترومىتسىن (红霉素) لار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، مۇسكۇل كېسىلى قوزغىلىش خەتىرىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئوكۇمارىن (香豆素) قان ئۇيۇشقا قارشى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، بەزى بىمارلارنىڭ ترومبوگېن (凝血酶原) ۋاقتى ئۇزىرايدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىدىكى ھەرقانداق بىر تەركىبكە زىيادە سەزگۈرلەر، جىگىرىدە ھەرىكەتچان كېسەللىك ئۆزگىرىشى بارلار ياكى GPT ئۆدا يۇقىرىلىغان، ئەمما سەۋەبى ئېنىقلانمىغانلار، ھامىلىدارلار ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: جىگەر فۇنكسىيىسىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم؛ جىگەر كېسىلى تارىخى بارلار، ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ كرېئاتىنىننى قوزغاتقۇچى فېرمېنت (肌酸激酶) كۆرۈنەرلىك يۇقىرىلاپ، مۇسكۇل كېسىلى دەپ دىئاگنوز بېكىتىلگەن ياكى گۇمان قىلىنغانلارغا دورىنى دەرھال توختىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مېۋناكور ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/10mg، قاپ/10 تابلېت.

## بېزافىبرات

(苯扎贝特，Bezafibrate)

【باشقا نامى】 بېزافىبرات — 400 ستادا رېتارد

(脂康平，Bezafibrate—400 Stada Retard)

**【ئاساسىي تەركىبى】** بېزافىبرات.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** كلوفىبرات (氯贝丁脂) نىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى كلوفىبراتقا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ھەرخىل تىپلىق يۇقىرى ياغلىق قان كېسىللىكى قان ئومۇمىي خولېستېرىنىنىڭ ۋە ترىگلىتسېرىدنىڭ قويۇقلۇقىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ، ئىچكەندە تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 2h، $t_{1/2}$ 2.1h، ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** ئېغىر دەرىجىدىكى بىرلەمچى قاندا ياغ زىيادە كۆپىيىشكە ئىشلىتىلىدۇ، دىئابېت كېسىلى، يەللىك بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئەگىشىپ كەلگەن ئېغىر دەرىجىدىكى ئىككىلەمچى قاندا ترىگلىتسېرىد زىيادە كۆپىيىشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ئاستا تەسىرلىك تابلېتى، ھەرقېتىمدا 400mg دىن كۈنىگە بىر قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ. بۆرەك فۇنكسىيىسى ناچارلاشقان بىمارلارغا قان زەردابىدىكى كرېئاتىنىن سەۋىيىسىگە قاراپ دورا مىقدارى تەڭشىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئىشتىھا تۇتۇلۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئاشقازان قىسمى يېقىمسىزلىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ؛ قىچىشىش، يەلتاشما تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ؛ چاچ چۈشۈش، پۈتۈن بەدەن مۇسكۇل ياللۇغىغا ئوخشاش ئاغرىش ياكى مۇسكۇللار زەئىپلىشىش ئاز كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: بۇ دورا ئوكۇمارىن (香豆素) تۈرىدىكى دورىلارنىڭ قان ئۇيۇشقا قارشى تەسىرىنى كۈچەيتەلەيدۇ؛ سۇلفونىل ئۇرېئا (磺酰脲) ۋە ئىنسۇلىننىڭ نىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: جىگەر، ئۆت كېسىلى بارلار، ئېغىر دەرىجىدە بۆرەك فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغۇچىلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئېستروگېن (雌激素) ياكى ئېستروگېننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىنى ئىشلەتكەن قاندىكى ياغ زىيادە يۇقىرى بىمارلارنىڭ قېنىدا ياغ مىقدارى زىيادە يۇقىرىلاش خاسلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلچەش كېرەك.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** بېزافىبرات 400 ستادا رېتارد گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك تابلېتى: تابلېت/400mg، قاپ/10 تابلېت.

## فېنوفىبرات

(非诺贝特, Fenofibrate)

**【باشقا نامى】** لىپانتىل (力平脂, Lipanthyl).

**【ئاساسىي تەركىبى】** فېنوفىبرات.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ دورا لىپوپروتېئىن لىپازا (脂蛋白酶) نىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ترىگلىتسېرىدنى روشەن تۆۋەنلىتىدۇ، زىچلىقى يۇقىرى ياغ ئاقسىلىنىڭ مىقدارىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئىچكەندە تېز ھەم تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، $t_{1/2}$ 25h گە يېتىدۇ. ئاساسلىقى گلۇكورونىك كىسلاتا بىرىكمىسى شەكلىدە بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** چوڭلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى تىزگىنلەش ئۈنۈملۈك كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان يۇقىرى خولېستېرىنلىق قان كېسىلى ۋە ياكى يۇقىرى ترىگلىتسېرىدلىق قان كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** مىكرو زەررىچىلەشتۈرۈلگەن كاپسۇلى، 200mg كۈنگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ. ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن كاپسۇلى، ھەر قېتىمدا 100mg، كۈنگە ئۈچ قېتىم ياكى كۈنگە بىر قېتىم 300mg ئىچىلىدۇ. قامداش مىقدارى ھەر قېتىمدا 100mg، كۈنگە ئىككى قېتىم ياكى 200mg كۈنگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئاشقازان، ئۈچەي يېقىمسىزلىنىش، تېرە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىسى، ترانسئامىنازا ئۆتكۈنچى يۇقىرىلاش ۋە مۇسكۇل ئاغرىش كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: باشقا خولېستېرىننى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار (مەسىلەن: 他丁类, 贝特类) بىلەن بىرگە ئىشلىتىشتىن ئېھتىيات قىلىش، قان ئۇيۇشقا قارشى

دورىلارنى ئىشلەتكەندە بۇ دورىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم. ② مەنئىي قىلىنمىدىغان ئەھۋاللار: جىگەر ياكى بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەر، بالىلار ۋە ھامىلدارلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: بۇ دورىنى يېمەك - ئىچمەكنى تىزگىنلەشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ قاننى قائىدىلىك تەكشۈرۈش ۋە جىگەر فۇنكسىيىسىنى تەكشۈرۈشنى قەرەللىك ئېلىپ بېرىش لازىم؛ ئەگەر مۇسكۇللار ئاغرىسا، دوختۇرغا دەرھال خەۋەر قىلىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 لىپانتىل فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن كاپسۇلى: دانە/100mg، قاپ/25 دانە، دانە/300mg، قاپ/10 دانە؛ مىكرو زەررىچىلەشتۈرۈلگەن كاپسۇلى: دانە/200mg، قاپ/10 دانە.

## گېمفىبروزىل
(吉非贝齐, Gemfibrozil)

【باشقا نامى】 لوپىد (诺衡, Lopid)، گېمنپىد (洁之, Gemnpid)، پولىپىد (博利脂, Polipid)، ئۇراگېم (优瑞脂, Uragem).

【ئاساسىي تەركىبى】 گېمفىبروزىل.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 غەيرىي گالوگېنلاشقان كلوفىبرات (非卤化的氯贝丁酯) تۈرىدىكى دورا بولۇپ، ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 1 ~ 2h $t_{1/2}$ تەخمىنەن 1.5h، 70% ى ئەسلى پېتى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 $Ⅱ_a$، $Ⅱ_b$، Ⅲ، Ⅳ ۋە Ⅴ تىپلىق يۇقىرى ياغ ئاقسىللىق قان كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 600mg ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئەتىگەن، كەچتە تاماق يېيىشتىن 30min بۇرۇن ئىچىلىدۇ، مىقدارنى كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ كۆپەيتىشكە ياكى كېمەيتىشكە بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان - ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى، ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، ترانسئامىنازا ئۆتكۈنچى يۇقىرىلاش ئاز كۆرۈلىدۇ، دورا توختىتىلسا ئەسلىگە كېلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قان ئۇيۇشقا قارشى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، قان ئۇيۇشقا قارشى دورىلارنىڭ مىقدارى ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىپ، ترومبوگېن ۋاقتى مۇۋاپىق سەۋىيىدە ساقلىنىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، بىرلەمچى ئۆت خالتىسى قېتىشقانلار، ئۆت تېشى كېسلى تارىخى بارلار، دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، ھامىلدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: ترومبوگېن ۋاقتىنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 لوپىد ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. تابلېتى: 900mg/دانە، قاپ/10 دانە.

گىمنىپىد تەيۋەندە ئىشلەنگەن. تابلېتى: 600mg/تابلېت، قاپ/10 تابلېت.

پولىپىد سىپرۇستا ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 300mg/دانە، قاپ/50 دانە.

ئۇراگېم تەيۋەندە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: ,300mg/دانە قاپ/100 دانە.

## ئاتسىپىموكس
(阿西莫司, Acipimox)

【باشقا نامى】 ئولبېتام (乐脂平, Olbetam).

【ئاساسىي تەركىبى】 مېتوكسى پىرازىن (氧甲吡嗪).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ترىگلىتسېرىدنىڭ جىگەردە سىنتېزلىنىشىنى تۆۋەنلىتىپ، قان پلازمىسىدىكى ترىگلىتسېرىد ۋە ئومۇمىي خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن تېز ھەم تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 2h، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 2h بولىدۇ. ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 Ⅱ ~ Ⅴ تىپلىق يۇقىرى ياغ ئاقسىللىق قان كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 250mg، كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ، Ⅳ تىپلىق يۇقىرى ياغ ئاقسىللىق قان كېسىلىگە كۈنىگە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا

قان ئاقسىللىق ياغ يۇقىرى تىپلىق Ⅳ ۋە Ⅲ ، Ⅱb ؛ ئىشلىتىلىدۇ 250mg كېسىلىگە ھەر قېتىمدا 250mg ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىشلىتىلىدۇ، كۈندىلىك ئومۇمىي مىقدارى 1200mg دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ؛ بۆرىكى زەخىملەنگەن بىمارلارغا كرېئاتىنىنىنىڭ قىممىتىگە ئاساسەن، ئەھۋالغا قاراپ دورا مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** تېرە قان تومۇرلىرى كېڭىيىش، قىچىشىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي رېئاكسىيىسى تاسادىپىي كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭدىن سىرت، باش ئاغرىش، زىققە قاتارلىقلارمۇ كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، ھەزىم خاراكتېرلىك يارا بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ئۇزۇن مۇددەت داۋالىنىدىغان بىمارلار قان يېغى، ياغ ئاقسىلى، جىگەر ۋە بۆرەك فۇنكسىيىسىنى قەرەللىك تەكشۈرتۈپ تۇرۇشى لازىم، بالىلارغا بۇ دورىنى يېقىن يولاتماسلىق، ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** ئولبېتام بىلگىسىدە ئىشلەنگەن.

كاپسۇلى: دانە/250mg ، قاپ/30 دانە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب  ئۆسمىگە قارشى دورىلار

## مىلېران
(马利兰，Myleran)

【باشقا نامى】 بۇسۇلفان (白消安，Busulfan).

【ئاساسىي تەركىبى】 بۇسۇلفان.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئالكىل سۇلفونىك كىسلاتا ئېستېرى تۈرىدىكى ئالكانلاشتۇرغۇچى دورا (烷基磺酸酯类烷化剂)غا تەۋە بولۇپ، يىلىكنى تاللاپ تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سوزۇلما خاراكتېرلىك دانىچە ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلى، ھەقىقىي قىزىل قان ھۈجەيرىلىرى كۆپىيىش كېسىلى، بىرلەمچى قان پلاستىنكىلىرى كۆپىيىش كېسىلى، يىلىك تالالىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.1mg ، باللار ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.05mg ئىچىدۇ. ئۈزۈن مەزگىل ئارىلاپ داۋالاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى مىقداردا دورا ئىچىلىپ ئاق قان ھۈجەيرىسى $10\times10^{9}/L$گە تۆۋەنلىگەندە، دورا ۋاقتىنچە توختىتىلىدۇ، ئاق قان ھۈجەيرىسى ئۆرلەپ $50\times10^{9}/L$ گە يەتكەندە دورا يەنە داۋاملىق ئىچىلىدۇ؛ ئۈزۈن مۇددەت ئۈزلۈكسىز داۋالاش ئۇسۇلى: يۇقىرىقى مىقداردا دورىنى ئاق قان ھۈجەيرىسى $(10\sim20)\times10^{9}/L$ گە تۆۋەنلىگىچە ئىچكەندىن كېيىن مىقدارى كېمەيتىلىدۇ، چوڭلارغا كۈندە تەخمىنەن 2mg ئىشلىتىلىدۇ، بۇ سەۋىيە ئۈزۈن ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يىلىك تورمۇزلىنىش، ئاشقازان ـ ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى، پىگمېنت ئولتۇرۇشۇش، ئىلگىرىلەشچان نەپەس قىيىنلىشىش ۋە داۋاملىشىشچان قۇرۇق يۆتەلگە قوشۇلۇپ كەلگەن ئۆپكە كەڭ دائىرىلىك تالالىشىش، يەلتاشما، كۆپ شەكىللىك قىزىل داغ، تۈگۈنلۈك قىزىل داغ، چاچ چۈشۈش، ئەرلەرنىڭ ئەمچىكى ئاياللىشىش

قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 يېقىنقى مەزگىلدە رادىئوئاكتىپلىق داۋالاشنى قوبۇل قىلغان ۋە باشقا ھۇجەيرىلەرنى زەھەرلەيدىغان دورىلار بىلەن داۋالانغانلارغا بۇ دورىنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس؛ ھامىلىدار ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مىلېران ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2mg، بوتۇلكا/100 تابلېت.

## ناۋېلبىن

(诺维本，Navelbine)

【باشقا نامى】 异长春花碱，Vinorelbine，长春瑞宾.

【ئاساسىي تەركىبى】 قوش تارتراتلىق نورۋىنبلاستىن (双酒石酸盐去甲长春花碱).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا تۇبۇلىن — مىكرو تۇبۇلىنىنىڭ دىنامىك تەڭپۇڭلۇقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۇبۇلىنىنىڭ توپلىشىشىنى تورمۇزلايدۇ ھەمدە ئاساسلىقى بۆلۈنۈش دەۋرىدىكى مىكروتۇبۇلىنغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. G ۋە M دەۋردىكى ھۇجەيرىلەرنىڭ يىپلىق بۆلۈنۈشىنى تورمۇزلاش ئارقىلىق ئارام ئېلىش دەۋرىگە ياكى كېيىنكى بۆلۈنۈش دەۋرىگە قەدەم قويغان ھۇجەيرىلەرنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاخىرقى فازىنىڭ ئوتتۇرىچە $t_{1/2}$ بولسا 40h، قان پلازما CL سائىتىگە 0.8L/kg بولۇپ، ئاساسلىقى گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، ئاقسىل بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 50 ~ 80% گە يېتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كىچىك ھۇجەيرىسىز ئۆپكە راكى، كۆكرەك خاراكتېرلىك ئەمچەك راكىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېنادىنلا دورا بېرىلىدۇ، بۇ دورىنى يالغۇز ئىشلىتىپ داۋالاشتا دائىملىق مىقدارى ھەپتىدە بىر قېتىم 25 ~ 30mg/m² بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 قەۋزىيەت، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، دانىچە ھۇجەيرىلەر كېمىيىش، ئوتتۇرا دەرىجىلىك قان ئازلىق، نەپەس

www.uyghurkitap.com

قىيىنلىشىش، كانايچە سپازمىلىنىش، چاچ چۈشۈش، تۆۋەنكى جاغ ئاغرىش، تېرە نېكروزلىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بەزىدە سېزىم نورمالسىزلىنىش، تۆۋەنكى مۇچىلەر كۈچسىزلىنىش ۋە ئۇيۇشۇش، پالەچلىنىشلىك ئۈچەي توسۇلۇش ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: چۆكمە ھاسىل بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىشقارلىق ئېرىتمە بىلەن سۇيۇلدۇرۇشقا بولمايدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا دورا مىقدارى كېمەيتىلىدۇ؛ دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە قان رايى ئۆزگىرىشىنى تەپسىلىي كۆزىتىش، بۇ دورىنىڭ كۆزنى بۇلغاپ قويۇشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك، بۇ دورىنى جىگەرنى رادىئوئاكتىپلىق داۋالاش بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ناۋېلبىن فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ھەر ئامپۇلى 10mg/1ml، ھەر ئامپۇلى 50mg/5ml، قاپ/10 ئامپۇل.

## سىكلوفوسفامىد

(环磷酰胺，Cyclophosphamide)

【ئاساسىي تەركىبى】 سىكلوفوسفامىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ھىدرولىزلانغاندىن كېيىن ئاكتىپلاشقان تىپقا ئايلىنىپ، مۇستارگىن رادىكالى (氮芥基) قويۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۆسمىنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلاش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يامان سۈپەتلىك لىمفا ئۆسمىسى، ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك لىمفا ھۈجەيرىسى مەنبەلىك ئاق قان كېسىلى، تۇخۇمدان راكى، ئەمچەك راكى، ئۇرۇق ئانا ھۈجەيرە ئۆسمىسى، كۆپ ئورۇندا پەيدا بولىدىغان يىلىك ئۆسمىسى، باش، بويۇن قىسىم ئۆسمىسى قاتارلىقلار.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 400 ~ 600mg/m² ھەپتىدە بىر قېتىم ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، تەخمىنەن 8g بىر داۋالاش مۇددىتىگە

ئشلىتىلىدۇ. ئىچىلىدىغىنى كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 50mg دىن ئىچىلىدۇ، ئارتېرىيىگە ئوكۇل قىلىنىدىغىنى ھەر قېتىمدا 500mg ~ 100 ياكى غىلاپ ئىچىگە ھەر قېتىمدا 500mg ~ 100 ئوكۇل قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان - ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى، يىلىك تورمۇزلىنىش، دوۋساق ياللۇغى، جىگەر فۇنكسىيىسى زەخىملىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، باش قېيىش، بىئارام بولۇش قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئېغىر دەرىجىدىكى كاخېكسىيە بىمارلىرى، يىلىك ئېغىر دەرىجىدە تورمۇزلانغانلار، ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ئەسلىدە جىگەر كېسىلى بار بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، ئاشقازان - ئۈچەي رېئاكسىيىسى مۇستارگېن (氮芥) نىڭكىدىن يېنىك بولىدۇ؛ چېچى چۈشۈپ كەتكەنلەرنىڭ چېچى دورا توختىتىلغاندىن كېيىن قايتا چىقىدۇ؛ يىلىكنىڭ تورمۇزلىنىشى ئادەتتە ئوڭاي ئەسلىگە كېلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سىكلوفوسفامىد گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/50mg؛ ئوكۇلى: ئامپۇل/200mg.

سىكلوفوسفامىد فىنلاندىيىدە ئىشلەنگەن. ئامپۇل/200mg، /500mg ئامپۇل، ئامپۇل/1000mg، قاپ/10 ئامپۇل.

## فلۇئوروئۇراتسىل

(氟尿嘧啶，Fluorouracil)

【باشقا نامى】 5 - فلۇئوروئۇراتسىل (5－氟尿嘧啶，5 — FU) .

【ئاساسىي تەركىبى】 فلۇئوروئۇراتسىل.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ پىرىمىدىن تۈرىدىكى مېتابولىزمغا قارشى دورا، بەدەندە 5 - فلۇئوروئۇراتسىل دېئوكسى رىبونوكلېئوزىد (5—氟尿嘧啶脱氧核苷) قا ئايلىنىپ، تىمىدىن سىنتېتازا (胸腺嘧啶核苷合成酶) نى تورمۇزلايدۇ، ئۇرىدىن (尿嘧啶脱氧核苷) نىڭ تىمىدىن (胸腺嘧啶脱氧核苷) غا ئايلىنىشىنى توسۇپ، DNA نىڭ بىئوسىنتېزلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەزىم قىلىش يولىدىكى

تەرەققىي قىلىشچان بەز راكى، تۆز ئۈچەي راكىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى داۋاملىق داۋالاش، ئەمچەك راك ئۆسمىسىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ياكى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى قايتا قوزغىلىش، تۇخۇمدان بېزى راكى، يۇقىرى ھەزىم يولى ۋە قىزىلئۆڭگەچ ئېپىتېلىيە راكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** كۆنگە بىر قېتىم ۋېنادىن بېرىشكە بولىدۇ، ئەمما مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ۋېنادىن تېمىتىش مىقدارى $700 \sim 1000mg/m^2$ دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ، ھەر ئايدا $3 \sim 6$ كۈن ئۇدا ئىشلىتىلىدۇ، ۋېناغا تېمىتىش ۋاقتى 1h ئەتراپىدا بولىدۇ. باشقا دورىلار بىلەن بىرلەشمە داۋالاش ئۇسۇلىدا: كۈنىگە $300 \sim 600mg/m^2$ ئىشلىتىلىپ، $2 \sim 5$ كۈن بىر داۋالاش كۇرسى قىلىنىدۇ، $3 \sim 4$ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئىشلىتىلىدۇ. باشقا دورا بېرىش شەكلى: جىگەر ئارتېرىيىسىدىن ئاستا ـ ئاستا بېرىشكە بولىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، ئىشتىها تۇتۇلۇش، تېرىگە پىگمېنت ئولتۇرۇشۇش، چاچ چۈشۈش، تېرە ۋە شىللىق پەردە ياللۇغلىنىش، ئەسۋە چىقىش، يەلتاشما، نۇر رېئاكسىيە بېرىش، يۈرەك ئالدى رايونى ئاغرىش، ئېلېكتروكاردىئوگراممىدا ۋاقىتلىق ئۆزگىرىش، كىچىك مېڭىنىڭ ھەرىكەت تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇش، ياش بېزىنىڭ ئاجرىتىشى زىيادە كۆپىيىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بەزىدە قان ئازلىق، ھەزىم يولى قاناش ۋە يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى پەيدا بولىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ئەگەر توساتتىن ئىچ سۈرۈش، ئېغىز ياللۇغى، يارا ياكى قاناش پەيدا بولسا، دەرھال دورىنى توختىتىپ، تاكى يۇقىرىقى ئالامەتلەر تامامەن يوقالغانغا قەدەر دورا ئىشلىتىلمەيدۇ؛ ھەر قېتىملىق داۋالاشتىن ئىلگىرى، قان ئەستايىدىللىق بىلەن قائىدىلىك تەكشۈرۈلىدۇ. ئەگەر نورمالسىز ئەھۋال بايقالسا، دورا توختىتىلىدۇ؛ يۈرەك كېسەللىكى تارىخى بارلار، ئىسپىرتتىن زەھەرلەنگەن ۋە تاماكا چەككەن تارىخى بارلارنىڭ يۈرىكىنى دەسلەپكى ئۈچ داۋالاش كۇرسىدا داۋاملىق كۆزىتىش لازىم؛ ئاق قان ھۈجەيرىسى $<2\times10^9/L$، قان پلاستىنكىلىرىدىن كىچىك بولسا $<80\times10^9/L$ ياكى يۈرەك فۇنكسىيىسى قالايمىقانلاشسا دورىنى دەرھال توختىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 فلۇئورۇئۇراتسىل ئاۋستىرالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: 500mg/10ml, 2.5g/100ml.

## ئالترېتامىن

(六甲蜜胺, Altretamine)

【باشقا نامى】 六甲三聚氰胺, Altretaminum, Hexalen, Hexamethylmelamine (HMM).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئالترېتامىن (六甲三聚氰胺).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ پىرىمىدىن تۈرىدىكى مېتابولىزمغا قارشى دورا بولۇپ، دىھىدروفولات رېدۇكتازا (二氢叶酸还原酶) نى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆپكە راكى، يامان سۈپەتلىك لىمفا ئۆسمىسى، تۇخۇمدان راكى، ئەمچەك راكى، ھەزىم يولى راكى، ئاستا خاراكتېرلىك دانىچە ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئادەتتە كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10 ~ 12mg، تۆت قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ، 21 كۈن بىر داۋالاش مۇددىتى قىلىنىدۇ ياكى كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 8mg ئىشلىتىلىپ 90 كۈن بىر داۋالاش مۇددىتى قىلىنىدۇ. سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلىگە كۈنىگە 200mg دىن باشلاپ ئىشلىتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۈنىگە 800mg غىچە كۆپەيتىلىدۇ، بۇ مىقدار تاكى كېسەللىك ياخشىلانغىچە ياكى ئۈنۈم بەرگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ياخشىلانغاندىن كېيىن مىقدارنى ئازايتىپ، قامداش مىقدارى بېرىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئاق قان ھۈجەيرىسى تۆۋەنلەش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بەزىدە قان پلاستىنكىلىرى ئازىيىش كېلىپ چىقىدۇ، ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتكەندە مەركىزىي ۋە ئەتراپ نېرۋا سىستېمىسىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ھېكسالېن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 50mg/دانە، 100 دانە/قاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاسپاراگىنازا

(门冬酰胺酶，Asparaginase)

【باشقا نامى】 Elspar، 优适宝.

【ئاساسىي تەركىبى】 ئاسپاراگىنازا.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا قاندىكى لېۋوئاسپاراگىن (左旋门冬酰胺) نى پارچىلاپ، ئاسپاراگىنغا ئېھتىياجلىق ئۆسمە ھۈجەيرىسىنى ئوزۇقلۇق كەمچىل ھالەتكە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆسمىگە قارشى رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلى (سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلىنىڭ ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يامان سۈپەتلىك لىمفا ئۆسمىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا، ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. ئادەتتە كۈندىلىك مىقدارى ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 20 ~ 1000U، ھەر ھەپتىدە 2 ~ 1 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ، 4 ~ 3 ھەپتە بىر داۋالاش كۇرسى قىلىنىدۇ. ياش قۇرامى ۋە پۈتۈن بەدەن ھالىتىگە قاراپ مىقدارى كۆپەيتىلىدۇ ياكى كېمەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئىشتىھا يوقىتىش، تارتىشىش، قان بېسىم تۆۋەنلەش، تىترەش، قىزىش، قۇسۇش، ئەسۋە چىقىش، قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، قاناش، قان ئازلىق، جىگەر فۇنكسىيىسى زەخىملىنىش، يۇقىرى ئاممونىيلىق قان كېسىلى، ئاقسىللىق سۈيدۈك، ئازوتلۇق قان كېسىلى، سۈلۈق ئىششىق، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئىچ سۈرۈش، ماغدۇرسىزلىنىش، باش ئاغرىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ؛ بەزىدە ئۇيقۇسىراش، ئەنسىزلىنىش، يۆنىلىشنى پەرق ئېتىش توسقۇنلۇققا ئۇچراش، بىھوش ئۇخلاش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، قان تومۇرلار ئاغرىش، قەنتكە چىدامچانلىقى نورمالسىزلىنىش قاتارلىقلارمۇ بار. بەزىدە ئېغىر دەرىجىدىكى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغى، ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ئىچكى ئاجراتما فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچراشتىن كېلىپ چىقىدىغان دىئابېت كېسىلى، مېڭىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئورگان خاراكتېرلىك توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن ئۆلۈپ

كېتىش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلار ۋە ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: جىگەر فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەر، يىلىك فۇنكسىيىسى تورمۇزلانغانلار، يۇقۇملىنىش قوشۇلۇپ كەلگەنلەر، سۇ چېچەكى چىققانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەگەر يىلىك تورمۇزلىنىش پەيدا بولسا، كلىنىكىدا قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ، بىمارنىڭ ھالىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىش، غەيرىي ئۆزگىرىش كۆرۈلسە، دورا مىقدارىنى كېمەيتىش ياكى دورا توختىتىش ئارقىلىق مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم؛ ئۇزۇن مەزگىل دورا ئىشلەتكەندە ئېھتىيات قىلىش كېرەك؛ يۇقۇملانغان بىمارلاردا قاناش خاھىشىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئېغىرلىشىشىغا يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىش لازىم؛ بالىلارغا دورا ئىشلىتىشتە ئېھتىيات قىلىش لازىم؛ تۇغۇت يېشىدىكى بىمارلارغا نىسبەتەن دورىنىڭ جىنسىي بەزگە بولغان تەسىرىگە دىققەت قىلىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 优适宝، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ئامپۇل/1000U.

## دائۇنورۇبىتسىن
## (柔红霉素，Daunorubicin)

【باشقا نامى】 (正定霉素，Dauoblastine).

【ئاساسىي تەركىبى】 دائۇنورۇبىتسىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئانتراتسېن ھالقىسى تۈرى (蒽环类) دىكى ئۆسمىگە قارشى ئانتىبىئوتىك دورا، تەسىر قىلىش مېخانىزمى مەزكۇر دورىنىڭ DNA بىلەن بىرىكىش ۋە نۇكلېئىك كىسلاتا (核酸) نىڭ سىنتېزلىنىشىنى تورمۇزلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ دورا ئۆت يولى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، مېڭە قان توسۇقىدىن ئۆتەلمەيدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاق قان كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ، ئېپتىدائىي دانىلىق ھۈجەيرە ئاق قان

www.uyghurkitap.com

كېسىلى، نېرۋا ئانا ھۈجەيرىسى ئۆسمىسى ۋە توغرا يوللۇق مۇسكۇل ئۆسمىسىگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يەككە مىقدارى ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 1mg ~ 0.5 دىن باشلىنىپ ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، بىر كۈن ياكى بىر كۈندىن كۆپ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن قايتا ئوكۇل قىلىشقا بولىدۇ؛ ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا بولسا تۆت كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ۋاقىتتىن كېيىن قايتا ئىشلىتىلىدۇ. يەككە تەنلەر بويىچە دورا بېرىلىدۇ. ئومۇمىي مىقدارى ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 20mg دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ. بۇ دورىنى ئىچسە ئۈنۈمى بولمايدۇ ھەمدە مۇسكۇلغا ياكى غىلاپ ئىچىگە ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ، پەقەت ۋېناغىلا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يىلىك تورمۇزلىنىش، يۈرەك زەھەرلىنىش، چاچ چۈشۈش، ئېغىز بوشلۇقى ياللۇغى، ھەزىم يولى ئالامەتلىرى (كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش)، ۋېنا قېتىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بۇ دورىنى ئوكۇل قىلغاندا سىرتقا چىقىپ كەتسە، ئېغىر دەرىجىدە نېكروزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: يۈرەك كېسىلى تارىخى بارلار، ئېغىر دەرىجىدە يۇقۇملانغانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلىنىڭ ياخشىلىنىش دەۋرىدە بۇ دورا ئىشلىتىلىدىغان بىمارلار بالنىتسىدا يېتىشى ھەمدە تەپسىلىي كۆزىتىلىشى كېرەك. داۋالاش جەريانىدا دائىم دېگۈدەك قاندىكى ئۇرېئا ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسىنى ئۆلچەپ تۇرۇش، يىلىككە بولغان زەھەرچانلىقىغا نىسبەتەن قۇۋۋەتلەندۈرۈپ داۋالاش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش، داۋالاشنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدە چوقۇم ھەر كۈنى قاننى قائىدىلىك تەكشۈرۈش، داۋالاشنى باشلىغان ۋە داۋالاش مەزگىلىدە، جىگەر فۇنكسىيىسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، يۈرەككە بولغان زەھەرچانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم؛ بۇ دورا ئەگەر تېرە ياكى شىللىق پەردىلەرگە ئېھتىياتسىزلىقتىن تېگىپ كەتسە، دەرھال تەلتۆكۈس يۇيۇۋېتىش كېرەك، بۇ دورىنى ئانتىبىئوتىك دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە مۇتلەق بولمايدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 دائۇئوبلاستىن ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن.

پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/20mg، قاپ/1 بوتۇلكا.

دائـــۇئـــوبـــلاســـتـــىن، يـاپـونىيىدە ئىشلەنـگـەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ئامپۇل/20mg ، قاپ/1 ئامپۇل.

## ستارابىن
(阿糖胞苷, Cytarabine)

**【باشقا نامى】** سىتوزار (赛德萨, Cytosar)، ئالېكسان (爱力生, Alexan).

**【ئاساسىي تەركىبى】** ستارابىن.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ دورا ئاساسەن بۆلۈنگەن ھۈجەيرىدىكى DNAنىڭ سىنتېزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، كۆپىيىش ۋاقتى ۋە DNA نىڭ سىنتېزلىنىش دەۋر ئۆزۈنلۈقىغا تەڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن، جىگەردە (بىر قىسمى بۆرەكتە) تېز سۈرئەتتە مېتابولىزملىنىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** چوڭلاردىكى ئۆتكۈر دانىچە ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلىنى ھەمدە چوڭلار ۋە بالىلاردىكى باشقا ئاق قان كېسەللىكلىرىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، چوڭلار ۋە بالىلاردىكى باشقا ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلىگە بولغان تەسىرى دانىچە ھۈجەيرە خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلىگە بولغان تەسىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

• **【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** تېز سۈرئەتتە ۋېناغا ئوكۇل قىلىش — ئۇزلۇكسىز داۋالاش: دەسلەپتە كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 2mg دىن كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 10 كۈن ئىشلىتىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 4mg غىچە كۆپەيتىلىدۇ، ئۇزلۇكسىز داۋالاپ تاكى كۆرۈنەرلىك زەھەرچانلىقى ياكى ياخشىلىنىش كۆرۈلگەنگە قەدەر مۇشۇ مىقدار ئىشلىتىلىدۇ، زەھەرچانلىق رېئاكسىيىسى ھەممە بىماردا دېگۈدەك پەيدا بولىدۇ. ۋېناغا تېمىتىش — ئۇزلۇكسىز داۋالاش: دەسلەپتە كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.5 ~ 1.0mg ئىشلىتىلىدۇ. تېمىتىش ۋاقتى 1h بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 2mg غىچە كۆپەيتىشكە بولىدۇ، ئۇزلۇكسىز داۋالاپ تاكى ياخشىلانغىچە ياكى

www.uyghurkitap.com

زەھەرچانلىق رېئاكسىيىسى پەيدا بولغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. مىقدارىنى ئۆزگەرتىش: ئېغىر دەرىجىدە قان ئىشلەش فۇنكسىيىسى تورمۇزلانسا، دورىنىڭ مىقدارىنى ئۆزگەرتىش ياكى دورىنى ۋاقىتىنچە توختىتىش كېرەك. قامداپ داۋالاش ئۇسۇلى: كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ياكى يېرىم ھەپتىدە بىر قېتىم، ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 1mg تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىپ قامدىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، يىلىكنى زەھەرلەش (يىلىك ئۇچلىرىدىكى ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش)، قان ئازلىق ۋە زور گۆدەك قىزىل قان ھۈجەيرىلىك قان كېسىلى.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: يىلىكى تورمۇزلانغان بىمارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: چوقۇم تېببىي نۇقتىدىن زىچ كۆزىتىش، يېتەكلەپ داۋلاش مەزگىلىدە ھەركۈنى چوقۇم ئاق قان ھۈجەيرىسى ۋە قان پلاستىنكىلىرىنىڭ سانىنى ئۆلچەپ تۇرۇش لازىم. يىلىك تورمۇزلىنىشقا ئەگىشىپ پەيدا بولغان كېسەللىكلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئۇسكۈنىلەر بولۇشى كېرەك؛ تېز سۈرئەتتە كۆپلەپ ۋېناغا ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن بىر نەچچە سائەت ئىچىدە كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش كۆرۈلسە، ۋېناغا تېمىتىشقا ئۆزگەرتىپ، بۇ خىل ئالامەتلەر يېنىكلىتىلىدۇ؛ جىگەر فۇنكسىيىسى ناچارلارغا بۇ دورىنى ئىشلىتىشتە ئېھتىيات قىلىش ھەمدە مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ بۇ دورا سۆگەلسىمان ھۈجەيرىلەرنى تېز سۈرئەتتە بۇزۇش ئارقىلىق يۇقىرى سۈيدۈك كىسلاتالىق قان كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، شۇڭا دوختۇرلار بىمارنىڭ قېنىدىكى سۈيدۈك كىسلاتاسىنىڭ قويۇقلۇقىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ستوزار بېلگىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: ئامپۇل/100mg ، ئامپۇل/500mg ، قاپ/1 ئامپۇل.

ئالېكسان گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 100mg/5ml ، ھەر ئامپۇلى 500mg/10ml ، ھەر ئامپۇلى 1000mg/20ml .

ستارابىن ئاۋستىرالىيىدە ئىشلەنگەن. ھەر ئامپۇلى 100ml/1ml ، قاپ/5 ئامپۇل؛ ھەر ئامپۇلى 500mg/5ml ، قاپ/1 ئامپۇل، ھەر ئامپۇلى 1g/10ml ، قاپ/1 ئامپۇل؛ ھەر ئامپۇلى 2g/20ml ، قاپ/1 ئامپۇل.

# لېيۇپرورېلىن
(亮丙瑞林，Leuprorelin)

**【باشقا نامى】** ئېنانتون (抑那通，Enantone).

**【ئاساسىي تەركىبى】** لېيۇپرورېلىن ئاتسېتات.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ دورا يۇقىرى ئاكتىپچانلىققا ئىگە LH—RH نىڭ تۇغۇندىسى، ئاقسىلنى پارچىلىغۇچى ئېنزىمغا بولغان قارشىلىق كۈچى ۋە LH — RH ئاكسېپتورى بىلەن بىرىكىش كۈچى LH — RHدىن كۈچلۈك بولغاچقا، ھىپوفىز - جىنسىي بەز سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك تورمۇزلىيالايدۇ. بەدەندە يىغىلىپ قېلىش تەسىرى يوق.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسى غەيرىي ئورۇنلىشىش كېسىلى، مەزى بېزى راكى، ھەيز زىيادە كۆپ كېلىش، قورساقنىڭ تۆۋەن قىسمى ئاغرىش، بەل ئاغرىش ۋە قان ئازلىق قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ كەلگەن بالىياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئادەتتە چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 3.75mg ، ھەر تۆت ھەپتىدە بىر قېتىم، ئاياللارغا دەسلەپكى قېتىم ھەيز دەۋرانىنىڭ 5 ~ 1 - كۈنى ئىشلىتىلىدۇ؛ بالىياتقۇ مۇسكۇل ئۆسمىسىگە ھەر قېتىمدا 1.88mg ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما بەدەن ئېغىرلىقى زىيادە ئېشىش ياكى بالىياتقۇسى زىيادە يوغىنىغانلارغا ھەر قېتىمدا 3.75mg ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** بەزىدە ترانسئامىنازا ۋە بىلىرۇبىن ئۆرلەش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، ئىچ سۈرۈش، ئېغىز بوشلۇقى ياللۇغى، يۈرەك سېلىش، قىزىل قان ھۈجەيرىسى كۆپىيىش، ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، قان پلاستىنكىلىرى ئازىيىش، پات - پات سىيىش، سىيىش قىيىنلىشىش، دانىخورەك چىقىش، تېرە قۇرغاقلىشىش، چاچ چۈشۈش، موي كۆپ چىقىش ياكى پۈت تىرنىقى نورمالسىزلىنىش، چارچاش، بەدەن كۆيۈشۈش، ئوڭاي

ئاچچىقلىنىش، قۇلاق غوڭۇلداش، كۆكرەك قىسمى يېقىمسىزلىنىش، سۇلۇق ئىششىق، بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىش، قىزىش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى چېكىنىش، سۆڭەك ئاغرىش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ، مەزى بېزى راكى بىمارلىرىدا سىيدۈك نەيچىسى توسۇلۇش ياكى يۇلۇن بېسىلىش، ئوكۇل قىلىنغان ئورۇن ئاغرىش قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ؛ بوغۇم قېتىۋېلىش، بەل ئاغرىش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ؛ قانتىق تۇگۇن پەيدا بولۇش ياكى قىزىرىش يىرىڭلىق ئىششىق، خامۇشلۇق ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، جىنسىي يولىدىن نورمالسىز قان كەلگەنلەر ھامىلىدار ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە ئىنچىل كۆزىتىش كېرەك؛ باليانقۇ ئىچكى پەردىسى غەيرىي ئورۇنلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنى داۋالاشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ ھامىلىدار ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش ياكى ھورمونسىز داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش لازىم؛ باشقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كېسەللىكلەردىن پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش، كلىنىكىلىق ئالامەتلىرىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلمىسە، دورىنى توختىتىش لازىم؛ ئۇزۇن مەزگىل دورا ئىشلەتكەندە ئىمكان بار سۆڭەكنىڭ زىچلىقىنى ئۆلچەپ چىقىش، دورىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم؛ يۇلۇن بېسىلىش، سىيدۈك نەيچىسى توسۇلۇش ياكى يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا تەرەققىي قىلىش ئېھتىماللىقى بار بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم؛ دورا پەقەت تېرە ئاستىدىنلا بېرىلىدۇ، يۇقىرىقى بىلەك، قورساق قىسمى ياكى ساغرا قىسمىنى تاللاپ ئوكۇل قىلىنىدۇ، ھەر قېتىم ئوكۇل قىلغاندا ئوخشاش بىر ئورۇنغا تەكرار ئوكۇل قىلماسلىق، ئوكۇل قىلىنغان ئورۇننى ئۇۋۇلىماسلىق لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئېنانتون ياپونىيىدە ئىشلەنگەن.

ئوكۇلى: بوتۇلكا/3.75mg.

# تىئوگۇئانىن

(硫鸟嘌呤，Thioguanine)

【باشقا نامى】 لانۋىس (兰快舒, Lanvis).

【ئاساسىي تەركىبى】 تىئوگۇئانىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا گۇئانىن (鸟嘌呤) نىڭ ھىدرو سۇلفۇرىل (硫氢基) لىق تۇرداش ماددىسى بولۇپ، پۇرىن (嘌呤) نىڭ مېتابولىزملىنىشى بىلەن قارشىلىشىش تەسىرىنى پەيدا قىلالايدۇ، ئۇنىڭ مېتابولىزم ھاسىلاتى يېڭى پۇرىننىڭ سىنتېزلىنىشى ۋە پۇرىن نۇكلېئوزىد كىسلاتا (嘌呤核苷酸) نىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرىشىنى تورمۇزلايدۇ. نۇكلېئىك كىسلاتا (核酸) ۋە دېئوكسى رىبونۇكلېئىك كىسلاتا (脱氧核糖核酸 DNA) نىڭ ئىچكى قىسمىغىچە سىڭىپ كىرىپ، ھۈجەيرىلەرنى زەھەرلەش تەسىرىنى پەيدا قىلالايدۇ. ئىچكەندە Tmax 8 ~ 10h بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆتكۈر خاركتېرلىك ئاق قان كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ. سوزۇلما خاراكتېرلىك دانىچە ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلىنى داۋالاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يېتەكلەپ داۋالاش: چوڭلارغا كۈنىگە $100\sim200mg/m^2$، 1 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىشكە بېرىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 5 ~ 20 كۈن بولىدۇ، بالىلار مىقدارىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى چوڭلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى $60\sim75mg/m^2$ بولىدۇ. قامداپ داۋالاش: ھەر كۈنى ياكى كۈن ئاتلاپ $60\sim200mg/m^2$ بېرىلىدۇ. جىگەر ياكى بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەرگە ئىشلىتىلىدىغان دورا مىقدارى ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يىلىكنى تورمۇزلاش، ئاق قان ھۈجەيرىسى ۋە قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، ئاشقازان - ئۈچەي يولى بەرداشلىق بېرەلمەسلىك ھادىسىسى كۆرۈلۈش، ئېغىز يالللۇغى، ئۈچەي تېشىلىش ياكى نېكروزلىنىش، جىگەر فۇنكسىيىسى نورمالسىزلىنىش، سېرىقلىق چۈشۈش ۋە جىگەر ۋېناسى توسۇلۇش كېسەللىكلىرى كۆرۈلىدۇ، دورا

www.uyghurkitap.com

توختىتىلغاندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: بۇسۇلفان (白消安) بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە تۇگۇنچىلەر قايتا ئىشلىنىشلىك ئۆسۈش، قاپقا ۋېنا بىسىمى يۇقىرىلاش ۋە قىزىلئۆڭگەچ ۋېناسى ئەگرىلىشىپ كېڭىيىش قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ② باشقىلار: ياخشىلىنىشنى يېتەكلەش باسقۇچىدا ھەر كۈنى قان راينى تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك، داۋالاش جەريانىدا قان راينى تەپسىلي كۆزىتىش، قۇۋۋەتلەندۈرۈپ داۋالاشنى كۈچەيتىش، يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش، ھۈجەيرىلەر كۆپلەپ ئېرىش پەيدا بولغاندا، تېخىمۇ دىققەت قىلىش، قان ۋە سۈيدۈكتىكى سۈيدۈك كىسلاتاسىنىڭ ئۆرلىشى ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسى مەنبەلىك بۆرەك كېسەللىكىنىڭ خەترىدىن ساقلىنىش، ھامىلىدار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** لانۇس ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/40mg، قاپ/25 تابلېت.

## ئېتوپوزىد
(依托泊苷，Etoposide)

**【باشقا نامى】** لاستېت (拉司太特, Lastet) ۋېپېزىد (凡华士, Vepesid)، 鬼臼乙叉苷، 足叶乙苷'.

**【ئاساسي تەركىبى】** ئېتوپوزىد.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** تەسىر قىلىش مېخانىزمى بولسا رىبوزىد (核甘) نىڭ يۆتكىلىشىنى تورمۇزلاپ، DNA، RNA ۋە ئاقسىلنىڭ سىنتېزلىنىشىنى تورمۇزلاشتىن ئىبارەت. ۋېناغا ئوكۇل قىلىنغاندا $t_{1/2}\alpha$ تەخمىنەن 2.03h ~ 0.13، $t_{1/2}\beta$ تەخمىنەن 6.52 ~ 3.33 بولىدۇ؛ ئىچكەندە $t_{1/2}\alpha$ تەخمىنەن 3.40h ~ 0.12، $t_{1/2}\beta$ تەخمىنەن 37.15h ~ 1.77 بولىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** كىچىك ھۈجەيرىلىك ئۆپكە راكى، يامان سۈپەتلىك لىمفا ئۆسمىسى، تۇخۇمدان راكىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۆتكۈر خاراكتېرلىك دانىچە ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلى، ئۆتكۈر

خاراكتېرلىك تاق يادرو ھۆجەيرىلىك ۋە ئۆتكۈر خاراكتېرلىك دانىچە تاق يادرو ھۆجەيرىلىك ئاق قان كېسەللىگە ئۈنۈم بېرىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، يەككە مىقدارى 60 ~ $100mg/m^2$ ، كۈندە ياكى ئىككى كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 5 ~ 3 قېتىم ئىشلىتىپ، 4 ~ 3 ھەپتە توختاتقاندىن كېيىن يەنە قايتا ئىشلىتىلىدۇ، ئومۇمىي ئىشلىتىش مىقدارى 2000mg ~ 1000 بولىدۇ. 100 ~ $120mg/m^2$ ، ئۇدا بەش كۈن ئىچىلىپ، ئۈچ ھەپتە توختاتقاندىن كېيىن قايتا ئىچىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** يىلىك تورمۇزلىنىش رېئاكسىيىسى ۋە كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، باش قېيىش، يۈرەك سېلىش، ئەسۋە چىقىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** كۆكرەك بوشلۇقى، قورساق بوشلۇقى ياكى غىلاپ پەردىسى بوشلۇقىدىن دورا بېرىشكە بولمايدۇ؛ ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندا يەرلىك ئورۇننىڭ نېكروزلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دورا سۇيۇقلۇقىنى قان تومۇر سىرتىغا چىقىرىۋەتمەسلىك كېرەك؛ بۇ دورا قان بېسىمىنى ئوڭاي تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا، ۋېناغا تېمىتقاندا ئاستا ـ ئاستا تېمىتىش كېرەك.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** لاستېت ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ئامپۇل/100mg ، قاپ/10 ئامپۇل؛ كاپسۇلى: دانە/25mg ، قاپ/40 دانە؛ دانە/50mg ، قاپ/20 دانە، دانە/100mg ، قاپ/10 دانە.

ۋېپېزىد ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/50mg ، بوتۇلكا/20 دانە ياكى قاپ/20 دانە.

## تېنىسپوزىد
## (替尼泊苷，Tenisposide)

**【باشقا نامى】** (威猛,鬼臼甲叉甙、VM—26) ۋۇمون (卫萌, Vumon).

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** يىپلىق بۆلۈنۈشنى تورمۇزلىغۇچى دورا بولۇپ، ئۆسمە ھۈجەيرىسىنىڭ يىپلىق بۆلۈنۈشىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. زەھەرچانلىقى تۆۋەن، ياغدا ئېرىشچانلىقى يۇقىرى، مېڭە قان توسۇقىدىن ئوڭاي ئۆتەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يامان سۈپەتلىك كوللوئىد ھۈجەيرە ئۆسمىسى، كىچىك ھۈجەيرىلىك ئۆپكە راكى، تۇخۇمدان راكى قاتارلىقلار.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يامان سۈپەتلىك كوللوئىد ھۈجەيرە ئۆسمىسى: چوڭلارغا 100~130mg/m² كۈنگە بىر قېتىم ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. كىچىك ھۈجەيرىلىك ئۆپكە راكى: چوڭلارغا 100~130mg/m²، كۈنگە بىر قېتىم، ئۇدا ئۈچ كۈن ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. ھەر ھەپتىدە ئۈچ كۈن تەكرار ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يىلىك تورمۇزلىنىش، قان بېسىم شىددەت بىلەن تۆۋەنلەش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، زىيادە سەزگۈرلۈك، چاچ چۈشۈش، شىللىق پەردە ياللۇغى، ۋېنا ياللۇغى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ۋېنادىن دورا بەرگەندە يەرلىك ئورۇننىڭ نېكروزلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دورىنى قان تومۇرنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ؛ ئادەتتە ۋېناغا تېمىتىش ۋاقتى 1.5 ~ 2h بولىدۇ؛ قان رايىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ۋۇمون ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن.
ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 50mg/5ml، قاپ/10 ئامپۇل.

## ۋىنكرىستىن
(长春新碱, Vincristine)

【باشقا نامى】 ئونكوۋىن (安可平, Oncovin)، ۋېلبې (癌备, Velbe)، VCR، 醛酣基长春碱.

【ئاساسىي تەركىبى】 ۋىنكرىستىن سۇلفات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ھۈجەيرە مىكرو نەيچە ئاقسىلى بىلەن بىرىكەلەيدۇ، ئاقسىلنىڭ مېتابولىزملىنىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە DNA پولىمېرازانىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تورمۇزلاپ، ھۈجەيرە پەردىسىدىكى ياغسىمان ماددىنىڭ سىنتېزلىنىشى ۋە ئامىنو كىسلاتانىڭ ھۈجەيرە پەردىسىدىكى يۆتكىلىشىنى تورمۇزلايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆتكۈر، سوزۇلما

خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلى، كىچىك ھۈجەيرىلىك ئۆپكە راكى، ئەمچەك راكى، يامان سۈپەتلىك لىمفا ئۆسمىسى، تۇخۇمدان راكى، يامان سۈپەتلىك قارا پىگمېنت ئۆسمىسى، ھەزىم يولى راكى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 25μg ياكى 1.4mg/m² ~ 1 كۈنىگە بىر قېتىم ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، بىر قېتىملىق مىقدارى 2mg دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ، بىر داۋالاش مۇددىتىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 20mg بولىدۇ، فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۈيى ياكى 5% لىك گلۇكوزا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدا ئېرىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 نېرۋا سىستېمىسىنى زەھەرلىشى بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، يىلىكنى تورمۇزلىشى ۋە ئاشقازان - ئۈچەي رېئاكسىيىسى بىر قەدەر يېنىك بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ② باشقىلار: ئىككى ياشتىن تۆۋەن باللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، بۇ دورا راك، غەيرىي ھامىلە پەيدا قىلىشى مۇمكىن؛ بۇ دورىنى مۇسكۇلغا، تېرە ئاستىغا، غىلاپقا ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ. كۆزگە تېگىپ كەتسە بولمايدۇ. ئوكۇل قىلىنىۋاتقان سۇيۇقلۇق قان تومۇر سىرتىغا چىقىپ كەتسە، ئوكۇل قىلىشنى دەرھال توختىتىش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئونكوۋىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن.
ئوكۇلى: ئامپۇل/1mg.
ۋېلبې ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ئامپۇل/10mg.

## ۋىنبلاستىن
(长春碱，Vinblastine)

【باشقا نامى】 ۋىنبلاستىن سۇلفات (硫酸长春碱)، VLB، 长春花碱
【ئاساسىي تەركىبى】 ۋىنبلاستىن سۇلفات.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئاساسلىقى ھۈجەيرە مىكرو نەيچە ئاقسىلىنىڭ توپلىششىنى تورمۇزلاش ئارقىلىق، سپىندل مىكرو نەيچىسىنىڭ (纺锤体微管) ھاسىل بولۇشىغا كاشىلا قىلىپ، يادرونىڭ پارچىلىنىشىنى ئوتتۇرا دەۋردىلا توختىتىپ، يادرونىڭ

پۈۋەكچىلىك ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يامان سۇپەتلىك لىمفا ئۆسمىسى، ئۇرۇقدان ئۆسمىسى، تىۋىتلىق پەردە ئۇستۇنكى تېرە راكى، غەيرىي تۆرەلمە ئۆسمىسى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلارنىڭ ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 150μg، بالىلارنىڭ ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 250μg ياكى بىر قېتىمدا 5mg ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. ۋېناغا تېمىتىش ئۈنۈمى ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندىن ياخشى بولىدۇ. ھەپتىدە بىر قېتىم، چوڭلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 80mg ~ 60 بولۇپ، بىر داۋالاش مۇددىتى قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 نېرۋا زەھەرلىنىش، يىلىك تورمۇزلىنىش، تۇخۇمدان ياكى ئۇرۇقدان فۇنكسىيىسى تورمۇزلىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، قايتا ـ قايتا ئوكۇل قىلىنسا قان نۆكچىسى خاراكتېرلىك ۋېنا ياللۇغى ئوڭاي پەيدا بولىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي رېئاكسىيىسى بىر قەدەر يېنىك بولۇپ، ئاساسلىقى كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قورساق ئاغرىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، چاچ چۈشۈش ۋە ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارمۇ پەيدا بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: بلېئومىتسىن (博来霉素)، سىسپلاتىن (顺铂) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، ھاياتقا ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزىدىغان يۈرەك قان تومۇر زەھەرلىنىش رېئاكسىيىسىنى ئوڭاي كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ مىتومىتسىن (丝裂霉素C)، بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، ئۆپكىنى زەھەرلەيدۇ، شۇنداقلا ھاياتقا تەھدىت سالىدىغان كانايچە سپازمىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ھامىلدار ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ۋىنبلاستىن سۇلفات ئاۋسترالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 10mg/10ml.

## تىرىپتورېتىن

(曲普瑞林，Triptoretin)

【باشقا نامى】 دىفېرېلىن (达菲林，Dipherelin)،

## دېكاپېپتىل (达必佳，Decapeptyl)・

【ئاساسىي تەركىبى】 ترىپتورېتىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورىنى ئىشلەتكەن دەسلەپكى مەزگىلدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھىپوفىز جىنسىي بەزنى قوزغاتقۇچى ھورمون (脑垂体促性腺激素) نىڭ ئاجرىلىشىنى ئاشۇرىدۇ، كېيىنچە ھىپوفىز جىنسىي بەزنى قوزغاتقۇچى ھورموننى تورمۇزلاش ئارقىلىق ئۆرۈۋقدان ۋە تۇخۇمداننى تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 مەزى بېزى راكى، بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسى غەيرىي ئۆرۈۋنلىشىش، بالىلارنىڭ جىنسىي ئىقتىدارى ھەقىقىي بالدۇر يېتىلىش.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مەزى بېزى راكى: ھەرقېتىملىق ھەيزىنىڭ 28 - كۈنى ئاستا ئۈنۈملۈك ياسالمىسىدىن 3.75mg مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسى غەيرىي ئۆرۈۋنلىشىش: ھەيز كېلىش ئالدىدىكى بەش كۈن ئىچىدە، ئاستا تەسىرلىك ياسالمىسىدىن 3.75mg نى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىشنى باشلاپ، كېيىن ھەر 28 - كۈنى بىر قېتىم مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ئاز بولغاندا تۆت ئاي ئىشلىتىلىدۇ، كۆپ بولغاندا ئالتە ئايغىچە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئاياللارنىڭ تۇغماسلىق كېسىلىگە: ھەيزىنىڭ 2 - كۈنى ئاستا تەسىرلىك ياسالمىسىدىن 3.75mg مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ھىپوفىزنىڭ سەزگۈرلۈكى يوقالغاندىن كېيىن جىنسىي بەزنى قوزغاتقۇچى ھورمون (促性腺激素) نى بىرلىكتە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئادەتتە مەزكۇر دورىنى ئوكۇل قىلىپ 15 كۈندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ؛ بالىلاردىكى جىنسىي ئىقتىدارى بالدۇر يېتىلىش: ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا ھەر تۆت ھەپتىدە بىر قېتىم مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئەرلەردە داۋالاشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بەزىدە كلىنىكىلىق ئالامەتلەر ئېغىر بولىدۇ؛ ئاياللاردا ھۆل ئىسسىق، جىنسىي يول قۇرغاقلىشىش، باش ئاغرىش ۋە دەرمانسىزلىق كۆرۈلىدۇ؛ قىز بالىلاردا بەزىدە يېنىك دەرىجىدە جىنسىي يول قاناش پەيدا بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 بىئولوگىيىلىك، كلىنىكىلىق ۋە رادىئوئاكتىپلىق نۇردا قانۇنىيەتلىك تەكشۈرۈش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 دىفېرېلىن فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ئامپۇل/3.75mg ، قاپ/100 ئامپۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېكاپېپتىل گېرمانىيەدە ئىشلەنگەن. تەسىرى تېز گىنىلىنىدىغان ئوكۇلى: ئامپۇل/3.75mg، قاپ/1 ئامپۇل، قاپ/3 ئامپۇل، قاپ/7 ئامپۇل.

## تاموكسىفېن

(他莫昔芬, Tamoxifen)

【باشقا نامى】 三苯氧胺، نولۋادېكس (诺瓦得土, Nolvadex)، تاموفېن (特莱芬, Tamofen).

【ئاساسىي تەركىبى】 تاموكسىفېن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورىنىڭ ئانىلىق ھورمونغا قارشى تەسىرى بولۇپ، ئۆسمە ئورنىدىكى ئانىلىق ھورمون ئاكسېپتورى بىلەن بىرىكىپ، ئۆسمە ھۈجەيرىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەيز كېسىلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئەمچەك راكى، كۆچمە ئەمچەك راكىغا ئۈنۈم بېرىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەرقېتىمدا 10 ~ 20mg، كۈنىگە 2 ~ 1 قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان-ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، يۈز قىسمى قىزىرىش، ئاياللار سىرتقى جىنسىي ئەزاسى قىچىشىش، جىنسىي يول سېرىمى گاللىشىش، جىنسىي يولدىن سۇيۇقلۇق ئېقىش، ئەتراپ نېرۋا ياللۇغى، چاچ چۈشۈش، ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، قان پلاستىنكىلىرى تۆۋەنلەش، باش ئاغرىش، بەدەندە سۇيۇقلۇق يىغىلىپ قېلىش قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. دورىنى ئۇزۇنغىچە كۆپلەپ ئىشلەتكەندە كۆرۈش تور پەردىسىگە تەسىر يېتىپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: قان رايى، جىگەر ۋە بۆرەك فۇنكسىيىسى نورمالسىزلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ سۆڭەك مەنبەلىك يۆتكىلىشكە گىرىپتار بولغانلاردا بۇ دورىنى ئىشلىتىپ داۋالاشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قاندا كالتسىي يۇقىرىلاش كېسىلى پەيدا

بولىدىغانلىقى بايقالدى.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 三苯氧胺 فىنلاندىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/10mg ، بوتۇلكا/100 تابلېت.

نولۋادېكس ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/10mg ، تابلېت/20mg ، قاپ/30 تابلېت.

تاموفېن فىنلاندىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى، تابلېت/10mg ، بوتۇلكا/100 تابلېت.

## ئىفوسفامىد

## (异环磷酰胺，lfosfamide)

【باشقا نامى】 هولوكسان (和乐生，Holoxan)، ئېلوكساتىن (乐沙定，Eloxatin).

【ئاساسى تەركىبى】 ئىفوسفامىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ سىكلوفوسفامىد (环磷酰胺) نىڭ ئىزومېرى بولۇپ، تەسىرى سىكلوفوسفامىدقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. $t_{1/2}$ 7h ~ 4 بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆپكە راكى، تۇخۇمدان راكى، ئۇرۇقدان ئۆسمىسى، يۇمشاق توقۇلما ساركومىسى، ئەمچەك راكى، ئاشقازان ئاستى بېزى راكى، بالىياتقۇ ئىچكى پەردە راكى ۋە يامان سۈپەتلىك لىمفا ئۆسمىسىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ھەربىر داۋالاش مۇددىتىدە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 250 ~ 300mg ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 50 ~ 60mg، ئۇدا بەش كۈن ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، چاچ چۈشۈش، يىلىك زەخىملىنىشكە قوشۇلۇپ كەلگەن ئاق قان ھۈجەيرىسى ۋە قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، ئىممۇنىت تورمۇزلىنىش، دوۋساق ياللۇغى، ھېپوفىز ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچراش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، بۆرەك ئىقتىدارى زەخىملىنىش تاسادىپىي پەيدا بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى:

www.uyghurkitap.com

سىسپلاتىن (顺氯胺铂) بىلەن داۋالىنىۋاتقانلاردا بۇ دورىنىڭ نېرۋىنى زەھەرلىشى، قاننى ۋە بۆرەكنى زەھەرلىشى ئېغىرراق بولۇشى مۇمكىن. قان ئۇيۇشقا قارشى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، قاناش خەتىرى يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن، قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار بىللە ئىشلەتكەندە، قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلارنىڭ قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرى كۈچىيىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئېلوكساتىن فرانسىيەدە ئىشلەنگەن.

ئوكۇلى: بوتۇلكا/50mg.

## دوكسىفلۇرىدىن

(去氧氟尿苷，Doxifluridine)

【ئاساسىي تەركىبى】 دوكسىفلۇرىدىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ بىر تۈرلۈك فلۇئوروئۇراتسىل (氟尿嘧啶) تۈرىنىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، تەسىرى فلۇئوروئۇراتسىل بىلەن ئوخشاش، ئىچكەندىن كېيىن تېز سۈمۈرۈلىدۇ، ئەسلى دورا 1 ~ 2h دىن كېيىن Cmax تەخمىنەن 1μg/1ml گە يېتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئەمچەك راكى، ئاشقازان راكى، بوغماق ئۈچەي ۋە تۈز ئۈچەي راكىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئادەتتە بىر كۈنلۈك ئومۇمىي مىقدارى 800 ~ 1200mg بولۇپ، 3 ~ 4 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ ھەمدە ياش پەرقى، ئالامەتلىرىگە قاراپ مۇۋاپىق كۆپەيتىشكە ياكى كېمەيتىشكە بولىدۇ ياكى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 بەزىدە قان سىيىش، ئاقسىللىق سۈيدۈك، BIL, ALP, GPT, GOT, BUN يۇقىرىلاش، ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، كۆكرەك قىسمى بېسىلىش سېزىمى، ئېلېكتروكاردىئوگراما نورمالسىزلىق، قورساق ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئېغىز بوشلۇقى ياللۇغى، كۆكرەك قىسمى يېقىمسىزلىنىش، قورساق كۆپۈش، ئۇسساش، جاۋغاي ياللۇغى، يۈرەك ئالدى رايونى ئاغرىش، قەۋزىيەت، قورساق كۆپۈش، قىزىش، يۇتقۇنچاق، كېكىردەك يېقىمسىزلىنىش، كۆز چارچاش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ؛ قان

پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، قان ئازلىق، چارچاش، قەدىمى دۇرۇس بولماسلىق، يۆنىلىشنى پەرق ئېتىش توسقۇنلۇققا ئۇچراش، سۆزلەش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، تەم سېزىمى چېكىنىش، پىگمېنت ئولتۇرۇشۇش، بەدەن كۈيۈشۈش، چاچ چۈشۈش، ئەسۋە چىقىش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ؛ نۇرغا زىيادە سەزگۈرلۈك رېئاكسىيىسى كەم كۆرۈلىدۇ، بۇ دورىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرىكمىلەرنىڭ مېڭە ئاق ماددىسى كېسەللىكى پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئائىت مەلۇماتلار بار.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: سورىۋۇدىن (Sorivudine) گە فلۇئورۇئۇراتسىل تۈرىدىكى دورىلار بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلسە، فلۇئورۇئۇراتسىل تۈرىدىكىلەرنىڭ مېتابولىزملىنىشى تورمۇزلىنىپ، قاندىكى 5 — FU نىڭ قويۇقلۇقى ئۆرلەيدۇ ھەمدە ئېغىر دەرىجىدە قان فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشقا ئۆسمىگە قارشى دورىلارغا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلسە، يىلىك تورمۇزلىنىش قاتارلىقلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ② مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلار ھەمدە سورىۋۇدىن (Sorivudine) ئىشلىتىۋاتقانلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئەڭ ياخشىسى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** فۇرتۇلون ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/100mg، قاپ/100 دانە، دانە/200mg، قاپ/100 دانە.

## ئادرىيامىتسىن

(阿霉素，Adriamycin)

**【باشقا نامى】** دوكسورۇبىتسىن (多柔比星，Doxorubicin).

**【ئاساسىي تەركىبى】** ئادرىيامىتسىن ھىدروخلورىد.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** ھۈجەيرىلەرنى كۈچلۈك زەھەرلەش تەسىرىگە ئىگە، ئاساسلىقى ئادرىيامىتسىن مولېكۇلىسى DNA غا كىرىشىپ نۇكلېئىك كىسلاتا (核酸) نىڭ سىنتېزلىنىشىنى تورمۇزلايدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن، جىگەر، تال، بۆرەك، ئۆپكە ۋە يۈرەككە كەڭ تارقىلىدۇ، ئاساسلىقى جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ،

مېڭە قان تومۇرىدىن ئۆتەلمەيدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كۆپ خىل ئۆسمىگە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇلار ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلى، لىمفا ئۆسمىسى، يۇمشاق توقۇلما ۋە سۆڭەك ھاسىل قىلغۇچى ساركوما، باللار يامان سۈپەتلىك ئۆسمىسى ھەمدە چوڭلار ئۇيۇل ماددا ئۆسمىسى، بولۇپمۇ ئەمچەك راكى ۋە ئۆپكە راكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 بۇ دورا ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. بىر داۋالاش مۇددىتىنىڭ دائىملىق مىقدارى 40 ~ $60mg/m^2$ بولۇپ، ئارىلاپ دورا بېرىلىدۇ، ئۈچ ھەپتە بىر داۋالاش مۇددىتى قىلىنىدۇ، ئومۇمىي دورا مىقدارى $450mg/m^2$ دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، ئېغىز بوشلۇقى ياللۇغى، قان پلاستىنكىلىرى ۋە ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. يۈرەكنى كېچىكىش خاراكتېرلىك زەھەرلەيدۇ، ئېغىر بولغاندا يۈرەك زەئىپلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاز ساندىكى بىمارلاردا قىزىش، قاناش، تېرىگە پىگمېنت ئولتۇرۇشۇش ۋە جىگەر فۇنكسىيىسى زەخىملىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ھېپارىن (肝素) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پاراھىدروكسىبېنزوئات (对羟基苯甲酸酯) قا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: قان رايى، جىگەر فۇنكسىيىسى ۋە ئېلېكتروكاردىئوگراممىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، نورمالسىز ئەھۋال كۆرۈلسە دورىنى توختىتىش لازىم، مەزكۇر دورىنى تېرە ئاستى ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندا دورا سۇيۇقلۇقىنىڭ قان تومۇر سىرتىغا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بۇ ئارقىلىق توقۇلمىلارنىڭ زەخىملىنىشى ۋە نېكروزلىنىشىدىن ساقلىنىش، باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش، ئېرىتكەندىن كېيىن ئىمكانقەدەر تېزدىن ئىشلىتىش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئادرىئامىتسىن ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن.
ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ئامپۇل/10mg.

## مېتوترېكسات

(甲氨蝶呤，Methotrexate)

【باشقا نامى】 氨甲蝶呤، ترېكسان (川桑，Trexan).

【ئاساسىي تەركىبى】 مېتوترېكسات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئانتىمېتابولىتلىق راكقا قارشى دورا بولۇپ، دىھىدروفولات رېدۇكتازا (二氢叶酸还原酶) نى رىقابەتلىك تورمۇزلاش ئارقىلىق ھۈجەيرىگە بولغان زەھەرچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، بۇ خىل فېرمېنت فولىك كىسلاتا (叶酸) نى ئوكسىدسىزلاپ، تېتراھىدروفولىك كىسلاتا (四氢叶酸) غا ئايلاندۇرۇپ، DNA نىڭ سىنتېزلىنىشى ۋە ھۈجەيرىنىڭ كۆپىيىشىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. ۋېنادىن دورا بەرگەندە ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا تەخمىنەن 50% دورا قان پلازما ئاقسىلى بىلەن ئەسلىگە يېنىشچان بىرىكىدۇ، ئادەتتىكى دوزىدا، بۇ دورا بەدەندە روشەن مېتابولىزملانمايدۇ، ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئايرىم ئىشلەتكەندە ئەمچەك راكى، ھامىلدارلىقتىكى تۇۋتلىق پەردە راكى، ئۈزۈمسىمان تۆرەلمە ياكى يامان سۈپەتلىك ئۈزۈمسىمان تۆرەلمىنى داۋالايدۇ. بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلى، Burkitts لىمفا ئۆسمىسى، ئاخىرقى دەۋرلىك لىمفا ساركومىسى ۋە ئاخىرقى دەۋرلىك موگۇسىمان زەمبۇرۇغ كېسىلىنى داۋالايدۇ، بۇ دورىنى كۆپ مىقداردا ئايرىم ياكى باشقا دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە، سۆڭەك ھاسىل قىلغۇچى ساركوما، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاق قان كېسىلى ياكى باش ۋە بويۇن قىسمى ئېپىتېلىيە راكىنى داۋالايدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ۋېنا ياكى غىلاپ ئىچىدىن دورا بېرىشكە بولىدۇ. ھىپېرتونىك ئېرىتمىسى (高渗溶液) نى غىلاپ ئىچىگە ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ. تۇۋتلىق پەردە راكى ۋە ئېپىتېلىيىسىمان كېسەللىكلەر: كۈنىگە 15 ~ 30mg مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، داۋالاش مۇددىتى بەش كۈن بولىدۇ. ئادەتتە 3 ~ 5 داۋالاش كۇرسى بولسا بولىدۇ. ئەمچەك راكى: $40mg/m^2$، بىرىنچى كۈنى

www.uyghurkitap.com

ۋە سەككىزىنچى كۈنى ۋېنادىن دورا بېرىلىدۇ. ئاق قان كېسەللىكى: ھەر كۈنى 3.3mg/m² ئىچىلىدۇ، كۈنىگە پرېدنىزون (强的松) دىن 60mg/m² قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەگەر ياخشىلانسا، قامداش مىقدارىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، يەنى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 30mg/m² ئىچىلىدۇ ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، قان پلاستىنكىلىرى ئازىيىش، قان ئازلىق، گامما شار ئاقسىلى كېمىيىش، كۆپ ئورۇندىن قان چىقىش، سېپتىتسېمىيە، قىزىل داغ، قىچىشقاق، يەلتاشما، قان قېيىش دېغى، قىل قان تومۇرلار كېڭىيىش، دانىخورەك ۋە چىيقان چىقىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. يەنە چىش مىلىكى ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، ئاشقازان ياللۇغى، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىشتىھاسىزلىق، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، قان قۇسۇش، قارا تەرەت قىلىش، ھەزىم يولى يارىسى، ئۈچەي ياللۇغى كۆرۈلىدۇ، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك جىگەر يىگىلەش ۋە نېكروزلىنىش، جىگەر ياغلىنىش، قاپقا ۋېنا تالالىشىش ياكى جىگەر قېتىش قاتارلىق جىگەر زەھەرلىنىش ئىپادىلىرى كۆرۈلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن سىرت، بۆرەك زەئىپلىشىش، ئازوتلۇق قان كېسىلى، دوۋساق ياللۇغى، سۈيدۈكتىن قان كېلىش، تۇخۇم ياكى ئۇرۇق ئازىيىش، قىسقا مۇددەتلىك ئىسپېرما كېمىيىش، ھەيز قالايمىقانلىشىش، تۇغماسلىق، بويىدىن ئاجراش، ئېغىر بۆرەك كېسىلى قاتارلىقلارمۇ كۆرۈلىدۇ. يەنە باش ئاغرىش، باش قېيىش، كۆرۈش خىرەلىشىش، گەپ قىلالماسلىق كېسىلى، يېنىك دەرىجىدىكى يارتا پالەچلىك ۋە تارتىشىش قاتارلىقلارمۇ كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: سالىتسىلىك كىسلاتا تۇزى، ستېروئىدسىز ياللۇغقا قارشى دورىلار (非甾体抗炎药)، سۇلفانىلامىد (磺胺)، فېنتوئىن (苯妥英)، تېتراتسىكلىن (四环素)، خلورومىتسېتىن (氯霉素)، پارائامىنوبېنزوئىك كىسلاتا (对氨基苯甲酸) قاتارلىق دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە دورىلارنىڭ يوشۇرۇن زەھەرچانلىقى كېلىپ چىقىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەر، ھامىلدارلار، ئوزۇقلىنىش ناچارلاشقانلار، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى ناچارلاشقان ياكى قان كېسەللىكلىرى ئەگىشىپ كەلگەنلەرگە

ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: داۋالاشتىن ئىلگىرى ۋە داۋالاش جەريانىدا بۆرەك ۋە جىگەر فۇنكسىيىسىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مېتوترېكسات ئاۋستىرالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: 25mg/1ml، ھەر قېپى 1/2ml ئامپۇل، ھەر قېپى 1/20ml ئامپۇل.

مېتوترېكسات ئاۋستىرالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 500mg/20ml.

ترېكسان فىنلاندىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: 25mg/ml، 20ml/بوتۇلكا، قاپ/1 بوتۇلكا.

## مېسنا

(美斯那，Mesna)

【باشقا نامى】 美安.

【ئاساسىي تەركىبى】 مېسنا.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 يۇقىرى دوزىلىق ئىفوسفامىد (异环磷酰胺) ياكى سىكلوفوسفامىد (环磷酰胺) نىڭ زەھەرلىك مېتابولىزم ھاسىلاتى بىلەن رېئاكسىيىگە كىرىشكەندىن كېيىن، زەھەرسىز مەھسۇلات ھاسىل بولۇپ، سۈيدۈك ئارقىلىق تېز سۈرئەتتە چىقىرىلىپ، خىمىيىلىك داۋالاش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قاناشچان دوۋساق ياللۇغى قاتارلىق سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسى ئېپىتېلىيىسىگە بولغان زەھەرچانلىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ دورا ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 1.5h بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆسمىگە قارشى خىمىيىلىك داۋالاش دورىسى ئىفوسفامىد ياكى سىكلوفوسفامىد بىلەن بىرگە ئىشلىتىپ، سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسىنى قوغدىغۇچى دورا قىلىنىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. دائىملىق مىقدارى خىمىيىلىك داۋالاش دوزىسىنىڭ 20% بولۇپ، ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ خىمىيىلىك داۋالاش بىلەن بىرگە، خىمىيىلىك داۋالاشتىن كېيىنكى 4h، 8h تە ۋېناغا تېمىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 داۋالاش مىقدارى بويىچە دورا بېرىلسە، ئادەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناچار تەسىرى كۆرۈلمەيدۇ. مىقدارى ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 60 ~ 70mg دىن ئېشىپ كەتكەندە، ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىشلىتىلسە، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، سپازمىلىق قورساق ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلار پەيدا بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 مەزكۇر دورا پەقەت خىمىيىلىك داۋالاش دورىلىرىنىڭ سۆيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسىنى زەخىملەندۈرۈشىدىن قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مېسنا گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۈيۇقلۇقى: ھەر ئامپۇلى 400mg/4ml، قاپ/15 ئامپۇل.

## فېنىلئالانىن مۇستارد

(苯内氨酸氮芥, Phenylalanine Mustard)

【باشقا نامى】 ئالكېران (爱可兰, Alkeran)، مېلفالان 马法兰, (美法仑, Melphalan)

【ئاساسىي تەركىبى】 فېنىلئالانىن مۇستارد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا بىر خىل قوش ئىقتىدارلىق ئالكىللاشتۇرغۇچى دورا بولۇپ، دېئوكسى رىبونۇكلېئىك كىسلاتاسىدىكى تىئوگۇئانىدىن (硫鸟嘌呤) نىڭ 7 - ئازوتى بىلەن كوۋالېنتلىق بىرىكىش ئارقىلىق ئالكىللىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى دانە دېئوكسى رىبونۇكلېئىك كىسلاتا قايچىلانما تۇتىشىپ، ھۈجەيرە رېپلىكاتسىيىسى (ھۈجەيرىلەرنىڭ قايتا ياسىلىشى) نى توسىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كۆپ ئورۇندا پەيدا بولىدىغان يىلىك ئۆسمىسى، ئاخىرقى دەۋرلىك تۇخۇمدان بېزى راكى، ئەمچەك راكى، يامان سۈپەتلىك قارا پىگمېنت ئۆسمىسى، يۇمشاق توقۇلما ساركومىسى، ھەقىقىي قىزىل قان شارچىسى كۆپىيىش كېسىلى، باللاردىكى ئاخىرقى دەۋرلىك نېرۋا ئانا ھۈجەيرە ئۆسمىسىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۆپ ئورۇندا پەيدا بولىدىغان يىلىك ئۆسمىسى: كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.15mg، شۇنداقلا پرېدنىزون (强的松) تابلېتكىسىدىن كۈنىگە 40mg قوشۇپ ئىچىلىدۇ. دورا

ئىشلىتىپ 6 ~ 4 ھەپتىدىن كېيىن ئىككىنچى داۋالاش باسقۇچى ئېلىپ بېرىلىدۇ. باشقا ئۆسمىلەرگە كۈنىگە 8mg ~ 2 ئىچىلىدۇ. كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى مىقدارى 10mg، ئومۇمىي مىقدارى 100mg ئەتراپىدا بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يىلىك تورمۇزلىنىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، ئاشقازان ياللۇغى، داغلىق دۆڭچە ئەسۋە، قىچىشىش قاتارلىقلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئوپېراتسىيىدىن كېيىن سىكلوفوسفامىد بىلەن بىرگە ئىشلەتسە بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىق كېلىپ چىقىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئالكېران ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2mg، قاپ/25 تابلېت.

## كالتسىئۇم لېئۇكوۋورىن
(甲酰四氢叶酸钙, Calcium Leucovorin)

【باشقا نامى】 كالتسىئۇم فولىنات (Calcium Folinate، 亚叶酸钙)، ئانتىرېكس (安曲希, Antrex)، 甲叶钙, 确呋力, 立可林.

【ئاساسىي تەركىبى】 كالتسىئۇم لېئۇكوۋورىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا فولىك كىسلاتانىڭ بەدەندىكى ئاكتىپلاشقان شەكلى بولۇپ، زىيادە مىقداردىكى فولىك كىسلاتا بىلەن قارشىلاشقۇچى ماددىلارنىڭ بەدەننى زەھەرلەش رېئاكسىيىسىنى «قايتۇرۇش» تەسىرىگە ئىگە. مېتوترېكسات (甲氨蝶呤) نىڭ نورمال ھۈجەيرىلەرنى زەخىملەندۈرۈش دەرىجىسىنى چەكلەيدۇ، ئۆز ئارا رىقابەتلىشىش تەسىرى ئارقىلىق مېتوترېكساتنىڭ يىلىك ۋە ئاشقازان، ئۈچەي شىللىق پەردىسىگە بولغان رېئاكسىيىسىنى قايتۇرالايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 فولىك كىسلاتا بىلەن قارشىلاشقۇچى دورىلارنىڭ زەھەرسىزلەندۈرگۈچىسى قىلىنىدۇ، ئېغىز ياللۇغى مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، ئوزۇقلىنىش ناچارلىشىش، ھامىلدارلىق مەزگىلى ياكى بوۋاقلىق مەزگىلىدە پەيدا بولىدىغان زور گۆدەك قىزىل قان

www.uyghurkitap.com

ھۆجەيرىلىك قان ئازلىققىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 زور گۆدەك قىزىل قان ھۆجەيرىلىك قان ئازلىق: 1mg كۈنگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. فولىك كىسلاتاسىنىڭ مېتابولىزمىغا قارشى دورىلاردىن زەھەرلىنىش: ئوتتۇرا دەرىجىلىك زەھەرلىنىش بولسا بىر قېتىمدا 12mg ، ھەركۈنى تۆت قېتىم مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئېغىر دەرىجىلىك زەھەرلىنىش بولسا 75mg ، 12h ئىچىدە ۋېناغا تېمىتىلىپ بولىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئەسۋە چىقىش: يەلتاشما ياكى زىققە قاتارلىق باشقا ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىلەر ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: يامان سۈپەتلىك قان ئازلىقنى ياكى باشقا زور ئانا قىزىل قان ھۆجەيرىلىك قان ئازلىقنى داۋالاشتىن ۋىتامىن $B_{12}$ يېتىشمىگەنلەر. ② باشقىلار: بىماردا كىسلاتالىق سۈيدۈك، قورساقتا سۇ چۈشۈش، سۇسىزلىنىش، ئاشقازان، ئۈچەي يولى توسۇلۇش، كۆكرەك بوشلۇقىغا سۇيۇقلۇق سىرغىش ياكى بۆرەك فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچراش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە، مېتوترېكسات بىلەن زەھەرسىزلەندۈرۈپ داۋالاشتا ئېھتىيات قىلىش لازىم؛ كۆپ مىقداردىكى مېتوترېكساتنى قوبۇل قىلىپ بۇ دورا بىلەن زەھەرسىزلىنىدىغانلارنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ بۇ دورىغا يورۇقلۇقنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈشى ۋە ئىسسىقلىق بىلەن ئۇچرىشىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 立可林 ئاستراليىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ھەر ئامپۇلى 15ml/2ml ، قاپ/5 ئامپۇل؛ ھەر ئامپۇلى 100mg/10ml ، قاپ/1 ئامپۇل؛ ھەر ئامپۇلى 300mg/30ml ، قاپ/1 ئامپۇل.

ئانترېكس فىنلاندىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/350mg ، قاپ/1 بوتۇلكا، تابلېتى: تابلېت/15mg ، بوتۇلكا/10 تابلېت، بوتۇلكا/30 تابلېت، بوتۇلكا/100 تابلېت؛ ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 6mg/2ml ؛ ھەر ئامپۇلى 15mg/5ml ، ھەر ئامپۇلى 30mg/10ml .

确呋力 ئاۋستىرىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ھەر ئامپۇلى

3mg/ml ، قاپ/10 ئامپۇل؛ ھەر ئامپۇلى 30mg/3ml ، قاپ/5 ئامپۇل؛ ھەر ئامپۇلى 100mg/10ml ، قاپ/5 ئامپۇل؛ ھەر بوتۇلكىسى 100mg/10ml ، قاپ/1 بوتۇلكا؛ ھەر بوتۇلكىسى 200ml/20ml ، قاپ/1 بوتۇلكا؛ ھەر بوتۇلكىسى 50mg/5ml ، قاپ/5 بوتۇلكا، ھەر بوتۇلكىسى 300mg/30ml ، قاپ/1 بوتۇلكا.

## بلېئومىتسىن

(博来霉素，Bleomycin)

【ئاساسىي تەركىبى】 بلېئومىتسىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ بىر تۈرلۈك ئىشقارلىق پولىپېپتىد تۈرىدىكى كەڭ تەسىرلىك ئۆسمىگە قارشى دورا بولۇپ، ھۈجەيرە دەۋرىنىڭ غەيرىي خاسلىقىغا ئىگە دورا، مەزكۇر دورا قاسىراقسىمان راكنى تاللاپ تورمۇزلايدۇ. ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن Tmax تەخمىنەن 30min ، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 1.5h بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 نەپەس يولى، قىزىلئۆڭگەچ، تېرە، سۈيدۈك ئاجرىتىش - كۆپىيىش ئەزاسى، ئۇرۇقدان تۇقۇلمىسىنىڭ قاسىراقسىمان ھۈجەيرە راكى، يامان سۈپەتلىك لىمفا ئۆسمىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى تېرە ئاستىغا دورا بېرىلىدۇ. ھەر قېتىمدا 15 ~ 30mg ، ھەر ھەپتىدە 1 ~ 2 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمىي مىقدارى 300mg غا يەتكۈزۈلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 تېرە شىللىق پەردىسى زەخىملىنىش، قايتما خاراكتېرلىك چاچ چۈشۈش، ئېغىر دەرىجىدىكى ئۆپكە زەخىملىنىش مەنبەلىك نەپەس قىيىنلىشىش، ھەيز كېسىلىش، ئىسسىقتا كەمچىل بولۇش، دورا قىزىتمىسى رېئاكسىيىسى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: سىكلوسپورىن (环胞菌素) بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىش لازىم، زەھىرى ئازايتىلغان تىرىك ۋاكسىنا بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىك، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. ② مەنئى

www.uyghurkitap.com

قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئېغىر دەرىجىدە نەپەسلىنىش قىيىنلاشقانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ئۆپكە فۇنكسىيىسىنى تەپسىلىي كۆزىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 بلېئومىتسىن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ئامپۇل/15mg ، ئامپۇل/5mg .

## فارمورۇبىتسىن

(表阿霉素，Pharmorubicin)

【باشقا نامى】 ئېپىرۇبىتسىن (表柔比星，Epirubicin).

【ئاساسىي تەركىبى】 فارمورۇبىتسىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ بىر خىل ئانتراتسېن ھالقىلىق ئۆسمىگە قارشى دورا بولۇپ، ھۈجەيرىگە تېزلىكتە سىڭىپ ئۆتۈپ، ھۈجەيرە يادروسىغا كىرىپ، نۇكلېئىك كىسلاتانىڭ سىنتېزلىنىش ۋە يىپلىق بۆلۈنۈشىنى تورمۇزلايدۇ، جىگەر ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، $t_{1/2}$ بولسا 40h .

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئەمچەك راكى، يامان سۇپەتلىك لىمفا ئۆسمىسى، يۇمشاق توقۇلما ساركومىسى ۋە ئاشقازان راكىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دورىنىڭ يەنە يامان سۇپەتلىك قارا پىگمېنت ئۆسمىسى، بوغماق ئۈچەي راكىغىمۇ قارشى ئاكتىپچانلىقى بار. راككا قارشى باشقا دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆپكە راكى ۋە تۇخۇمدان راكىنى داۋالاشقا بولىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. يەككە ئىشلىتىش مىقدارى $60 \sim 90mg/m^2$ ، $3 \sim 5min$ ئىچىدە بەدەنگە ئوكۇل قىلىنىدۇ، كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ 21 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قايتا ئىشلىتىلىدۇ. جىگەر فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا دورا مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، شەلۋەرەپ كەتكەن ئاشقازان ياللۇغى، تىلنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە تىل ئاستى بېزى ياللۇغى، يۇقىرى قىزىتما، چاچ چۈشۈش، يىلىك تورمۇزلىنىش ۋە يۈرەكنى زەھەرلەش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، قىزىش، تىترەش، يەلتاشما

ۋە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىلەر ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ھېپارىن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئىلگىرى ئۆسمىگە قارشى دورىلارنى ئىشلىتىپ ياكى رادىئوئاكتىپلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىپ يىلىكى روشەن ھالدا تورمۇزلانغانلار، ئانتىراتسېن ھالقىلىق دورىلار يۇقىرى دوزىدا ئىشلىتىلگەنلەر، يېقىندا ياكى ئىلگىرى يۈرەك كېسىلى بولغانلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: بىرىنچى داۋالاش مەزگىلىدە قىزىل قان ھۈجەيرىسى، ئاق قان ھۈجەيرىسى، قان پلاستىنكىلىرىنى چوقۇم تەپسىلىي كۆزىتىش؛ جىگەر فۇنكسىيىسىنى تەكشۈرۈش ۋە يۈرەكنى كۆزىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 فارمورۇبىتسىن ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ئامپۇل/10mg، ئامپۇل/50mg، قاپ/1 ئامپۇل.

## سىسپلاتىن
(顺铂, Cisplatin)

【باشقا نامى】 سىسپلاتىن ـ فائۇلدىن (锡铂, Cisplatin − Fauldin)، 顺氯氨铂، 威力顺铂.

【ئاساسىي تەركىبى】 سىسپلاتىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ پلاتىنا تۆرىدىكى مېتاللىق كومپلېكس بىرىكمە بولۇپ، راك ھۈجەيرىسىدىكى DNA بىلەن بىرىكىپ، راك ھۈجەيرىسىنىڭ يۆنىلىشىنى تورمۇزلايدۇ. بۇ دورا ئاساسلىقى بۆرەك، جىگەر ۋە ئۈچەيدىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۇرۇقدان راكى، تۇخۇمدان راكى، بالىياتقۇ ئىچى پەردىسى راكى، قولاق ـ بۇرۇن ـ كېكىردەك راكى، قىزىلئۆڭگەچ راكى ۋە دوۋساق راكىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىش شەرت. يەككە داۋالاش: $50\sim100kg/m^2$، ھەر 6 ~ 3 ھەپتىدە بىر قېتىم ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى $15\sim20mg/m^2$، ئۇدا بەش كۈن ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ بىرلەشمە دورا ئىشلىتىش: بىرگە ئىشلىتىلىدىغان دورىنىڭ

خۇسۇسىيىتى ۋە زەھەرچانلىقىغا ئاساسەن مىقدارى تەڭشىلىدۇ.

【**ناچار تەسىرى**】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، قەۋزىيەت، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئاق قان ھۈجەيرىسى ۋە قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، قان ئازلىق، نېرۋا ئۇچلىرى كېسەللىكلىرى، سېزىم ۋە كۆرۈش سېزىمى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، بۆرەكنى زەھەرلەش، قۇلاق غۇڭۇلداش ۋە گاسلىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ترانسئامىنازا ئۆرلەش ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

【**دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: سىكلوسپورىن (环胞菌素) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، ئىممۇنىتنى تورمۇزلاش تەسىرى كۈچىيىدۇ؛ زەھىرى ئازايتىلغان تىرىك ۋاكسىنا بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، جانغا زامىن پۈتۈن بەدەن دائىرىلىك كېسەللىك پەيدا قىلىشى مۇمكىن؛ ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، بۆرەك ۋە ئاڭلاش ئەزالىرىغا بولغان زەھەرچانلىق تەسىرى كۈچىيىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پلاتىنا تۇغۇندىلىرىغا زىيادە سەزگۈرلەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، ئاڭلاش ئىقتىدارى زەخىملەنگەنلەر، قان كېسىلى بارلار، يىلىكنىڭ قايتا ئىشلىنىشى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىغۇچىلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. ③ باشقىلار: ھەر قېتىم داۋالاش ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ھېماتولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ داۋالاشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى، ئاڭلاش ئىقتىدارى، ئېلېكترولىتلار، نېرۋا سىستېمىسى ۋە قان سىستېمىلىرىغا نىسبەتەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش لازىم.

【**ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى**】 سىسپلاتىن ـ فائۇلدىن ئاۋسترالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ئامپۇل/10mg، ئامپۇل/50mg، ئامپۇل/100mg.

威力顺铂 ئاۋسترالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ھەر ئامپۇلى 10mg/20ml.

# كارموفۇر

(卡莫氟, Carmofur)

【باشقا نامى】 مىفۇرول (嘧福禄, Mifurol)، 卡莫福.

【ئاساسىي تەركىبى】 كارموفۇر.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ. بەدەندە ئاستا ـ ئاستا فلۇئوروئۇراتسىل (氟尿嘧啶) قويۇپ بېرىپ، DNA، RNA ۋە ئاقسىلنىڭ سىنتېزلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش ياكى كاشىلا قىلىش ئارقىلىق ئۆسمىگە قارشى رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۆسمىگە قارشى دائىرىسى فتورافۇر (呋尿嘧啶) ۋە فلۇئوروئۇراتسىلدىن كەڭ، $t_{1/2}$2 ~ 4h، جىگەر، بۆرەك ۋە ئاشقازان دىۋارىدىكى قويۇقلۇقى بىر قەدەر يۇقىرى، ئاساسلىقى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەزىم يولى راكى (ئاشقازان راكى، بوغماق ئۈچەي راكى، تۈز ئۈچەي راكى)، ئەمچەك راكى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئادەتتە كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 12 ~ 18mg، 2 ~ 4 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ. بىر كۈنلۈك ئومۇمىي مىقدارىنى 900mg دىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

【ناچار تەسىرى】 گەپ ـ سۆزى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، سېزىمى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى چېكىنىش، BUN, ALP, GPT, GOT يۇقىرىلاش قاتارلىقلار، قان ئازلىق، قان پلاستىنكىلىرى، ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، قىچىشىش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا پەيدا بولىدۇ، بەزىدە قەۋزىيەت، ئىچ سۈرۈش كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ياشانغانلار، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، ھامىلىدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ دورا ئىچكەندىن كېيىن ئىسپىرت تەركىبى بار ئىچىملىكلەرنى ئىچمەسلىك كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مىفۇرول ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/100mg، قاپ/100 تابلېت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مېركاپتوپۇرىن
(巯嘌呤，Mercaptopurine)

【باشقا نامى】 پۇرى - نېتول (乐疾宁，Puri — Nethol).

【ئاساسىي تەركىبى】 مېركاپتوپۇرىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن ئاكتىپچانلىققا ئىگە 6 - مېركاپتوپۇرىنلىق نۇكلېئىك كىسلاتا (6 — 巯基嘌呤核苷酸) غا ئايلىنىپ، DNA ۋە RNA نىڭ سىنتېزلىنىشىنى تورمۇزلاپ، راك ھۈجەيرىسىنىڭ ئۆسۈشىنى توسىدۇ. ئىچكەندە سۈمۈرۈلۈشى تولۇق بولمايدۇ، پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىدۇ، ئاز قىسمى مېڭە - يۇلۇن سۇيۇقلۇقىغا كىرىدۇ، جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ، 24h تە 5 ~ 39% ى ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، 1.5h$t_{1/2}$.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆتكۈر خاراكتېرلىك لىمفا ھۈجەيرىسى مەنبەلىك ۋە دانچە ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلى، سوزۇلما خاراكتېرلىك دانچە ھۈجەيرىلىك ئاق قان كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ، تىۋىتلىق پەردە ئېپىتېلىيە راكى، يامان سۈپەتلىك ئۇزۇمسىمان تۆرەلمىگىمۇ ئۈنۈم بېرىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئاق قان كېسىلىنى داۋالاشتا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 1.5 ~ 3mg، 2 ~ 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 2 ~ 4 ئاي بولىدۇ، تىۋىتلىق پەردە ئېپىتېلىيە راكىنى داۋالاشتا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 6mg، ئۇدا 10 كۈن ئىچىلىدۇ، 3 ~ 4 ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن داۋالاش مۇددىتى قايتا تەكرارلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاق قان ھۈجەيرىسى قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، ئېغىز بوشلۇقى ۋە ئۈچەي يولى يارىسى، ئۆت قېيىۋېلىش مەنبەلىك سېرىقلىق، ئەسۋە چىقىش، ھەيز كېسىلىش، ئىسپېرما كېمىيىش، ئۆسمە ھۈجەيرىسى ئېرىش يىغىندى ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى:

بۇ دورا سىكلوسپورىن (环胞菌素) بىلەن بىللە ئىشلىتىلسە ئىممۇنىتىنىڭ تورمۇزلىنىشى كۈچىيىدۇ. زەھىرى ئازايتىلغان تىرىك ۋاكسىنا بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك، ھەتتا جانغا زامىن كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش خەتىرى كېلىپ چىقىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھەر قېتىم دورا ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى قان رايىنى ئىنچىكىلىق بىلەن تەكشۈرۈش؛ جىگەر فۇنكسىيىسىنى كۆزىتىش؛ ئۆسمە ھۇجەيرىسى كۆپلەپ ئېرىگەندە يۇقىرى سۈيدۈك كىسلاتالىق قان كېسىلى ۋە سۈيدۈك كىسلاتا تۇزلىرىنىڭ چۆكۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە بالا ئېمىتىش چەكلىنىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** پۈرى - نېتول ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/50mg، قاپ/25 تابلېت.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر قىلغۇچى دورىلار

## 1 § . ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار

### ترامادول ھىدروخلورىد
(盐酸曲马多, Tramadol Hydrochloride)

【باشقا نامى】 مابرون (马伯龙, Mabron)، ترامكونتىن (奇曼丁, Tramcontin) Tramal.

【ئاساسىي تەركىبى】 ترامادول ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ تاللاشچانلىقى بولمىغان ئەپيۇن ئاكسېپتورىنى قوزغاتقۇچى بىر تۈرلۈك دورا بولۇپ، μ - ئاكسېپتورىغا قارىتا بىر قەدەر يۇقىرى بىرىكىش كۈچىگە ئىگە، مورفىنغا ئوخشاش مەركەز خاراكتېرلىك ئاغرىق پەسەيتىش ۋە يۆتەل توختىتىش تەسىرىگە ئىگە، ئادەمنىڭ بۇ دورىغا بېقىنىشچانلىقى ئاز راق بولىدۇ، نەپەسنى تورمۇزلاش تەسىرى يوق. ئىچكەندە ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، $T_{max}$ 2 ~ 3h، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى تەخمىنەن 65%. جىگەردە مېتابولىزملىنىپ، بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، $t_{1/2}$ 6h بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئوتتۇرا، ئېغىر دەرىجىدىكى ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاغرىش ھەمدە دىئاگنوز قويۇش تەدبىرى ياكى داۋالاشتىن پەيدا بولغان ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مىقدارى ئاغرىش دەرىجىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، ھەر قېتىمدا 50mg، ئەگەر ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا، 1h تىن كېيىن يەنە 50mg ئىچىلىدۇ، كۈنلۈك مىقدارىنى كۈنىگە 400mg دىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ھەر قېتىمدا 100mg، كۈنىگە بىر قېتىم مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. شامچە ياسالمىسى ھەر قېتىمدا بىر دانىدىن كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم مەقئەتكە سېلىنىدۇ. جىگەر،

بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغان بىمارلارغا ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، تەرلەش، ئېغىز قۇرۇش ۋە ئۇيقۇسىراش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. يۈرەك سېلىش، بەدەن تۈرقى خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى ياكى يۈرەك قان تومۇرى مەنبەلىك كوللاپس قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئىسپىرت، تىنچلاندۇرغۇچى دورا، ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورا ياكى باشقا مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى دورىلىرى بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە ئۆتكۈر خاراكتېرلىك زەھەرلىنىش كېلىپ چىقىدۇ؛ دىئازېپام تۈرىدىكى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە بۇ دورىنىڭ نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان تەسىرى كۈچىيىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: مونوئامىن ئوكسىدازانى تورمۇزلىغۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى بىمارلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ شوپۇرلار ياكى ماشىنىدا مەشغۇلات قىلغۇچىلارنىڭ ئىنكاسىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ ئادەملەرنىڭ بۇ دورىغا بېقىنىشچانلىقى ئازراق، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بېرى خۇمار پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئائىت مەلۇماتلار بار.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مابرون سىپرۇستا ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/50mg، قاپ/10 دانە، ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ھەر ئامپۇلى 100mg/2ml، قاپ/10 ئامپۇل.

ترامادول گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/50mg، قاپ/10 دانە، قاپ/30 دانە؛ ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ھەر ئامپۇلى 50mg/ml، ھەر ئامپۇلى 100mg/2ml، قاپ/5 ئامپۇل. تېمىتىلىدىغان ياسالمىسى: 100mg/ml، شامچە ياسالمىسى: دانە/100mg، قاپ/5 دانە.

## فلۇنارىزىن ھىدروخلورىد

(盐酸氟桂利嗪，Flunarizene Hydrochloride)

【باشقا نامى】 سىبېلىئۇم (西比灵，Sibelium)، مىتانال (米他兰，Mitanal)، 氟桂嗪.

【ئاساسىي تەركىبى】 فلۇنارىزىن ھىدروخلورىد.

www.uyghurkitap.com

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ تالالاش خاراكتېرلىك كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى دورا بولۇپ، $Ca^{2+}$نىڭ پەردىدىن ھالقىپ ھۈجەيرە ئىچىگە كىرىشىنى توسۇش ئارقىلىق، ھۈجەيرىدىكى كالتسىينىڭ دەرىجىسىدىن تاشقىرى ئارتىپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، يۈرەكنىڭ قىسقىرىشى ۋە ئۆتكۈزۈشىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، ئىچكەندىن كېيىن 2 ~ 4h Tmax بولىدۇ. قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 90%، $t_{1/2}$ 18 كۈن، جىگەردە مېتابولىزملىنىپ، گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 تېپىك ياكى تېپىك بولمىغان شەقىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ، دەھلىز (قۇلاقتىكى) فۇنكسىيىسى قالايمىقانلىشىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان باش قېيىش ئالامىتىگە قارىتا داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 شەقىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك داۋالاشتا: دەسلەپكى مىقدارى كۈنىگە 10mg بولىدۇ، 65 ياشتىن يۇقىرى بىمارلار كۈنىگە 5mg دىن ھەر كۈنى كەچتە ئىچىدۇ. قامداپ داۋالاش مىقدارى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، ھەر ھەپتىدە بەش كۈن ئىچىلىدۇ، ئالتە ئاي ئىشلەتكەندىن كېيىن توختىتىلىدۇ، قايتا قوزغالغاندا دەسلەپكى مىقداردىن باشلاپ قايتا ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئۇيقۇسىراش، چارچاش، بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىپ كېتىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، خامۇشلۇق كېسىلى ناگاھاندا كۆرۈلىدۇ، ياشانغانلاردا پىرامىدا سىرتقى سىستېمىسى ئالامەتلىرى ئوڭايلا پەيدا بولىدۇ. ئاشقازان كۆيۈپ ئېچىشىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئاشقازان ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، تەشۋىشلىنىش، سۈت ئېقىش، ئېغىز قۇرۇش، مۇسكۇل ئاغرىش ۋە ئەسۋە قاتارلىقلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئىسپىرت، ئۇيقۇ دورىسى ياكى تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى زىيادە تىنچلاندۇرۇش تەسىرى كۆرۈلىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، خامۇشلۇق كېسىلى تارىخى بارلار پاركىنسون كېسىلى ياكى باشقا پىرامىدا سىرتقى سىستېمىسى كېسەللىكلىرى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دورا يەنە ماشىنا مەشغۇلاتى بىلەن شوغۇللانغۇچىلارنىڭ

ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئەگەر بىماردا چارچاش ھادىسىسى تەدرىجىي ئېغىرلاشسا ياكى دورا ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتسە، داۋالاشنى توختىتىش كېرەك؛ دورا مىقدارى زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەندە تىنچلاندۇرۇش تەسىرى ۋە ماغدۇرسىزلىنىش پەيدا بولىدۇ، بۇنى ئاكتىپلاشقان كۆمۈر، قۇستۇرغۇچى دورىلار، ئاشقازاننى يۇيۇش ۋە قۇۋۋەتلەندۈرۈپ داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ، نۆۋەتتە بۇنىڭ ئالاھىدە ئۈنۈملۈك زەھەر قايتۇرغۇچى دورىسى يوق، باش قېيىش پەيدا بولغاندا، ئالامەتلىرىنى كونترول قىلىپ بولغاندىن كېيىن دورىنى توختىتىش كېرەك، دەسلەپكى داۋالاش مۇددىتى ئادەتتە ئىككى ئايدىن تۆۋەن بولىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** مىتانال ياپونىيىدە ئىشلەنگەن.
تابلېتى: تابلېت/10mg، قاپ/100 تابلېت.

## § 2 . قىزىتما قايتۇرۇپ، ئاغرىق توختاتقۇچى دورىلار

### ئاتسېتامىنوفېن
(对乙酰氨基酚，Acetaminophen)

**【باشقا نامى】** 扑热息痛، Paracetamol، تىلېنول كولد كاپلېت (泰诺，Tylenol Cold Caplet)، تىلېنول خىلدرېن كولد ياكى كوئۈگ لىكۇئىد (酚麻美敏口服容液，Cough Liquid，Tylenol Children's Cold).

**【ئاساسىي تەركىبى】** ئاتسېتامىنوفېن.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ ئامىنوبېنزېن تۈرىدىكى قىزىتما قايتۇرۇپ، ئاغرىق توختاتقۇچى دورا بولۇپ، تەسىر قىلىش مېخانىزمى ئاسپىرىن بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىچكەندە تېز، تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، ئاساسلىقى جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ، $t_{1/2}$ 1 ~ 4h، مېتابولىزم ھاسىلاتى ئاساسەن سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** باش ئاغرىش، چىش ئاغرىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، بوغۇم ئاغرىش، مۇسكۇل ئاغرىش، تۇغۇتتىن كېيىن ۋە ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى ئاغرىش، يېنىك ۋە ئوتتۇرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرىجىدىكى راك مەنبەلىك ئاغرىش، زۇكامدىن بولغان قىزىش ۋە باشقا يېقىمسىزلىنىش ئالامەتلىرىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 500～1000mg كۈنىگە 4 ～ 3 قېتىم ئىچىلىدۇ، 24h ئىچىدە 2000mg دىن ئاشۇرۇلمايدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ئاز كۆرۈلىدۇ، ئېغىر دەرىجىدىكى يۈتقۈنچاق- كېكىردەك ئاغرىش، قىزىش، باش ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش ياكى قۇسۇش ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ئاتسېتامىنوفېن تەركىبى بولغان باشقا دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەگەر ئۈنۈمى ياخشى بولمىسا ياكى قىزىش، ئىششىش قاتارلىق يېڭى ئالامەتلەر پەيدا بولسا، باشقا داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى ئويلىشىش كېرەك؛ ھاراق ئىچكۈچىلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تىلېنول كولد كاپلېت ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. پەردىلىك تابلېتى: تابلېت/500mg ، قاپ/10 تابلېت؛ ئاستا تەسىرلىك تابلېتى: تابلېت/650mg .

تىلېنول خىلدرېد كولد ياكى كوئۇگ لىكۇئىد ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. ئىچىلىدىغان سۇيۇقلۇقى، بوتۇلكا/100ml .

## فورتولىن

(幸福止痛素, Fortolin)

【ئاساسىي تەركىبى】 ئاتسېتامىنوفېن (醋氨酚).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدىكى پروستاگلاندىن (前列腺素) نىڭ سىنتېزلىنىشىنى تورمۇزلاش ۋە ئاغرىش سېزىمىنىڭ ئاخىرقى نېرۋا ئۇچلىرىدىكى ئىمپۇلسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئارقىلىق ئاغرىق پەسەيتىدۇ. تۆۋەنكى كۆرۈش دۆڭچىسىدىكى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش مەركىزىگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئەتراپتىكى قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، قىزىتما قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئىچكەندىن كېيىن سۈمۈرۈلۈشى تېز، تولۇق

بولىدۇ، بەدەن سۇيۇقلۇقىغا تەكشى تارقىلىدۇ، ئاساسلىقى جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ، $t_{1/2}$ 1~4h، ئىچكەندىن كېيىن Tmax 0.5~2h، تەسىرىنىڭ داۋام قىلىش ۋاقتى 3 ~ 4h، بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 باش ئاغرىش، قىزىش، چىش ئاغرىش، مۇسكۇل تېلىپ ئاغرىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، بوغۇم ياللۇغى ئاغرىقى ۋە نېرۋا ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار 500 ~ 1000mg، كۈنىگە 3 ~ 4 قېتىم ئىچىدۇ؛ 7 ~ 12 ياشلىق بالىلار 200 ~ 500mg دىن كۈنىگە 3 ~ 4 قېتىم ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ، ئۇزۇن مەزگىل كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش ۋە جىگەرنى زەھەرلەش كېلىپ چىقىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ئىچىلىدىغان ئۇيۇشقا قارشى دورىلارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ؛ جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخمىلەنگەنلەر، ئىسپىرتتىن زەھەرلەنگەنلەر، ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 فورتولىن شىائگاڭدا ئىشلەنگەن.
تابلېتى: تابلېت/500mg، قاپ/12 تابلېت.

## سۇماترىپتان

(舒马曲坦, Sumatriptan)

【باشقا نامى】 ئىمىگران (英明格, Imigran).

【ئاساسىي تەركىبى】 سۇماترىپتان.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ بىر خىل يۇقىرى تاللاشچانلىقا ئىگە 5 - ھىدروكسى ترىپتامىن (5 - 羟色胺 يەنى 5 - HT) ئاكسېپتورىنى قوزغاتقۇچى دورا. ($5-HT_1$ ئاكسېپتورى شەقىقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك). ئىچكەندىن كېيىن تېز سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 45min، دەسلەپكى دورا تەسىرى مەۋجۇت، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى تەخمىنەن 14%؛ تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن Tmax 25min، $t_{1/2}$ 12h بولىدۇ. مېتالىزم ھاسىلاتى ئاساسەن سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆتكۈر خاراكتېرلىك

www.uyghurkitap.com

دەۋرىيلىك شەقىقە ۋە چىگىش خاراكتېرلىك باش ئاغرىشنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەرقېتىمدا 100mg ، كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم ئىچىلىدۇ. تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلغاندا ھەر قېتىمدا 6mg ئوكۇل قىلىنىدۇ، ئەگەر كېسەللىك قايتا قوزغالسا، 1h ئىچىدە تېرە ئاستىغا يەنە بىر قېتىم ئوكۇل قىلىشقا بولىدۇ، 2h ئىچىدە ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى قېتىم ئوكۇل قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئوكۇل قىلىنغان ئورۇن ئاغرىش، ئۇيۇشۇش سېزىمى پەيدا بولۇش، كۆيگەندەك سېزىم پەيدا بولۇش، جىددىيلىشىش، يۈز قىسمى قىزىرىش، باش قېيىش، ماغدۇرسىزلىنىش، چارچاش، قان بېسىمى ۋاقىتلىق يۇقىرىلاش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئېرگوتامىن (麦角胺) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە قان تومۇرلار سپازمىلىنىش رېئاكسىيىسى يۈز بېرىشى مۇمكىن. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: مونوئامىن ئوكسىدازا (单胺氧化酶) نى تورمۇزلىغۇچى دورىلار، 5—HT نىڭ قايتا سۈمۈرۈلۈشىنى تاللاپ تورمۇزلىغۇچى دورىلار ياكى لىتىي ياسالمىلىرى بىلەن داۋالىنىۋاتقان بىمارلار، قان يېتىشمەسلىك خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلى بىمارلىرى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى تارىخى بارلار ۋە يۈرەك سانجىقى بىمارلىرىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ۋېناغا ئوكۇل قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئىمىگران ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/50mg ؛ ئوكۇلى: 6mg/0.5ml ، ئامپۇل/0.5ml .

## 3 § . تىترەشچان پالەچكە قارشى دورىلار

### بروموكرىپتىن
(溴隐亭，Bromocriptine)

【باشقا نامى】 甲磺酸溴隐亭 ، 奥贝—溴隐亭 ، سېروكرىپتىن (Serocyptin) ، 溴麦角隐亭 .

【ئاساسىي تەركىبى】 بروموكرىپتىن مېزىلات (甲磺酸溴隐亭) .

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، دوپامىن ئاكسېپتورىنى

تاللاپ قوزغاتقۇچى دورا، ھىپوفىز ئالدى ياپراقچە ھورمونى سۈت ئاجرىتىش ماددىسىنىڭ ئاجرىلىشىنى تورمۇزلايدۇ، باشقا ھىپوفىز ھورمونلىرى (垂体激素)غا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، سۈت ئاجرىتىش ماددىسى زىيادە كۆپىيىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولغاندا، دوپامىن ئاكسېپتورىنى قوزغىتىپ، تىترەش، قېتىپ قېلىش، ھەرىكەتتى ئاستىلاش ۋە پاركىنسون كېسەللىكىنىڭ باشقا ئالامەتلىرىنى ياخشىلايدۇ. ئىچكەندە تېز ھەم تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 1 — 3h، ئاساسلىقى جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 15h، ئاساسلىقى جىگەر ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 96%.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 سۈت ئاجرىتىش ماددىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەيز قالايمىقانلىشىش ۋە تۇغماسلىق كېسىلى، ئەرلەردىكى سۈت ئاجرىتىش ماددىسى يۇقىرىلاش مەنبەلىك قان كېسىلىدىن بولغان جىنسىي ئىقتىدار تۆۋەنلەش، سۈت ئاجرىتىش ماددىسى ئۆسمىسىنى ئوپېراتسىيىسىز داۋالاشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. پاركىنسون كېسىلى ۋە مېڭە ياللۇغىدىن كېيىنكى پاركىنسون يىغىندى ئالامەتلىرىگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 1.25mg كۈنىگە 2 ~ 3 قېتىم ئىچىلىدۇ، پاركىنسون كېسىلى ياكى مېڭە ياللۇغىدىن كېيىنكى پاركىنسون يىغىندى ئالامىتى: بىرىنچى ھەپتىسى كۈنىگە 1.25mg ئىشلىتىلىدۇ، كېيىن مىقدارىنى تەدرىجىي تەڭشەپ، كۈنىگە 1.25mg كۆپەيتىپ، 2 ~ 3 قېتىمغا بۆلۈپ تاماق ۋاقتىدا ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، چارچاش، كۆڭۈل ئېلىشىش، تۆۋەن قان بېسىمى كۆرۈلىدۇ. يۇقىرى دوزىدا ئىشلەتكەندە قەۋزىيەت بولۇش، ئۇيقۇسىراش كېلىپ چىقىدۇ، نېرۋىسى چېچىلىش، ھەرىكەت خاراكتېرلىك ھاياجانلىنىش، خىيالىي سېزىم، ھەرىكەت توسالغۇغا ئۇچراش، ئېغىز قۇرۇش ۋە تۆۋەنكى مۇچىلەر سپازملىنىش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئېرگوزىن (麦角生物碱) ياكى سىمپاتىكسىمان قان تومۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسقىرىتقۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، قان تومۇرنى قىسقىرىتىش، قان بېسىم يۇقىرىلاش خەترىنى پەيدا قىلىدۇ؛ ماكرولىدېسلار (大环内酯类) (سپىرامىتسىن يەنى 螺旋霉素 بۇنىڭ سىرتىدا) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئېرگوزىنغا زىيادە سەزگۈرلەر، هامىلدارلىقتىن زەھەرلىنىش كېسىلى، تۇغۇتتىن كېيىنكى ياكى چىللە مەزگىلىدىكى يۇقىرى قان بېسىم بىمارلىرىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھەزىم يولى يارىسى، روھىي پائالىيەت توسقۇنلۇقىدا ئۇچراش ياكى ئېغىر دەرىجىدە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى تارىخى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بىمارنىڭ ماشىنا ھەيدەش ۋە ماشىنىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۇزۇن مەزگىل يۇقىرى دوزىدا ئىشلەتكەندە پاركىنسون كېسىلى بىمارلىرىنىڭ كۆكرەك پەردىسىگە سۇيۇقلۇق سىرغىيدۇ ياكى قورساق پەردە كەينى تالالىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. ھىپوفىز بەز ئۆسمىسى بارلار ھامىلدار بولغاندا بۇ دورىنى ئىشلىتىشنى توختىتىش ھەمدە ھامىلدارلىق مەزگىلىدە تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 بروموكرىپتىن- گېدېئون ۋېنگرىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2.5mg، قاپ/30 تابلېت.

پارلودېل شۋېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2.5mg، قاپ/30 تابلېت؛ تابلېت/2.5mg، قاپ/100 تابلېت.

سېروكرىپتىن ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2.5mg، قاپ/30 تابلېت.

奥贝—溴隐亭، كانادادا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2.5mg، قاپ/30 تابلېت، بوتۇلكا/30 تابلېت، بوتۇلكا/60 تابلېت.

## لېۋودوپا/بېنسېرازىد

(苄丝肼, Benserazide/Levodopa, 左旋多巴)

【باشقا نامى】 مادوپار (美多巴, Madopar).

【ئاساسىي تەركىبى】 ھەربىر تابلېتىدا 200mg لېۋودوپا، 50mg بېنسېرازىد بولىدۇ.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 لېۋودوپا پاركىنسون كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرىنى ياخشىلايدۇ. بېنسېرازىد ئەتراپ لېۋودوپانىڭ پارچىلىنىشىنى تورمۇزلاپ، تېخىمۇ كۆپ لېۋودوپانى مېڭە قىسمىغا توشۇپ بېرىپ، دوپامىنغا ئايلاندۇرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 پاركىنسون كېسىلىگە، سىمپتوملۇق پاركىنسون يىغىندى ئالامەتلىرى (مېڭە ياللۇغىدىن كېيىنكى، ئارتېرىيە قېتىش خاراكتېرلىك ياكى زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك) گە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 دەسلەپكى مىقدارى 125mg ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ. 2 - ھەپتىسىدىن باشلاپ كۈنىگە 125mg دىن تاكى مۇۋاپىق مىقدارغا يەتكۈچە قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئۈنۈملۈك مىقدارى ئادەتتە كۈنىگە 100 ~ 500mg بولۇپ، 3 ~ 4 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ. قامداش مىقدارى ھەر قېتىمدا 250mg بولۇپ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يېنىك دەرىجىدىكى ئاشقازان - ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، بەدەن تۈرقى خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى، ئۇيقۇسىزلىق، ئەنسىزلىنىش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ، خامۇشلۇق ۋە روھىي كېسەل، ئىختىيارسىز ھەرىكەت قىلىش، مەسىلەن: ئۇسسۇل كېسىلىگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىش ياكى قول- پۇت ئۈزلۈكسىز تارتىشىپ تۇرۇش قاتارلىقلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: مونوئامىن ئوكسىدازانى (单胺氧化酶)نى تورمۇزلىغۇچى دورىلار، سىكلوپروپان (环丙烷) ياكى فلۇكتان (烷氟) قاتارلىق ناركوز دورىلىرى بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ رېزېرپىن (利血平) ۋە α - مېتىل — دوپا (α—甲基多巴) قاتارلىق دورىلار بۇ دورىنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئېغىر دەرىجىدىكى ئىچكى ئاجراتما كېسەللىكلىرى بىمارلىرى، بۆرەك، جىگەر، يۈرەك كېسىلى بىمارلىرى، روھىي كېسەللەر، 25 ياشتىن تۆۋەن بىمارلار ياكى ھامىلدارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، سۆڭەك يۇمشاش كېسىلى، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى، تاجسىمان ئارتېرىيىگە قان يېتىشمەسلىك، يۈرەك رىتىمسىزلىقى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گلاۋكوما بىمارلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مادوپار شۇبىتسارىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/250mg، قاپ/40 تابلېت.

## كاربىدوپا/لېۋودوپا

(左旋多巴，Levodopa/Carbidopa，卡比多巴)

【باشقا نامى】 سىنېمېت (息宁，Sinemet).

【ئاساسىي تەركىبى】 كاربىدوپا، لېۋودوپا.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 لېۋودوپا پاركىنسون كېسەللىكى ئالامەتلىرىنى ياخشىلايدۇ، كاربىدوپا ئەتراپ لېۋودوپانىڭ كاربوكسىلسىزلىنىشىنى تورمۇزلايدۇ. بۇ دورا 6h ~ 4 ئىچىدە ئۇنۇملۇك تەركىب قويۇپ بېرىدۇ، بۇ دورىنىڭ قان پلازمىسىدىكى لېۋودوپا سەۋىيىسىنى ئۆزگەرتىشى بىر قەدەر كىچىك بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 پاركىنسون كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 بۇ دورا ئىچىلىدۇ. لېۋودوپا ئىشلەتمىگەنلەرگە بېرىلىدىغان دەسلەپكى مىقدارى ھەر قېتىمدا تەسىرى تېز گىنىلىنىدىغان تابلېتتىن 250mg، كۈنىگە ئىككى قېتىم؛ بىر قەدەر كۆپ مىقداردىكى لېۋودوپاغا ئېھتىياجلىق بولغانلارغا، تەسىرى تېز گىنىلىنىدىغان تابلېتتىن 250 ~ 1000mg كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىشلىتىلىدۇ، دورا ئىچىش ئارىلىقى 6h تىن تۆۋەن بولمايدۇ. ئادەتتىكى لېۋودوپا/دېكاربوكسىدازانى تورمۇزلىغۇچى مۇرەككەپ ياسالمىلارنى ئىشلىتىپ داۋالىنىۋاتقانلارغا، كلىنىكىلىق ئۈنۈمىگە قاراپ بۇ دورىنىڭ مىقدارى تەڭشىلىدۇ. تەسىرى تېزگىنىلىنىدىغان تابلېت دورىنى ئىچكەندە چايناپ ياكى ئۇششاق دورىنى ئېزىپ ئىچىشكە بولمايدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ھەرىكەت توسقۇنلۇقى ئۇچراش ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدۇ. كۆڭۈل ئېلىشىش، ئېلىشىپ قېلىش، باش قېيىش، ئۇسسۇل كېسىلى، ئېغىز قۇرۇش قاتارلىقلار كۆپ كۆرۈلىدۇ. چۈشى بۇزۇلۇش، مۇسكۇل تەرەڭلىكى تۆۋەنلەش، ئۇيقۇسىزلىق، خامۇشلۇق، ئىشتىھا تۇتۇلۇش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ، باش ئاغرىش، قەۋزىيەت

بولۇش، يۆتىلىشنى پەرق ئېتىش توسقۇنلۇقتا ئۇچراش، سېزىم نورمالسىزلىنىش، نەپەس قىيىنلىشىش، بەدەن تۇرقى خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى، يۈرەك سېلىش، ئاشقازان- ئۈچەي يولى ئاغرىش، مۇسكۇل سپازمىلىنىش، كۆكرەك ئاغرىش، بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەش قاتارلىقلار ئىنتايىن كەم كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 بەزى قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە بەدەن تۇرقى خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى پەيدا بولىدۇ؛ خامۇشلۇقتا قارشى ترىسكلىك تۈرىدىكى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، يۇقىرى قان بېسىمى ۋە ھەرىكەت توسقۇنلۇقتا ئۇچراش ناھايىتى كەم كۆرۈلىدۇ، فېنوتىئازىن تۈرى (吩噻嗪类) ۋە بۇتىروفېنون تۈرى (丁酰苯类) دىكى دورىلار لېۋودوپانىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىشى مۇمكىن.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سىنېمېت ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/250mg ، قاپ/30 تابلېت.

سىنېمېت ئاۋستىرالىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/125mg ، قاپ/100 تابلېت.

## توپىرامات

(托吡酯, Topiramate)

【باشقا نامى】 توپاماكس (妥泰, Topamax)

【ئاساسىي تەركىبى】 توپىرامات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 $\gamma$- ئامىنو بۇتىرىك كىسلاتا (GABA, $\gamma$—氨基丁酸) خلور ئىئونىنى ھۇجەيرە ئىچىگە يېتەكلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ، تورمۇزلىغۇچى نېرۋا ئۆتكۈزگۈچى ماددىسىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كاربونىك ئانھىدرازا ئىزوئېنزىم (碳酸酐酶同功酶) تەسىرىنى بىر قەدەر ئاجىز دەرىجىدە تىزگىنلەيدۇ. ئىچكەندىن كېيىن تېز، تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 2h بولىدۇ. ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. $t_{1/2}$ تەخمىنەن 21h ، قان دىئالىزى بۇ دورىنىڭ چىقىرىلىشىنى تېزلىتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 تۇتقاق قوزغىلىشىنى

www.uyghurkitap.com

داۋالاشنى كۆچەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ھەر كۈنى كەچتە 50mg دىن باشلاپ، بىر ھەپتە ئىچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىسى 50 ~ 100mg كۆپەيتىلىپ، ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ، مىقدارىنى كلىنىكىلىق داۋالاش ئۈنۈمىگە ئاساسەن تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك.

**【ناچار تەسىرى】** ھەرىكەت تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇش، دىققىتى چېچىلىش، تۇيغۇسى خىرەلىشىش، باش قېيىش، چارچاش، سېزىم نورمالسىزلىنىش، ئۇيقۇسىراش ۋە تەپەككۇر نورمالسىزلىنىش قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تەشۋىشلىنىش، ئۇنۇتقاقلىق، سۆزلىيەلمەسلىك، خامۇشلۇق، نەرسىلەر قوش كۆرۈنۈش، كەيپىيات تۇراقسىز بولۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، كۆز ئالمىسى تىترەش، سۆز قابىلىيىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، كۆرۈش سېزىمى نورمالسىزلىنىش ۋە بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: فېنتوئىن (苯妥英) ياكى كاربامازېپىن (卡马西平) نى قوشۇپ ئىشلەتكەندە ياكى ئىشلىتىشنى توختاتقاندا، داۋالاش ئۈنۈمىگە قاراپ دورا مىقدارىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم. ② باشقىلار: دورا توختىتىشتا مىقدارىنى تەدرىجىي كېمەيتىپ توختىتىش لازىم؛ بىر قىسىم بىمارلاردا بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش خەترىنى ئاشۇرۇشى مۇمكىن؛ ھامىلىدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بۇ دورا تابلېتنى ئېزىپ پارچىلاشقا بولمايدۇ، بۇ دورىنى ئىشلەتكەندە يېمەكلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** تۇپاماكس پورتۇگالىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/25mg، تابلېت/50mg، تابلېت/100mg، قاپ/60 تابلېت.

## ئېپېرىزون ھىدروخلورىد

(盐酸乙苯哌丙酮, Eperisone Hydrochloride)

**【باشقا نامى】** مىئونال (妙纳, Myonal)، 乙哌立松.

**【ئاساسىي تەركىبى】** ئېپېرىزون ھىدروخلورىد.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** مەركىزىي نېرۋا

سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، سۆڭەك مۇسكۇلىنىڭ جىددىيلىك ھالىتىنى ياخشىلايدۇ؛ كالتسىي ئىئونى بىلەن قارشىلىشىش ۋە قان تومۇر سىلىق مۇسكۇل سىمپاتىك نېرۋىسىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق قان تومۇرنى كېڭەيتىپ، قان ئېقىمىنى كۆپەيتىدۇ؛ يۇلۇن ئاغرىش سېزىمىنى ئۆتكۈزگۈچى ماددىسى بىلەن قارشىلىشىش ئارقىلىق، ئاغرىش رېفلېكسىنى تىزگىنلەيدۇ؛ باش قېيىش ھادىسىسىنى ياخشىلايدۇ، بۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن Tmax 1.6 ~ 1.9h، $t_{1/2}$ 1.8h ~ 1.9 بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 مۇسكۇللارنىڭ جىددىيلىشىش ھالىتىنى ياخشىلاش، سپازمىلىق پالەچنى ياخشىلاش، باش قېيىش ياكى قۇلاق غوڭۇلداشنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 50mg، كۈنگە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 شوك، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى نورمالسىزلىنىش، قىزىل قان ھۈجەيرىسى سانى ۋە (ھېموگلوبىن) قان ئاقسىلى نورمالسىزلىنىش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەسۋە، قىچىشقاق، ئۇيقۇسىزلىق، بەدەن قېتىپ قېلىش، تۆت مۇچە كۈيۈشۈش، تىترەش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، ئاشقازان يېقىمسىزلىنىش، ئۇسساش، قەۋزىيەت بولۇش ياكى ئىچ سۈرۈش، قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: مېتوكاربامال (甲氧卡巴莫) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، كۆزنىڭ تەڭشەش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ② باشقىلار: دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە ماشىنا ھەيدەشكە ياكى ماشىنىلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ؛ جىگەر فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلارغا، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مىئونال ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: 50mg/تابلېت، 20/قاپ تابلېت، 50mg/تابلېت، 100/قاپ تابلېت.

www.uyghurkitap.com

# باكلوفېن

(巴氯芬，Baclofen)

【باشقا نامى】 سپىناكس (脊舒，Spinax)، لىئورېسال (力奥来素，Lioresal).

【ئاساسىي تەركىبى】 باكلوفېن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا نېرۋا ئۆتكۈزۈشنى تورمۇزلىغۇچى ياسالمىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ماددا بولۇپ، يىلىك يەككە ھۈجەيرە ئۆسۈكى ۋە كۆپ ھۈجەيرە ئۆسۈكىنىڭ رېفلېكسىنى بىرلا ۋاقىتتا تورمۇزلىيالايدۇ. كۆپ ئورۇنلۇق قېتىشتىن پەيدا بولغان سپازمىلىنىش ئالامەتلىرىنى يېنىكلىتىپ، پۈككۈچى مۇسكۇللارنىڭ سپازمىلىنىشى ۋە ئەگىشىپ كەلگەن ئاغرىقنى پەسەيتىپ، تۇتقاقلىق تارتىشىش ۋە مۇسكۇلنىڭ تىترىشىنى ياخشىلايدۇ، مەزكۇر دورا تېز سۈرئەتتە سۈمۈرۈلىدۇ ۋە چىقىرىلىدۇ. ئاساسلىقى ئەسلى پېتى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يىلىك ۋە چوڭ مېڭە كېسەللىكلىرى ياكى زەخىملىنىشتىن بولغان مۇسكۇل سپازمىلىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 دەسلەپكى مىقدارى ھەرقېتىمدا 5mg بولۇپ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن 5mg كۆپەيتىپ، تاكى كۆڭۈلدىكىدەك داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈلگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئەڭ يۇقىرى مىقدارى كۈنىگە 80mg (ھەر قېتىمدا 20mg دىن كۈنىگە تۆت قېتىم) بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 چارچاش، ئۇيقۇسىراش، ھەرىكەت ئىقتىدارى تەڭپۇڭسىزلىنىش، نەپەس ۋە يۈرەك قان تومۇرلار تورمۇزلىنىش، زەئىپلىشىش، ھېرىش ۋە باش قېيىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، تۆۋەن قان بېسىمى، كۆڭۈل ئېلىشىش، قەۋزىيەت، سۈيدۈك قېتىم سانى كۆپىيىش قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئىسپىرت ياكى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى تورمۇزلىغۇچى باشقا دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە تەسىرى ئۆزئارا كۈچىيىدۇ. ② مەنئى

قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: دورا ئىشلەتكەندىن كېيىن ماشىنا ھەيدەش ياكى ماشىنىدا مەشغۇلات قىلىشقا توغرا كەلسە چوقۇم ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك؛ دورا توختىتىشتا مىقدارى تەدرىجىي كېمەيتىلىپ توختىتىلىدۇ؛ بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا دورا مىقدارىنى تەڭشەپ ئىشلىتىش كېرەك؛ سەكتىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ بۇ دورىغا چىدامچانلىقى بىر قەدەر ناچار بولىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سىپىناكس تەيۋەندە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/10mg ، قاپ/20 تابلېت.

لىئورېسال شۋېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/10mg ، تابلېت/25mg ، قاپ/30 تابلېت.

## § 4 . تۇتقاقلىققا قارشى دورىلار

### سودىئۇم ۋالپروئات

(丙戊酸钠，Sodium Valproate)

【باشقا نامى】 دېپاكىن (德巴金, Depakine) ، Epilim.

【ئاساسىي تەركىبى】 سودىئۇم ۋالپروئات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ كەڭ تەسىرلىك تارتىشىشقا قارشى دورا بولۇپ، كۆپ خىل تۇتقاقلىقنىڭ ھەممىسىگە ئۈنۈم بېرىدۇ، تۇتقاقلىققا قارشى تەسىرىنىڭ مېخانىزمى مېڭىدىكى γ - ئامىنوبۇتىرىك كىسلاتاسىنىڭ قويۇقلۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. $t_{1/2}$ 6 ~ 16h ، ئاساسلىقى جىگەردە مېتابولىزملىنىپ، سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاددىي خاراكتېرلىك تۇتقاقلىق قوزغىلىش، مۇرەككەپ خاراكتېرلىك ھوشىنى يوقىتىشنىڭ قوزغىلىشىغا ئىشلىتىلىدۇ، باشقا دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆپ خىل قوزغىلىشچان (ھوشىنى يوقىتىشنىڭ قوزغىلىشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۇتقاقلىقلارنى داۋالاشقا بولىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 دەسلەپكى مىقدارى كۈنىگە

ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 15mg بولۇپ، بىر قېتىم ئىچىلىدۇ. ھەر ھەپتە ئۇدا ئىشلەتكەندىن كېيىن كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10mg ~ 5 كۆپەيتىلىپ، تاكى تۇتقاقلىق كونترول قىلىنغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ئەڭ يۇقىرى مىقدارى كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 60mg ئىچىلىدۇ، ئەگەر كۈنلۈك مىقدارى 250mg دىن ئېشىپ كەتسە، بىرنەچچە قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىش لازىم.

**【ناچار تەسىرى】** كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، ئىچ سۈرۈش، قورساق قىسمى تارتىشىش، قەۋزىيەت، تىنچلىنىش، قان پلاستىنكىلىرى ئازىيىش، ALT, AST ۋە LDH يۇقىرىلاش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. قان زەردابىدىكى بىلىرۇبىن يۇقىرىلاش ۋە باشقا جىگەر فۇنكسىيىسى كۆرسەتكۈچلىرى نورماللىسىزلىنىش، ئېغىر بولغاندا جىگەر فۇنكسىيىسى زەئىپلىشىش قاتارلىقلار ئاندا ـ سىنادا كۆرۈلىدۇ؛ كەيپىياتى نورمالسىز بولۇش، خامۇشلۇق، ھۇجۇم خاراكتېرلىك قىلمىشلار، كۆپ ھەرىكەت قىلىش، ئاق قان ھۈجەيرىسى، قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، كىسلاتا خۇمار ھۈجەيرىلەر كۆپىيىش، قان ئازلىق، يىلىك تورمۇزلىنىش، ھەيز قالايمىقانلىشىش، ئىككىلەمچى ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ئۆتكۈر ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغى، ھەرىكەت تەڭكەشلىكى بۇزۇلۇش، باش ئاغرىش، كۆز ئالمىسى تىترەش، نەرسىلەر قوش كۆرۈنۈش، سۆزلەش توسقۇنلۇققا ئۇچراش، باش قېيىش، ئەمچەك يوغىناش ۋە سۈت ئېقىش، ئەسۋە چىقىش، كۆپ شەكىللىك قىزىل داغ پەيدا بولۇش، مۇسكۇل كۈچسىزلىنىش، قالقانبەز ئىقتىدارى نورماللىسىزلىنىش، يۇقىرى ئاممىياكلىق قان كېسىلى، قاندا شېكەر يۇقىرىلاش، چاچ ۋە مويلار ۋاقىتلىق چۈشۈپ كېتىش ياكى كۆپىيىش قاتارلىقلار ئىنتايىن كەم كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئەڭ ياخشىسى بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن تۇتقاقلىققا قارشى باشقا دورىلارنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقىنى ئۆلچەپ چىقىش؛ فېنوباربىتال (苯巴比妥) بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە فېنوباربىتالنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى ئېشىپ، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە تورمۇزلىنىشى كېلىپ چىقىدۇ؛ قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى

يۇقىرىلايدۇ؛ كلونازېپام (氯硝西洋) بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە ئەس - ھوشىنى يوقىتىش ھالىتى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ② باشقىلار: بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە جىگەر كېسىلى تارىخى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ دورا ئىچىۋاتقان مەزگىلدە ماشىنا ھەيدەشكە ۋە ماشىنىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ؛ داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە قان پلاستىنكىلىرىنىڭ سانىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش ۋە قان ئۇيۇش تەجرىبىسى ئىشلەش كېرەك.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** دېپاكىن فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك تابلېتى: تابلېت/500mg. بوتۇلكا/30 تابلېت؛ ئوكۇلى: ئامپۇل/400mg، قاپ/1 ئامپۇل.

ئېپىلىم ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. شېكەرلىك قىيامى: 200mg/5ml، بوتۇلكا/100ml ياكى بوتۇلكا/300ml.

## كاربامازېپىن

(卡马西平，Carbamazepine)

**【باشقا نامى】** تېگرېتول (得理多, Tegretol)، كارپىن (卡平, Carpine).

**【ئاساسىي تەركىبى】** كاربامازېپىن.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ دورىنىڭ تۇتقاقلىققا قارشى تەسىرى گلۇتامىك كىسلاتا (谷氨酸) نىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى كېمەيتىش ۋە نېرۋا پەردىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئارقىلىق بارلىققا كېلىشى، غالجىرلىققا قارشى تەسىرى دوپامىن (多巴胺) ۋە نورئادرېنالىن (去甲肾上腺素) نىڭ تۇپلىشىشىنى تورمۇزلاشتىن بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. مەزكۇر دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشى ئاستا ھەم تولۇق بولىدۇ، قاندىكى قويۇقلۇقىنىڭ يەككە تەنلەر بويىچە پەرقى چوڭ بولۇپ، داۋالاش قويۇقلۇقى دائىرىسى تەخمىنەن 4μg ～ 12μg/ml بولىدۇ، جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ، گەندە ۋە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** تۇتقاقلىق، ئەسەبىيلىك كېسىلى، قۇتراش ۋە خامۇشلۇق كېسىلى، ھاراق تاشلاش يىغىندى ئالامەتلىرى؛ كۆپ ئورۇنلۇق قېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئۈچلۈك نېرۋا ئاغرىش ۋە بىرلەمچى ئۈچلۈك نېرۋا ئاغرىش، بىرلەمچى تىل - يۇتقۇنچاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نېرۋىسى ئاغرىش؛ دىئابېت كېسەللىكى نېرۋا كېسەللىك ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاغرىش؛ مەركىزىي نېرۋا مەنبەلىك كۆپ سىيىش كېسىلى، نېرۋا ـ ئىچكى ئاجراتما مەنبەلىك كۆپ سىيىش ۋە چاڭقاش.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 تۇتقاقلىق: ھەر قېتىمدا 100 ~ 200mg كۈنىگە 1 ~ 2 قېتىم ئىچىلىدۇ، تەدرىجىي ھالدا ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈلگىچە كۆپەيتىلىدۇ، ئادەتتە ھەر قېتىمدا 400mg دىن كۈنىگە 2 ~ 3 قېتىم ئىچىلىدۇ. ئۈچلۈك نېرۋا ئاغرىش: كۈنىگە 200 ~ 400mg ئاغرىق پەسەيگىچە تەدرىجىي كۆپەيتىلىدۇ. ئادەتتە ھەر قېتىمدا 200mg دىن كۈنىگە 3 ~ 4 قېتىم ئىچىلىدۇ، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا ئەڭ تۆۋەن قامداش مىقدارىغىچە كېمەيتىلىدۇ. ھاراق تاشلاش يىغىندى ئالامەتلىرى: 200mg دىن كۈنىگە 3 ~ 4 ئىچىلىدۇ. مەركىزىي نېرۋا مەنبەلىك كۆپ سىيىش كېسىلى: ھەر قېتىمدا 200mg دىن كۈنىگە 2 ~ 3 قېتىم ئىچىلىدۇ، دىئابېت كېسىلى، نېرۋا كېسەللىك ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاغرىق: ھەر قېتىمدا 200mg دىن كۈنىگە 2 ~ 4 قېتىم ئىچىلىدۇ. ئەسەبىيلىك كېسىلى ۋە قوتراش، خاموشلۇق كېسىلى: كۈنىگە 400 ~ 600mg، 2 ~ 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، باش ئاغرىش، ھەرىكەت تەڭكەشلىكى بۇزۇلۇش، ئۇيقۇسىراش، نەرسىلەرنى قوش كۆرۈش، يەلتاشما، كىسلاتاخۇمار ھۈجەيرىلەر كۆپىيىش، قان پلاستىنكىلىرى ۋە ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، ترانسئامىنازا ئۆرلەش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، سۇلۇق ئىششىق، بەدەن سۇيۇقلۇقى يىغىلىپ قېلىش، بەدەن ئېغىرلىقى ئېشىش، نەپەس قىيىنلىشىش، ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، يۈرەكنىڭ ئىمپۇلس ئۆتكۈزۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: مونوئامىن ئوكسىدازا (单胺氧化酶) ئارقىلىق مېتابولىزملىنىدىغان دورىلار ۋە فېنىتوئىن ناترىي (苯妥英钠) نىڭ قاندىكى قويۇقلۇقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېرىترومىتسىن (红霉素)، رىمىفون (异烟肼)، ۋېراپامىل (维拉帕米)، دىلتىئازېم (地尔硫卓)، فلۇئوكسېتىن (氟西汀)، دىرېنال (乙酰唑胺)، دانازول (达那唑)، نىكوتىنامىد (烟酰胺) قاتارلىقلار بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ لىتىي تۇزى،

مېتوكلوپرامىد (甲氧氯普)، تىنچلاندۇرۇش دورىلىرى بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، نېرۋا سىستېمىسىغا بولغان ناچار تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ؛ فېنوباربىتال (苯巴比妥)، فېنتوئىن ناترىي (苯妥英钠)، ئېپلىمىدون (扑痫酮)، تېئوفىللىن (茶碱)، كلونازېپام (氯硝西泮)، دىپروپىلاتسېتامىد (丙戊酰胺) قاتارلىق دورىلار بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ؛ بەزى سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە تۆۋەن ناترىيلىق قان كېسىلى پەيدا بولۇشى مۇمكىن؛ قۇتۇپسىزلانمايدىغان مۇسكۇل بوشاتقۇچى دورىلارغا نىسبەتەن قارىمۇ قارشى تەسىرگە ئىگە بولىدۇ. ② مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، دالانچە — قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلغانلار، يىلىك تورمۇزلانغان تارىخى بارلار ياكى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئارىلاپ پەيدا بولىدىغان پورفىرىن كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ مونوئامىن ئوكسىدازانى تورمۇزلىغۇچى دورىلار بىلەن بىللە ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ. ③ باشقىلار: قەرەللىك ھالدا ھېماتولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش لازىم؛ ئارىلاش تىپلىق تۇتقاقلىقتا ئەگىشىپ كەلگەن تىپىك بولمىغان ھوشىنى يوقىتىش قوزغالغۇچىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ يۈرەك كېسىلى، جىگەر، بۆرەك كېسىلى تارىخى بارلار، باشقا دورىلارغا نىسبەتەن ھېماتولوگىيىلىك ناچار تەسىر تارىخى بارلار ياكى بۇ دورا بىلەن داۋالاش كۇرسى ئاخىرلاشتۇرۇلغانلارغا كۆزىتىش شەرتى ئاستىدا بۇ دورىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىش لازىم؛ داۋالاش جەريانىدا كۆز بېسىمى ئۆرلىگۈچىلەرگە بولغان كۆزىتىشنى كۈچەيتىش، ئەڭ ياخشىسى بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقىنى ئۆلچەپ تۇرۇش، ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تېگرېتول شۋېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/200mg، قاپ/30 تابلېت؛ شېكەرلىك قىيامى: 2%، 100mg/5ml.

كارپىن تايلاندتا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/200mg، قاپ/50 تابلېت.

www.uyghurkitap.com

## لاموترىگىن

(拉莫三嗪，Lamotrigine)

**【باشقا نامى】** لامىكتال (利必通，Lamictal).

**【ئاساسىي تەركىبى】** لاموترىگىن.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** نېرۋا ھۆجەيرىسىنىڭ گلۇتامىك كىسلاتانى پاتولوگىيىلىك قويۇپ بېرىشىنى تورمۇزلايدۇ، گلۇتامىك كىسلاتانىڭ ھەرىكەت پوتېنسىئالىنىڭ شىددەتلىك قوزغىلىشىنى پەيدا قىلىشىنىمۇ تورمۇزلايدۇ. ئىچكەندىن كېيىن تېز، تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax تەخمىنەن 2.5h، $t_{1/2}$ 24 ~ 35h بولىدۇ، ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** تۇتقاق قوزغىلىش.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** دەسلەپتە 25mg كۈنىگە بىر قېتىم، ئۇدا ئىككى ھەپتە ئىچىلىدۇ؛ كېيىن 50mg دىن كۈنىگە بىر قېتىم، ئۇدا ئىككى ھەپتە ئىچىلىدۇ، ئاندىن ھەر 2 ~ 1 ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ مىقدارى كۆپەيتىلىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 100mg ~ 50 غىچە بولىدۇ، ئادەتتە ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان قامداش مىقدارى كۈنىگە 200mg ~ 100 بولۇپ، 2 ~ 1 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** باش ئاغرىش، چارچاش، ئەسۋە چىقىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، باش قېيىش، ئۇيقۇسىراش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، قان تومۇرلاردا يېيىلما خاراكتېرلىك قان ئۇيۇش، كۆپ ئەزالار زەئىپلىشىش، Stevens — Johnson يىغىندى ئالامەتلىرى ۋە زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك يۈزە تېرە نېكروزلىنىپ ئېرىش كېسەلى قاتارلىقلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: فېنوباربىتال (苯巴比妥)، پرىمىدون (扑米酮)لار بۇ دورىنىڭ مېتابولىزملىنىشىنى ئاشۇرىدۇ؛ سودىئۇم ۋالپروئات (丙戊酸钠) بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ② باشقىلار: ئۇزۇن مەزگىل داۋالىغاندا فولىك كىسلاتاسىنىڭ مېتابولىزملىنىشىغا توسقۇنلۇق

قىلىشى مۇمكىن.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 لامىكتال ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن.

تابلېتى: 50mg/تابلېت ، 100mg/تابلېت ، قاپ/30 تابلېت.

## گاباپېنتىن

(加巴喷丁，Gabapentin)

【باشقا نامى】 نېيۇرونتىن (Neurontin，诺立汀).

【ئاساسىي تەركىبى】 گاباپېنتىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ ئامىنولىپىدسىز تۈرى (非氨脂类) دىكى تۇتقاقلىققا قارشى دورا. ئىچكەندە ئاشقازان - ئۈچەي ئارقىلىق سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 3h ، تارقىلىشى كەڭ، ئاساسلىقى ئەسلى پېتى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، $t_{1/2}$ 5 ~ 7h بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بىر قىسىم تۇتقاقلىق قوزغىلىش ۋە ئىككىلەمچى پۈتۈن بەدەنلىك قوزغىلىشنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. دائىملىق داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەن ياكى تۇتقاقلىققا قارشى دائىملىق دورىلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بىمارلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 200 ~ 600mg دىن، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئۇيقۇسىراش، باش قېيىش، چارچاش قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ. كۆز ئالمىسى تىترەش، باش ئاغرىش، نەرسىلەرنى قوش كۆرۈش، بۇرۇن ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، تارتىشىش، بەدەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەش، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، ئەستە تۇتۇش توسقۇنلۇققا ئۇچراش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ؛ يۆتەل تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 نېيۇرونتىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن.

كاپسۇلى: 100mg/دانە ، 300mg/دانە ، 400mg/دانە ، قاپ/28 دانە، قاپ/56 دانە.

www.uyghurkitap.com

## § 5 . سوْنُەك موْسكوْلىنى بوشاتقوْچى دورىلار

### ۋېكوْرونىئوْم برومىد

(维库溴铵, Vecuronium Bromide)

【باشقا نامى】 نوركوْرون (万可松, Norcuron) .

【ئاساسىي تەركىبى】 ۋېكوْرونىئوْم برومىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ ئوتتوْراھال ئۇنۇملۇك قۇتۇپسىزلانمايدىغان موْسكوْل بوشاتقوْچى دورا بولۇپ، تەسىرى پانكوْرونىئوْم برومىد (泮库溴铵) بىلەن ئوخشىشىدۇ، موْسكوْل بوشىتىش تەسىرى پانكوْرونىئوْم برومىدتىن 1/3 ھەسسە كوْچلۇك، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 31min ، بىر قىسمى مېتابولىزملىنىپ، سۈيدۈك ۋە ئۆت سۇيۇقلۇقى ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كانايغا نەيچە كىرگۈزگەن چاغدىكى موْسكوْل بوشىتىشقا ۋە تاشقى بۆلۈم ئوپېراتسىيىسى ياكى سۈنئىي نەپەسلەندۈرگەن چاغدىكى سۆڭەك موْسكوْلىنى بوشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلارغا، تۇنجى قېتىم ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.08 ~ 0.1mg ۋېناغا ئوكوْل قىلىنىدۇ، ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.03 ~ 0.05mg تولۇقلاشقا بولىدۇ. باللارغا ئىشلىتىلىدىغان دەسلەپكى مىقدارى ۋە تولۇقلاش مىقدارى چوڭلارنىڭكىدىن سەل يۇقىرى بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 بۇ دورىنىڭ قان تومۇرغا بولغان تەسىرى بىر قەدەر كىچىك بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 تۇبوكوْرارىن تۈرى (筒箭毒碱类) دىكى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ ئېيىغا توشمىغان بوۋاقلارغا ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس؛ جىگەر قاتقان، ئۆت قېيىپ قالغان ۋە ياكى ئېغىر دەرىجىدىكى بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 نوركوْرون گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن.
ئوكوْلى: بوتۇلكا/4mg ، قاپ/50 بوتۇلكا.

# پانكۇرونىئۇم برومىد

(泮库溴铵，Pancuronium Bromide)

【باشقا نامى】 潘龙، پاۋۇلون (巴夫龙，Pavulon).

【ئاساسىي تەركىبى】 پانكۇرونىئۇم برومىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا سىنتېزلەنگەن قۇتۇپسىزلانمايدىغان رىقابەت خاراكتېرلىك مۇسكۇل بوشاتقۇچى دورا بولۇپ، مۇسكۇل بوشىتىش تەسىرى كۈچلۈك، تەسىر قىلىش ۋاقتى تۇبوكۇرارىن (简箭毒碱) بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇدا ئىشلىتىلسە بەدەندە يىغىلىپ قالمايدۇ. ۋېناغا ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن تېز ئۈنۈم بېرىدۇ، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تەخمىنەن 80%، ئاساسلىقى ئەسلى پېتى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەرخىل ئوپېراتسىيىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، كانايغا نەيچە كىرگۈزۈشتە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، چوڭلارغا ئىشلىتىلىدىغان دەسلەپكى مىقدارى ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 80 ~ 100μg بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10 ~ 20μg كۆپەيتىلىدۇ. بالىلارغا ئىشلىتىلىدىغان دەسلەپكى مىقدارى ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 30 ~ 40μg، تولۇقلاش مىقدارى ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10 ~ 20μg بولىدۇ. پۈرىتىپ ناركوز قىلىش دورىلىرى بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە دورا مىقدارى ئازايتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 شۆلگەيىنى كۆپەيتىدۇ، يۈرەك رىتىمى، قان بېسىمى ۋە يۈرەكنىڭ چىقىرىش مىقدارىنى سەل ئاشۇرىدۇ. سەزگۈر بىمارلاردا يۈرەك رىتىمسىزلىقىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن، كانايچە سپازمىلىنىش ۋە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىلەر ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: پۈرىتىپ ناركوز قىلىش دورىلىرى، ماگنىي تۇزى ۋە ئامىنوگلىكوزىد تۈرىدىكى ئانتىبىئوتىك دورىلار بۇ دورىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ؛ ئاتسېتىلخولىن، خولىن ئېستېرازاغا قارشى دورىلار ۋە كالىي تۇزى تەرىپىدىن چەكلىنىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئېغىر ئۆتىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇسكۇل جانسىزلىنىش كېسىلى بارلارغا، ئېغىر دەرىجىدىكى بۆرەك فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغۇچىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلىدار ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، شۆلگەينىڭ ئاجرىلىشى كۆپەيگەندە، ناركوز قىلىشنىڭ ئالدىدا ئەھۋالغا قاراپ ئاتروپىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** پاۋۇلون ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 4mg/2ml.

پاۋۇلون گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 4mg/2ml.

## §6. خولىنغا قارشى دورىلار

### سكوپولامىن

(东莨菪碱，Scopolamine)

**【باشقا نامى】** سكوپودېرم TTS (使保定缓释贴剂，ScopodermTTS).

**【ئاساسىي تەركىبى】** سكوپولامىن.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ، سكوپولامىننىڭ تېرىگە چاپلىنىدىغان پلاستېرى بولۇپ، 1 - قەۋەت يېپىشقاق قەۋەتتە سكوپولامىننىڭ زەربىدار مىقدارى بولىدۇ، 2 - قەۋەت ئاكتىپ ماددا قەۋىتىدە ئۈچ كۈنلۈك دورا مىقدارى بولىدۇ، 3 - قەۋىتى بولسا تىزگىنلىگۈچى پەردە بولۇپ، دورىنىڭ قامداش مىقدارى بويىچە ئۈزلۈكسىز، مۇقىم سۈرئەتتە قويۇپ بېرىلىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** ماشىنا، پاراخوت، ئايروپىلانلارغا ئولتۇرغاندا پەيدا بولىدىغان باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ماشىنىغا ئولتۇرۇشتىن 5 ~ 6h ئىلگىرى، قۇلاقنىڭ كەينىدىكى قۇرغاق موييسىز قىسمىغا بىر تال چاپلىنىدۇ. قىسقا مۇساپىلىق ساياھەتتە چاپلىغان دورىنى بالدۇرراق ئېلىۋېتىشكە بولىدۇ، ئەگەر ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، 72h تىن كېيىن يېڭىسى ئالماشتۇرۇلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يېنىك ھەم ۋاقىتلىق ئېغىز قۇرۇش دائىم كۆرۈلىدۇ، ئۇيقۇسىراش، قان بېسىم سەل تۆۋەنلەش، قارىچۇق چوڭىيىش، كۆرۈش سېزىمى ۋاقىتلىق خىرەلىشىش، نېرۋىسى چېچىلىش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 سكوپولامىنغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ گلاۋكوما، ئاشقازان چىقىش ئېغىزى توسۇلۇش، ئۈچەي توسۇلۇش ياكى سۈيدۈك يولى توسۇلۇشتىن سىيىش قىيىنلاشقان بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ماشىنا ھەيدىگەن ۋە ماشىنىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بۇ دورىنى ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە هاراق ئىچىشكە بولمايدۇ.
【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سكوپودېرم شۋېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. تېرىدىن ئۆتىدىغان قويۇپ بېرىلىشى تىزگىنلىنىدىغان پلاستېر پەردە: پلاستېر/1.5mg ، پلاستېر/$2.5cm^2$ .

# § 7 . مېڭە قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتكۈچى دورىلار

## كو ـ دېرگوتسرىن مېزىلات
(甲磺酸二茎麦角碱，Co—dergocrine Mesylate)

【باشقا نامى】 ترىگوگىن (弟哥静，Trigogine)، پېرېنان (培磊能，Perenan).
【ئاساسىي تەركىبى】 كو ـ دېرگوتسرىن مېزىلات.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 مېڭە ھۈجەيرىسىنىڭ مېتابولىزم تەسىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەتراپ قان تومۇر فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇشنىمۇ ئۈنۈملۈك ياخشىلايدۇ.
【مۇۋاپىق كېسەللىكلەر】 ياشانغانلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى چېكىنىش ئالامەتلىرى، قېرىلىقتىكى دۆتلىشىش كېسىلى، مېڭە قان تومۇر تاسادىپىيلىقى، ئەتراپ قان تومۇر توسقۇنلۇققا ئۇچراش، قان تومۇر مەنبەلىك كېسەللىكلەر پەيدا قىلغان يۇقىرى قان بېسىمى قاتارلىقلارغا

uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە 6mg ~ 3 ، تاماق بىلەن بىرگە ئىچىلىدۇ.
【ناچار تەسىرى】 بۇرۇن پۈتۈش، ئاشقازان ـ ئۈچەيلەر ۋاقىتلىق يېقىمسىزلىنىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 يۈرەك ھەرىكىتى ئېغىر دەرىجىدە ئاستىلىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.
【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تىرىگوگىن تايلاندتا ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/1mg ، قاپ/20 تابلېت، قاپ/50 تابلېت، قاپ/100 تابلېت.
پرېنان كورىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/2.5mg .

## بۇفلومېدىل
(丁咯地尔，Buflomedil)

【باشقا نامى】 甲氧吡丁苯 ، فونزىلان (活脑灵，Fonzylane) .
【ئاساسىي تەركىبى】 بۇفلومېدىل.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا قان تومۇرلارنى تاللاپ كېڭەيتىش تەسىرىگە ئىگە، ئۇنىڭ تەسىر قىلىش مېخانىزمى دورىنىڭ $Ca^{2+}$ نىڭ توشۇلۇشىغا كاشىلا قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يەنە قىزىل قان ھۈجەيرە پەردىسىنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشىنى ئۆزگەرتىپ، قان پلاستىنكىلىرىنىڭ توپلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، قان يېتىشمىگەن توقۇلمىلارنىڭ ئوكسىگېن قوبۇل قىلىشىنى ياخشىلايدۇ، ئىچكەندە سۈمۈرۈلۈشى تېز، تارقىلىشى كەڭ بولىدۇ، Tmax تەخمىنەن 2h ، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 3h بولىدۇ. ئاساسلىقى جىگەر ئارقىلىق مېتابولىزملىنىپ، بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 مېڭىگە قان يېتىشمەسلىك، قان تومۇرلار كېسىلى، Raynaud كېسىلى، قولاق قۇلۇلىسى كاشىلىغا ئۇچراش كېسىلى، ئۇششۇك ۋە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە 600mg ~ 450 ،

2 ~ 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ، كۈنىگە 50 ~ 200mg مۇسكۇلغا، ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 يۈز قىسمى قىزىرىش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئاشقازان - ئۈچەي يېقىمسىزلىنىش كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئۆتكۈر خاراكتېرلىك مېڭىگە قان قۇيۇلۇش، ئارتېرىيە ئېغىر دەرىجىدە قاناشلارغا ھەمدە ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: جىگەر كېسەللىكلىرى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ماشىنا ھەيدەش ۋە ماشىنىلاردا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 فونزىلان فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/150mg، قاپ/30 تابلېت، تابلېت/300mg، قاپ/20 تابلېت؛ ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 50mg/5ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## نىمودىپىن

(尼莫地平，Nimodipine)

【باشقا نامى】 نىموتوپ (尼膜同，Nimotop)، 尼膜通 .

【ئاساسىي تەركىبى】 نىمودىپىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا كالتسىينىڭ يولىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاكسېپتور بىلەن خاس ھالدا ئەسلىگە يېنىشچان بىرىكىپ، $Ca^{2+}$نىڭ نېرۋا ھۈجەيرىسىگە ئېقىپ كىرىشىنى تەڭشەپ، نېۋرونىنى قوغداپ، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىنى تۇراقلاشتۇرىدۇ، قان يېتىشمەسلىككە بولغان چىدامچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مېڭە قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىپ، مېڭىنىڭ قان بىلەن تەمىنلىنىشىنى ياخشىلايدۇ، چوڭ مېڭە زەخىملەنگەن ۋە قان ئېقىپ كىرىش يېتەرلىك بولمىغان ئورۇنغا ئېقىپ كىرىدىغان قاننى كۆپەيتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئالامەتلىرى روشەن بولغان قېرىلىقتىكى مېڭە فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى، ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردە ئاستى بوشلۇقى قانىغاندىن كېيىن قان تومۇرلارنىڭ سپازمىلىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان نېرۋا

زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** قېرىلىقتىكى مېڭە فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچراشقا ھەر قېتىمدا 30mg ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ. ئۆمۈچۈك تورسىمان پەردە ئاستى بوشلۇقى قانىغاندىن كېيىنكى قان تومۇرلارنىڭ سپازمىلىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان نېرۋا زەخىملىنىشكە، دەسلەپكى 2h تە 500$\mu$g/h دورا بېرىلىپ، ئەگەر 2h تىن كېيىن يېقىمسىزلىنىش كۆرۈلمىسە، 2mg/h گىچە كۆپەيتىپ، ۋېناغا تېمىتىش داۋالاشتۇرۇلىدۇ، 14 ~ 5 كۈن داۋالىغاندىن كېيىن، يەنە يەتتە كۈن ئەتراپىدا ئىچىلىدۇ، ئىچىش مىقدارى ھەر قېتىمدا 60mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم بولىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** تېرە قىزىرىش، قان بېسىم تۆۋەنلەش، يۈرەك سوقۇشى زىيادە ئاستىلاش، باش قېيىش، باش ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئاشقازان ـ ئۈچەي يېقىمسىزلىنىش، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى زەخىملىنىش، مۇچە ئۇچلىرىدا سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولۇش قاتارلىقلار. مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى رېئاكسىيىسى، قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش ئاز كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: تۇتقاقلىققا قارشى دورىلارنى ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتكەندە، بۇ دورا تابلېتىنىڭ بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسىنى روشەن تۆۋەنلىتىدۇ؛ بىرگە ئىشلىتىلگەن قان بېسىمىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلارنىڭ قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ؛ بۆرەكنى زەھەرلەيدىغان دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، بۆرەك فۇنكسىيىسى چېكىنىشنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ؛ $\beta$ ـ ئاكسېپتورىنى توسقۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، قان بېسىم تۆۋەنلەيدۇ، ھەتتا يۈرەك زەئىپلىكى كېلىپ چىقىدۇ؛ $H_2$ ـ ئاكسېپتورىنى توسقۇچى دورىلار، تارتىشىشقا قارشى دورىلار بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: جىگەر فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەن، يۈرەك قان تومۇرلار فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەن ۋە تۆۋەن قان بېسىمى بىمارلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** نىموتوپ گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن.

پەردە يالىتىلغان تابلېتى، تابلېت/30mg، قاپ/20 تابلېت؛ ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ھەر ئامپۇلى 10mg/50ml.

## نىتسېرگولىن
(尼麦角林，Nicergoline)

【باشقا نامى】 سېرمىئون (脑通，Sermion).

【ئاساسىي تەركىبى】 نىتسېرگولىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا لىزېرگىك كىسلاتا (麦角酸) نىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، α - ئاكسېپتورنى توسۇپ، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ ھەمدە مېڭە ھۈجەيرىسىنىڭ مېتابولىزملىنىشىنى كۈچەيتىپ، قاندىكى ئوكسىگېن ۋە گلۇكوزىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئاشۇرىدۇ، دوپامىننىڭ مېتابولىزملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نېرۋا ئۆتكۈزۈشنى غىدىقلاش ئارقىلىق، روھىي ۋە كەيپىياتتىكى نورماللىسىزلىقنى ياخشىلايدۇ. ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 2h ~ 1.5، ئاساسلىقى جىگەر ئارقىلىق مېتابولىزملىنىپ، سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما خاراكتېرلىك مېڭە قان تومۇرلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچراش ياكى مېڭىنىڭ مېتابولىزم فۇنكسىيىسى ناچارلىشىش، ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما خاراكتېرلىك ئەتراپ قان ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، باش ئاغرىش، ئارتېرىيە مەنبەلىك يۇقىرى قان بېسىم بۆھرانىنى داۋالاشتا، سوزۇلما خاراكتېرلىك مېڭە فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، ھەرىكەت قىلىش بىئەپ بولۇش، سۆزلەش توسقۇنلۇققا ئۇچراش قاتارلىق ئالامەتلەر، سەكتىدىن كېيىنكى يارىتا پالەچ بىمارلىرىنىڭ نېرۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قوشۇمچە داۋالاش قىلىنىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 20mg ~ 10 كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ. مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا ياكى ۋېناغا تېمىتقاندا، ھەر قېتىمدا 4mg ~ 2، كۈنىگە 2 ~ 1 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان- ئۈچەي يولى يېنىك يېقىمسىزلىنىش،

www.uyghurkitap.com

يۈز قىسمى قىزىرىش، ئۇيقۇسىراش، ئۇيقۇسىزلىق كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 يۇقىرى قان بېسىمغا قارشى دورىلارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ؛ ئوكۇل قىلغاندا ۋاقىتلىق ئۆرە تۇرۇش خاراكتېرلىك قان بېسىمى تۆۋەنلەش ۋە باش قېيىش تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سېرمىئون ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. شېكەر يالىتىلغان تابلېتى: تابلېت/10mg، قاپ/30 تابلېت، قاپ/ 50 تابلېت؛ ئوكۇلى: بوتۇلكا/4mg.

## ۋىنپوتسېتىن

(长春西汀，Vinpocetine)

【باشقا نامى】 ۋىنپوتسېتىن - كوۋېكس (考维，Vinpocetine—Covex)

【ئاساسىي تەركىبى】 ئاپوۋىنكامىن كىسلاتا ئېستېرى (阿朴长春胺酸乙酯)

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا فوسفودىئېستېرازا (磷酸二酯酶) نىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تورمۇزلاش، قان پلاستىنكىلىرىنىڭ توپلىشىشىنى توسۇش ۋە قىزىل قان ھۈجەيرىسىنىڭ ئادېنوزىن (腺苷) نى سۈمۈرۈشىنى كېمەيتىش تەسىرىگە ئىگە، مېڭە قان ئېقىمىنى كۆپەيتىپ، مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ قارشىلىقىنى ئازايتىدۇ، مېڭىدىكى ئوكسىگېن ۋە گلۇكوزىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن ئۈچەيدە سۈمۈرۈلىدۇ، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش نىسبىتى تەخمىنەن 75%، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 5h.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 مېڭە قان ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراشتىن كېلىپ چىققان ھەرخىل كېسەللىكلەر پەيدا قىلغان ئالامەتلەر، ئارىلاپ مېڭە قان تومۇرى فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىق، قان تومۇرلار توسۇلۇش، قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان مېڭە توسۇلۇش، ئارتېرىيە قېتىش.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 5mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 قان بېسىمىنى يېنىك دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ،

يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش ۋە مۇددەتتىن تاشقىرى قىسقىراش، قېرىنچىنىڭ قوزغىلىش ۋاقتى ئۇزىراش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ۋىنپوتسېتىن ـ كوۋېكس ئىسپانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/5mg، قاپ/25 تابلېت، قاپ/50 تابلېت.

## بېتاخىستىن مېزىلات

(甲胺乙吡啶，Betahistine Mesylate)

【باشقا نامى】 倍他斯汀، مېرىسلون (敏使朗，Merislon)، مىتىسئوسېر (美克乐，Micioser).

【ئاساسي تەركىبى】 مېتاخىستىن مېزىلات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، ھىستامىننىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، چوڭ مېڭە، كىچىك مېڭە، مېڭە غولى ۋە ئىچكى قۇلاقلاردىكى قان ئايلىنىشنى تاللاپ ئاشۇرىدۇ. ئىچكى قۇلاق قان ئايلىنىشنىڭ توسۇلۇشىنى ياخشىلاش ۋە مېڭە قان ئېقىمىنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 مېنىئېر كېسىلى (قۇلاق مەنبەلىك باش قېيىش كېسىلى)، ئەتراپ خاراكتېرلىك باش قېيىش كېسىلىگە ئەگىشىپ كەلگەن باش قېيىش ۋە تەڭپۇڭلۇق توسقۇنلۇقى ئۇچراش، باش ئاغرىش ۋە قۇلاق غوڭۇلداش.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 16mg ~ 8دىن، كۈنىگە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئەسۋە قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، ناگاندا ئۇيقۇسىراش كېلىپ چىقىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ھەزىم خاراكتېرلىك يارا تارىخى بارلار ياكى ھەرىكەتچان خاراكتېرلىك يارىغا گىرىپتار بولغانلار، كانايچە زىققىسى، بۆرەك ئۈستى بەز يىلىك ماددا ئۆسمىسى بىمارلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ياشانغانلارغا ئىشلەتكەندە دورا مىقدارىنى تەڭشەشكە

www.uyghurkitap.com

دىققەت قىلىش كېرەك؛ ھامىلدارلار ۋە ھامىلدارلىق ئېھتىمالى بار ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مېرسلون ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/6mg، قاپ/30 تابلېت، قاپ/100 تابلېت.

مىتسىئوسېر ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/8mg، قاپ/50 تابلېت.

## دىھىدروئېرگوتامىن

(双氢麦角胺，Dihydroergotamine)

【باشقا نامى】 سېگلور.

【ئاساسىي تەركىبى】 دىھىدروئېرگوتامىن مېتانېسۇلفونات (甲磺酸双氢麦角胺).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، α ـ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورا بولۇپ، دىھىدروئېرگوتوكسىن مېزىلات (甲磺酸二氢麦角碱 بىلەن تەسىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 شەقىقە ۋە قان تومۇر مەنبەلىك باش ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 1 ~ 3mg، كۈنىگە 2 ~ 3 قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش، سۇلۇق ئىششىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 تاجسىمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسىلى بىمارلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سېگلور، فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/5mg، قاپ/30 دانە.

## نافتىدروفۇرىل

(萘呋胺，Naftidrofuryl)

【باشقا نامى】 پراكسىلېن (必来循宁，Praxilene)، نافتىلان (耐复伦，Naftilan) .克拉瑞啶，

【ئاساسىي تەركىبى】 نافتىدروفۇرىل.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، قان تومۇرلارنى كېڭەيتكۈچى دورا بولۇپ، مېڭە قان تومۇرى ۋە ئەتراپ قان تومۇرلىرىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، قان يېتىشمىگەن قان تومۇرلارغا نىسبەتەن قوش بىسلىق تەسىرگە ئىگە. ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ، مېڭە قان توسۇقىدىن ئۆتەلەيدۇ، $t_{1/2}$ 40 ~ 60min. ئاساسلىقى جىگەردە مېتابولىزملىنىپ، ئۆت ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، ئاز قىسمى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 مېڭە توسۇلۇش، مېڭە قان تومۇر تاسادىپىيلىقى ئاسارىتى، ئومۇرتقا نېگىزى ئارتېرىيىسىگە قان يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىققان باش قېيىش، سەكتىنىڭ ئەسلىگە كېلىش باسقۇچى ياكى ئارىلاپ ئاقساش ۋە ئەتراپ قان تومۇرلار سپازمىلىنىش كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ھەمدە رايناۋۇد كېسىلىنى قوشۇمچە داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 100 ~ 200mg، كۈنگە 2 ~ 3 قېتىم، تاماقتا سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان - ئۈچەي يولى يېقىمسىزلىنىش ۋە ئەسۋە قاتارلىقلار ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: يۈرەك رىتىمسىزلىقىغا قارشى دورىلار ياكى β - ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە يۈرەكنى تورمۇزلاش تەسىرى كۈچىيىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە ھەزگۈرلەر، دالانچە - قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلغانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، ھامىلىدار ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 پراكسىلىن فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/200mg، قاپ/20 تابلېت؛ كاپسۇلى: دانە/100mg.

www.uyghurkitap.com

# §8. باشقىلار

## سېرېبرولىزىن
(施普善，Cerebrolysin)

【باشقا نامى】 脑蛋白水解物，脑活素.

【ئاساسىي تەركىبى】 ئامىنو كىسلاتا، تۆۋەن مولېكۇلىلىق پېپتىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا نېرۋا ھۇجەيرىسىدىكى ئاقسىلنىڭ سىنتېزلىنىشىگە پايدىلىق ھەمدە رېسپىراتورىيە (نەپەس زەنجىرى) گە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇناسىۋەتلىك ھورمونلارنىڭ ھاسىل بولۇشىنى غىدىقلايدۇ، مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنى زەھەرلىك ماددىلارنىڭ زەخىملىشىدىن ئۈنۈملۈك قوغداپ، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ دورا يەنە ھوشىغا كەلتۈرۈش رولىغىمۇ ئىگە، بۇنى ئېلېكتر ئارقىلىق شوك قىلىپ داۋالاشنىڭ قوشۇمچە دورىسى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 دىققىتى ۋە ئەستە تۇتۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان ئورگان خاراكتېرلىك مېڭە كېسىلى مەنبەلىك يىغىندى كېسەللىك ئالامەتلىرى، بىرلەمچى دۆتلۈك، قان تومۇر مەنبەلىك دۆتلۈك، ئارىلاشما دۆتلۈك، ئاپوپلېكسىيە ۋە مېڭە ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىنكى مېڭە فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، مېڭە ئۇرۇلۇپ زەخىملىنىش ياكى مېڭە سىلكىنىش ئاسارەتلىرى، مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ كومپېنساتسىيىلىك ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، نېرۋا ئاجىزلىق ۋە زەئىپلىشىش ئالامەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 20 ~ 30ml نى 5% لىك 250ml گلۇكوزا ياكى فىزىئولوگىيىلىك تۇز سۈيىدە سۇيۇلدۇرۇپ، ۋېناغا ئاستا ـ ئاستا تېمىتىلىدۇ. كېسەللىك ئەھۋالى يېنىكرەكلەرگە ياكى كۆپ مىقداردا دورا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن داۋالاش ئۈنۈمى قامدىلىنىدىغانلارغا

مۇسكۇلغا، تېره ئاستىغا ياكى ۋېناغا ھەر قېتىمدا 1～5ml ئوكۇل قىلىشقا بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئوكۇل قىلىش بەك تېز بولۇپ كەتسە، يېنىك دەرىجىدە ئىسسىش سېزىمى پەيدا بولىدۇ، توڭلاپ تىترەش، يېنىك دەرىجىدە قىزىرىش سېزىمى ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، تۇتقاقلىقنىڭ داۋاملىشىش ھالىتى، تۇتقاقلىقنىڭ چوڭ قوزغىلىشى، ئېغىر دەرىجىدە بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولماسلىقلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سېرىبىرولىسىن ئاۋسترالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ئامپۇل/1ml، قاپ/10 ئامپۇل، ئامپۇل/2ml، قاپ/10 ئامپۇل، ئامپۇل/5ml، قاپ/5 ئامپۇل؛ ئامپۇل/10ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## زولمىترىپتان

(佐米曲普坦，Zolmitriptan)

【باشقا نامى】 زومىگ (佐米格，Zomig).

【ئاساسىي تەركىبى】 زولمىترىپتان.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ $5-HT_{1D}$ ئاكسېپتورنى تاللاپ قوزغاتقۇچى دورا. قان تومۇرلارنىڭ قىسقىرىشى ۋە نېرۋا پېپتىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن تېز سۈمۈرۈلىدۇ، مۇتلەق بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى تەخمىنەن 40%، جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ. ۋېنادىن بېرىلگەندىن كېيىن، CL ھەر مىنۇتتا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10ml، $t_{1/2}$ 3h ～ 2.5 بولىدۇ، ئاساسلىقى مېتابولىزم ھاسىلاتى شەكلىدە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 شەقىقە.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 بىر قېتىمدا 2.5mg ئىچىلىدۇ. ئەگەر 24h ئىچىدە كېسەللىك ئالامىتى داۋاملىق كۆرۈلسە ياكى قايتا قوزغالسا، يەنە بىر قېتىم دورا ئىچىلسە ئۈنۈمى بولىدۇ، تەكرار قوزغالغاندا، 24h تىكى ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي دورا

مىقدارى 15mg دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ. شەقىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، باش قېيىش، ئۇيقۇسىراش، ماغدۇرسىزلىنىش، ئېغىز قۇرۇش قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ، سېزىم نورمالسىزلىنىش ياكى سېزىم توسقۇنلۇققا ئۇچراش، مۇسكۇللار ئاغرىش، مۇسكۇل كۈچسىزلىنىش، قان بېسىم قىسقا مۇددەتلىك يۇقىرىلاش قاتارلىق ناچار تەسىرلەر كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىندىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: $HT_{1D}$ — 5نى قوزغاتقۇچى باشقا دورىلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ موكلوبېمىد (吗氯贝胺) ئىشلەتكەندىن كېيىن، بۇ دورىنىڭ ئەگرى سىزىق ئاستىدىكى يۈزى ئاشىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، قان بېسىمى تىزگىنلەنمىگەنلەر، سىمپىتوملۇق پاركىنسون يىغىندى ئالامىتى، يۈرەك يان يولىنىڭ ئۆتكۈزۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يۈرەك رىتىمسىزلىقى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: باشقا ئېغىر دەرىجىدىكى نېرۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئېھتىماللىقىنى چىقىرىپ تاشلاشقا دىققەت قىلىش لازىم؛ باللار، ياشانغانلار، جىگىرى زەخىملەنگەنلەر، ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، قان يېتىشمەسلىكتىن بولغان يۈرەك كېسىلى بىمارلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 زومىگ ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېت/2.5mg ، تابلېت/5mg .

# بەشىنچى باب نەپەسلىنىش سىستېمىسىغا تەسىر قىلغۇچى دورىلار

## 1 § . بەلغەم بوشاتقۇچى دورىلار

### ئامبروكسول ھىدروخلورىد

(盐酸氨溴索，Ambroxol Hydrochloride)

【باشقا نامى】 ئامبروخېكسال (安普索，Ambrohexal)، 奥勃抒، مۇكوسولۋان (沐舒坦，Mucosolvan)، 兰勃素.

【ئاساسىي تەركىبى】 ئامبروكسول ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورىنىڭ شىلىمشىق بەلغەمنىڭ چىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئاجرالمىلارنى ئېرىتىش تەسىرى بار. ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 0.5～3h، $t_{1/2}$ 4～5h، توقۇلمىلارغا تارقىلىشى تېز بولىدۇ، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تەخمىنەن 90%، ئاساسلىق جىگەردە مېتابولىزملىنىپ، بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بەلغەمنىڭ ئاجرىلىشى زىيادە كۆپ بولۇش ۋە بەلغەم چىقىرىش ئىقتىدارى ناچارلىششقا قوشۇلۇپ كەلگەن ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 30mg كۈنىگە ئۈچ قېتىم، بالىلار كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 1.2 ～ 1.6mg ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان — ئۈچەي رېئاكسىيىسى ۋە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، گلاۋكوما بىمارلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئامبروخېكسال گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/30mg، قاپ/10 تابلېت.

奥勃抒، شياڭگاڭدا ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك كاپسۇلى: دانە/75mg، قاپ/10 دانە.

مۇكوسولۋان گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/30mg، قاپ/20 تابلېت ياكى قاپ/50 تابلېت؛ ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 15mg/2ml، قاپ/5 ئامپۇل، قاپ/10 ئامپۇل.

## سېرراپېپتازا

(舍雷肽酶 ،Serrapeptase)

【باشقا نامى】 داسېن (达先, Dasen)، سېرادازا (Seradase)، 释炎达، 沙雷肽酶.

【ئاساسىي تەركىبى】 سېرراپېپتازا.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، ئاقسىلنى ھىدرولىزلىغۇچى ياسالما بولۇپ، سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئاقسىل، برادىكىنىنوگېن (缓激肽原) ۋە سېللۇلوزا لەختىسىنى تېزلىكتە پارچىلاپ، يىرىڭ، بەلغەم، قان لەختىسى قاتارلىقلارنى سۇيۇلدۇرىدۇ ھەمدە ئېقىپ چىقىپ كېتىشىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ، جاراھەت يۈزىنىڭ تازىلىنىشىنى تېزلىتىپ، بىغلىما گۆش توقۇلمىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىچكەندە سۈمۈرۈلۈش مىقدارى بىر قەدەر ئاز، Tmax تەخمىنەن 1h، تەسىرىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى تەخمىنەن 5h ~ 4، تارقىلىشى كەڭ، ئاساسلىق مېتابولىزم ھاسىلاتى ۋە دورىنىڭ بىر قىسمى ئەسلىدىكى پېتى گەندە ۋە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى ۋە زەخىملىنىشتىن بولغان ياللۇغلىنىش، ھەرخىل ياللۇغلۇق سۇلۇق ئىششىق، قانلىق ئىششىق، ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى چاپلىشىش، ھەمدە بۇرۇن كاۋىكى ياللۇغى، سۈت بېزى ياللۇغى، دوۋساق ياللۇغى، يان ئۇرۇقدان ياللۇغى، چىش ئوقۇرى يىرىڭلىق ئىششىقى، ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. كانايچە ياللۇغى، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، كانايچە زىققىسى ۋە ناركوزدىن كېيىنكى بەلغەم چىقىرىش

قىينىلىشىشلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ھەرقېتىمدا 10mg ~ 5 كۇنگە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ. مىقدارى بىمارنىڭ يېشى ۋە كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ئاشۇرۇلىدۇ ياكى كېمەيتىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 15 ~ 7 كۇنگىچە بولىدۇ. ئىچكەندە چاينىماستىن پۈتۈن پېتى يۇتۇۋېتىش كېرەك.

**【ناچار تەسىرى】** ئىچى سۈرۈش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، ئاشقازان يېقىمسىزلىنىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بۇرۇن قاناش ۋە قانلىق بەلغەم تاسادىپىي كۆرۈلىدۇ، ئاز بىر قىسىم بىمارلاردا ئەسۋە چىقىش، تېرە قىزىرىش قاتارلىق ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە پەيدا بولىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: پېنىتسىللىن، ئامپىتسىللىن، سۇلبېنتىسىللىن(磺苄青霉素) قاتارلىق ئانتىبىئوتىك دورىلارنىڭ باكتېرىيىگە قارشى تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ؛ قان ئۇيۇشقا قارشى دورىلار بىلەن ماسلىشىش تەسىرىگە ئىگە؛ قان ئۇيۇتقۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە قىسمەن قارشىلىشىش تەسىرىگە ئىگە بولىدۇ، شۇڭا قان ئۇيۇش نورمال بولمىغانلارنى تەپسىلىي كۆزىتىش كېرەك. ② باشقىلار: جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى ئۇزۇن بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** داسېن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: 5mg/تابلېت.

سېرادازا تەيۋەندە ئىشلەنگەن. ئۇچەيدە ئېرىگۈچى تابلېتى: 10mg/تابلېت قاپ/20 تابلېت.

## ئاتسېتىل سىستېئىن

(乙酰半光氨酸，Acetylcysteine)

**【باشقا نامى】** مۇكوسوف (美可舒，Mucosof)، فلۇئىمۇتسىل (富露施，Fluimucil).

**【ئاساسىي تەركىبى】** N - ئاتسېتىل سىستېئىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 شىلىمشىق ئاقسىل بىرىكمىسى ۋە نۇكلېئىك كىسلاتانى پارچىلايدۇ. شىلىمشىق بەلغەمنى سۇيۇلدۇرۇپ، بەلغەمنىڭ يېپىشقاقلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈكچىلەرنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسىنى ئاشۇرۇپ، بەلغەمنى ئوڭاي چىقىرىۋېتىدۇ، ئوكسىدلىغۇچىغا قارشى تەسىرگىمۇ ئىگە.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 قويۇق شىلىمشىق ئاجرالمىلار زىيادە كۆپ بولغان نەپەس يولى يۇقۇملىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغى، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، كانايچىلار كېڭىيىش ۋە قويۇق شىلىمشىق ماددىلاردىن توسۇلۇش قاتارلىقلار.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 200mg دىن كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم، بالىلار ھەر قېتىمدا 100mg دىن كۈنىگە 4 ~ 2 قېتىم ئىچىدۇ. ئىچىشتىن ئىلگىرى ئازراق سۇ قوشۇپ ئېرىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ، ئەسۋە چىقىش ۋە كانايچە سىپازمىلىنىش قاتارلىق ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ناھايىتى كەم كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: مىتال ياسالمىلىرىنىڭ چىقىرىلىشىنى ئاشۇرۇپ، پېنىتسىللىننىڭ باكتېرىيىگە قارشى ئاكتىپچانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، شۇڭا قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ② باشقىلار: ئېغىر كانايچە زىققىسى، دىئابېت كېسىلى بىمارلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مۇكوسوف تايلاندتا ئىشلەنگەن. پاراشوكى: ھەر بولىقى 5g/100mg ، قاپ/12 بولاق، قاپ/20 بولاق، قاپ/100 بولاق.

فلۇئىمۇتسىل ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. كۆپۈكلەشتۈرۈلگەن تابلېتى: تابلېت/600mg ، قاپ/20 تابلېت.

## §2. زىققىنى پەسەيتكۈچى دورىلار

### سالبۇتامول

(沙丁胺醇，Salbutamol)

【باشقا نامى】 ۋېنتودىسكس (全宁碟，Ventodisks)، ۋولماكس (全特宁，Volmax)، ئېتىنولىن (爱纳灵，Etinoline)، رېسپولىن (瑞普宁，Respolin)، ۋېنتولىن (喘乐宁，Ventolin).

【ئاساسىي تەركىبى】 سالبۇتامول.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ ئادرېنالىن ئىقتىدارلىق $\beta_2$ ـ ئاكسېپتورنى تاللاپ قوزغاتقۇچى دورا بولۇپ، يۈرەك مۇسكۇلىدىكى $\beta_1$ ـ ئاكسېپتورغا تەسىرى يوق دېيەرلىك. قان تومۇر ۋە بالىياتقۇ سىلىق مۇسكۇللىرىنى بوشىتىش، كۆز ئىچكى بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش تەسىرىگىمۇ ئىگە. ئىچكەندىكى بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 30%ى ئىچىپ 15 ~ 30min تىن كېيىن ئۈنۈم بېرىدۇ، 2 ~ 4h Tmax بولىدۇ. تۇمانلاشتۇرۇپ سۈمۈرگەندە 1 ~ 5min تا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. 1h Tmax، تەسىرى 4 ~ 6h داۋاملىشىدۇ. 4 ~ 6h $t_{1/2}$، كۆپ قىسمى جىگەردە مېتابولىزملىنىپ، مېتالىزم ھاسىلاتى شەكلىدە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كانايچە زىققىسى، ھاسىراپ نەپەسلىنىش تىپلىق كاناىچە ياللۇغى، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى، كاناىچىلار سپازمىلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قوزغالغان زىققىنى توختىتىشتا تۇمانلاشتۇرۇپ سۈمۈرتۈلىدۇ، زىققە قوزغىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىچىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 2 ~ 4mg، كۈنىگە 3 ~ 4 قېتىم، بالىلار ھەر قېتىمدا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.1 ~ 0.15mg، كۈنىگە 2 ~ 3 قېتىم ئىچىدۇ. تۇمانلاشتۇرۇپ سۈمۈرگەندە ھەر قېتىمدا 0.1 ~ 0.2mg ئىشلىتىلىدۇ،

زۆرۈر بولغاندا ھەر 4hتە بىر قېتىم تەكرارلىنىدۇ، ئەمما 24h ئىچىدە 8 ~ 6 قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**【ناچار تەسىرى】** كۆڭۈل ئېلىشىش، كۆپ تەرلەش، باش قېيىش، مۇسكۇل ۋە قول بارماقلىرى تىترەش، يۈرەك سېلىش قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ. كۆزنى قاماشتۇرۇش، ئېغىز قۇرۇش، يۇقىرى قان بېسىمى، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ، مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولغاندا يۈرەك قېرىنچە مەنبەلىك بالدۇر سوقۇش پەيدا بولىدۇ، كاناپچىسى كېڭەيگەن بىمارلار تۇمانلاشتۇرۇپ سۈمۈرسە قان تۆكۈرۈش پەيدا بولىدىغانلىقىغا ئائىت مەلۇماتلار بار.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئىپراتروپىئۇم برومىد (异丙托溴铵) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، زىققىنى بېسىش ئۈنۈمى ئاشىدۇ؛ β ـ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلاردىن پروپرانولول (普萘洛尔) مەزكۇر دورىنىڭ كاناپچىنى كېڭەيتىش تەسىرى بىلەن قارشىلىشالايدۇ. ئادرېنالىن ئىقتىدارلىق ئاكسېپتورنى غىدىقلىغۇچى باشقا دورىلار بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەتكەندە زەھەرلىنىش رېئاكسىيىسى ئوڭايلا پەيدا بولىدۇ. ② باشقىلار: يۈرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، يۇقىرى قان بېسىمى بارلار، قالقانسىمانبەز خىزمىتى كۈچىيىپ كەتكەنلەر ۋە ھامىلىدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** ۋېنتودىسكس ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. سۈمۈرۈلىدىغان پاراشوكلۇق ياسالمىسى: چىلانما/200μg، چىلانما/400μg، تەخسە/8 چىلانما، قاپ/15 تەخسە.

ۋولماكس ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/4mg، تابلېت/8mg، قاپ28 تابلېت/.

ۋېنتولىن ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2mg، قاپ/100 تابلېت.

ئېتىنولىن فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/2mg، قاپ/100 تابلېت.

رېسپولىن ئاۋستىرالىيىدە ئىشلەنگەن. تۇمانلاشتۇرۇلىدىغان ياسالمىسى: پۈركۈش/100μg، بوتۇلكا/400 پۈركۈم.

# تېربۇتالىن
(特布他林，Terbutaline)

**【باشقا نامى】** بىرىكانىل تۇربۇخالېر (博利康尼都保，Bricanyl Turbuhaler)، بىرىكانىل (博利康尼，Bricanyl).

**【ئاساسىي تەركىبى】** تېربۇتالىن سۇلفات.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ $\beta_2$ - ئاكسېپتورنى تاللاپ قوزغاتقۇچى دورا بولۇپ، ئۇنىڭ كانايچىلارنى كېڭەيتىش تەسىرى سالبۇتامول بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئېچكەندە بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى تەخمىنەن 15%، تەخمىنەن 30min تىن كېيىن زىققىنى پەسەيتىش تەسىرى پەيدا بولىدۇ، 4h ~ 2 تە تەسىرى يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، 7h ~ 4 داۋاملىشىدۇ؛ تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىپ 15min ~ 5 تىن كېيىن ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، 1h ~ 0.5 تە يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ ھەمدە 4h ~ 1.5 داۋاملىشىدۇ؛ سۈمۈرۈپ بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ 6h داۋاملىشىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** كانايچە زىققىسى، ھاسىراپ نەپەسلىنىش تىپلىق كانايچە ياللۇغى ۋە سوزۇلما توسۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆپكە كېسەللىكلىرىدىكى كانايچە سپازمىلىنىش قاتارلىقلار. بۇ دورا ۋېنىغا ئۇدا تېمىتىلسا بالىياتقۇ سىلىق مۇسكۇلىدىكى $\beta_2$ - ئاكسېپتورنى قوزغىتىپ، ئۆزلۈكىدىن يۈز بېرىدىغان بالىياتقۇ قىسقىرىش ۋە ئوكسىتوتسىن (催产素) كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بالىياتقۇ قىسقىرىشنى تورمۇزلاپ، ۋاقتى توشماي تۇغۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ھامىلە تۇنجۇقۇشقا ئىشلىتىش پرىنسىپمۇ يۇقىرىقىدەك بولىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** پۈركۈپ سۈمۈرۈلىدۇ. ھەر 6h تە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 ~ 1 قېتىم بېسىپ پۈركۈپ چىقىرىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئېغىز قۇرۇش، بۇرۇن پۇتۇش، دېمى سىقىش، ئۇيقۇسىراش، قول بارماقلىرى تىترەش قاتارلىقلار ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ، يۈرەك سېلىش، باش ئاغرىش، ئاشقازان، ئۈچەي يولى رېئاكسىيىسى قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادرېنالىن، ئىزوپروپىل نورئادرېنالىن (异丙肾上腺素) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە يۈرەك رىتىمسىزلىقى ئوڭاي پەيدا بولىدۇ. ② باشقىلار: تاجىسمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسىلى بارلار، يۈرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، يۇقىرى قان بېسىمى بارلار، قالقانسىمان بەز ئىقتىدارى ئېشىپ كەتكەنلەر، دىئابېت كېسىلى بارلار ۋە ھامىلىدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 بىركانىل تۇربۇخالېر شۇېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. قۇرۇتۇلغان پاراشوكلۇق سۈمۈرۈلمىسى ياسالمىسى: 0.5mg/يۈركۈش، 200/بوتۇلكا يۈركۈم.

بىركانىل شۋېيتسىيىدە ئىشلەنگەن. تومانلاشتۇرۇلىدىغان ئېرىتمىسى: 2.5mg/ml، 2ml/ئامپۇل.

## بۇدېسونىد
(布地奈德，Budesonide)

【باشقا نامى】 پۇلمىكورت (普米克，Pulmicort)، ئىنفلاممىد (英福美，Inflammide)، پۇلمىكورت تۇربۇخالېر (普米克都保，Pulmicort Turbuhaler).

【ئاساسىي تەركىبى】 بۇدېسونىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا بىر تۈرلۈك گالوگېنلاشمىغان گلۇكوكورتىكوئىد (糖皮质激素). زىيادە سەزگۈرلۈككە قارشى تۇرۇش، قىچىشىشنى بېسىش ۋە سىرغىشقا قارشى تەسىرى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۆپكە فۇنكسىيىسىنى ياخشىلاپ، ھاۋا يولىنىڭ يۇقىرى رېئاكسىيىچانلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ ھەمدە ئالامەتلىرىنى ياخشىلايدۇ. سۈمۈرتۈش ئارقىلىق دورا بەرگەندە، 90% ى جىگەردىكى بىرىنچى ئۆتكەل مېتابولىزملىنىش ئۈنۈمدارلىقى ئارقىلىق ئاكتىپلىقىنى يوقىتىدۇ، 1mg سۈمۈرۈلگەندىن كېيىن Tmax 30min بولىدۇ، سۈيدۈك ۋە گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كانايچە زىققىسى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئومۇمەن ئالغاندا مىقدارى يەككە تەنلەر بويىچە بولىدۇ، چوڭلار ۋە 12 ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا

دەسلەپكى مىقدارى كۈنىگە 400μg دىن 2400μg غىچە بولۇپ، 4 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ؛ قامداش مىقدارى 400μg ~ 200 دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم، 12 ~ 6 ياشلىق بالىلارغا كۈنىگە 400μg ~ 200 ، كۈنىگە ئىككى قېتىم بۇرۇن بوشلۇقىغا پۈركۈلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 تېرە زىيادە سەزگۈرلۈك رېئاكسىيىسى، يۇتقۇنچاق قىسمى يېنىك دەرىجىدە غىدىقلىنىش، يۆتىلىش ۋە قايتىما خاراكتېرلىك ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ. بۇ ئالامەتلەرنى قوشۇمچە ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىپ سۈمۈرتۈش ئارقىلىق ياخشىلاشقا بولىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ئوتتۇرا، ئېغىر دەرىجىدە كاناپچىلىرى كېڭەيگەن بىمارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ، ئالتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ئىشلىتىش تەكىتلەنمەيدۇ. ② باشقىلار: ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، كاناپچە زەمبۇرۇغى ۋە زەمبۇرۇغلاردىن يۇقۇملانغۇچىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 پۇلمىكورت ئاۋسترالىيىدە ئىشلەنگەن. تۇمانلاشتۇرۇلىدىغان دۇغ لەيلىمە ئېرىتمىسى: ھەر ئامپۇلى 500μg/2ml ياكى ھەر ئامپۇلى 1mg/2ml ، قاپ/30 ئامپۇل.

ئىنفلامىد جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىشلەنگەن. تۇمانلاشتۇرۇلىدىغان ياسالمىسى: پۈركۈش/100μg ياكى پۈركۈش/200μg ، دانە/15ml .

پۇلمىكورت تۇربۇخالېر شۋېيتسىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق سۈمۈرۈلىدىغان ياسالمىسى: پۈركۈش/100μg ، دانە/200 پۈركۈم، پۈركۈش/200μg ، دانە/100 پۈركۈم، دانە/200 پۈركۈم.

## زافىرلۇكاست

(扎鲁司特，Zafirlukast)

【باشقا نامى】 ئاككولات (安可来，Accolate)

【ئاساسىي تەركىبى】 زافىرلۇكاست.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ھاۋا يوللىرىدا دەرىجىدىن تاشقىرى سەزگۈرلۈك رېئاكسىيىسى پەيدا قىلىدىغان ئاق

www.uyghurkitap.com

تىرىئېتېنوئىد ئاكسېپتورى (白三烯受体)نى ئالاھىدە تورمۇزلاپ، ئاق تىرىئېتېنوئىدلىق پولىپېپتىد (白三烯多肽) كەلتۈرۈپ چىقارغان ھاۋا يوللىرى سۇلۇق ئىششىش، كاناىچە سىلىق مۇسكۇلى قىسقىرىش ۋە ياللۇغلۇق ھۈجەيرىلەر ئىنفىلتراتسىيىلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالىدۇ، پروستاگلاندىن (前列腺素)، ترومبوكسان (血栓素)، خولىن ئىقتىدارلىق ئاكسېپتور ۋە ھىستامىن ئاكسېپتورىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ھەرخىل غىدىقلاشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان كاناىچە سپازمىسىنى تورمۇزلىيالايدۇ، ھەر خىل ئانتىگېنلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بالدۇر ۋە كېچىكىپ پەيدا بولىدىغان رېئاكسىيىلەرنىمۇ ئازايتالايدۇ. ئىچكەندە Tmax تەخمىنەن 3h، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 99%، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 10h بولىدۇ. تولۇق مېتابولىزملىنىپ، كۆپ قىسمى گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، قالغان قىسمى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىپ كېتىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** زىققىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ھەر قېتىمدا 20mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ، مىقدارىنى تەدرىجىي ھالدا ھەر قېتىمدا 40mg غىچە كۆپەيتىشكە بولىدۇ، كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ، يېمەكلىك بۇ دورىنىڭ بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدىغان بولغاچقا، غىزالانغاندا ئىچىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**【ناچار تەسىرى】** يېنىك دەرىجىدە باش ئاغرىش ياكى ئاشقازان - ئۈچەي رېئاكسىيىسى كۆرۈلىدۇ، ئەسۋە چىقىش ۋە ترانسئامىنازا ئۆرلەش ئاز كۆرۈلىدۇ. قان تومۇر نېرۋىسى مەنبەلىك سۇلۇق ئىششىق قاتارلىق ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئېرىترومىتسىن، تېئوفىللىن (茶碱)، تېرفېنازىن (特非那丁)لار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى تۆۋەنلەيدۇ؛ ۋارفارىن (华法令) بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، ترومبوگېن ۋاقتى ئۇزىرايدۇ. ② مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر ۋە 12 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن

ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئاككولات ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/20mg، تابلېت/40mg، قاپ/14 تابلېت، قاپ/28 تابلېت.

## ئىپراتروپىئۇم برومىد

(异丙托溴铵, Ipratropium Bromide)

【باشقا نامى】 ئاتروۋېنت (爱喘乐, Atrovent)، ئاتروۋېنت (爱全乐, Atrovent).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئىپراتروپىئۇم برومىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئاتروپىن كۇۋاتېرنارى ئامىن تۇزى (阿托品季胺盐) نىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، ئاتسېتىل خولىن بىلەن كاناىچە سىلىق مۇسكۇلىدىكى M - ئاكسېپتورىنىڭ بىرىكىشىنى رىقابەتلىك تورمۇزلاپ، گۇئانوزىن سىكلازا (鸟甘环化酶) نىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تورمۇزلاپ، GTP نىڭ CGMP ھاسىل قىلىشىنى كېمەيتىش ئارقىلىق كاناىچىلارنى كېڭەيتىدۇ. ئېغىز ئارقىلىق سۈمۈرۈلگەندىن كېيىن، 90% ى يۇتۇلۇپ، ھەزىم يولىغا كىرىدۇ، بىر قىسمى ئەسلى پېتى گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى مېتابولىزملىنىپ، ئاكتىپسىزلانغان ھاسىلاتقا ئايلىنىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كاناىچە زىققىسى، ھاسىراپ نەپەسلىنىش خاراكتېرلىك كاناىچە ياللۇغى، سوزۇلما توسۇلۇش خاراكتېرلىك نەپەس يولى كېسەللىكلىرى ۋە ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. β - ئاكسېپتورنى قوزغاتقۇچى دورىلار ئەكس تەسىر بەرگەن ياكى دورىغا چىدامچانلىق شەكىللەنگەن بىمارلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 40 ~ 80μg دىن كۈنىگە 6 ~ 3 قېتىم تۇمانلاشتۇرۇپ سۈمۈرۈلىدۇ، كېسەلى تۇراقلىق باسقۇچتىكى بىمارلارغا ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئېغىز قۇرۇش، ئاغزى ئاچچىق بولۇش، كېكىردەك قىچىشىش، قۇرۇق يۆتەل قاتارلىقلار ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ،

ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم بىمارلاردا مۇسكۇل تىترەش پەيدا بولىدۇ.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: زىققە جىددىي قوزغالغاندا $\beta_2$ — ئاكسېپتورنى قوزغاتقۇچى دورىلار بىلەن ماسلىشىش تەسىرىگە ئىگە بولىدۇ؛ سالبۇتامول (舒喘灵) بىلەن 2h ئارىلىق تاشلاپ ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؛ تېئوفىللىن (茶碱) بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، تېئوفىللىننىڭ مىقدارىنى كېمەيتىشكە بولىدۇ؛ ئالبۇتېرول (沙丁胺醇)، دىسودىئۇم كروموگلىتسات (色甘酸二钠) قاتارلىقلار بىلەن ماسلىشىش تەسىرىگە ئىگە. ② باشقىلار: ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.
【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئاتروۋېنت گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن: تۇمانلاشتۇرۇلىدىغان ياسالمىسى، پۈركۈش/20μg، ھەر بوتۇلكىسى پۈركۈم 200/100ml.
ئاتروۋېنت ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تۇمانلاشتۇرۇپ سۈمۈرۈش سۇيۇقلۇقى، دانە/250μg، دانە/500μg، قاپ/20 دانە.

## فورموتېرول
(福莫特罗, Formoterol)

【باشقا نامى】 ئاتوك (安通克, Atock).
【ئاساسىي تەركىبى】 فورموتېرول فۇمارت (富马酸福莫特罗).
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 $\beta_2$ - ئاكسېپتورنى قوزغاتقۇچى دورا بولۇپ، كۈچلۈك ھەم ئۇزلۇكسىز داۋام قىلىدىغان كانايچە كېڭەيتىش تەسىرىگە ئىگە، زىيادە سەزگۈرلۈككە قارشى تۇرۇش ۋە قىل قان تومۇرلارنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنىڭ ئېشىشىنى تورمۇزلاش تەسىرىگىمۇ ئىگە. ئىچكەندە Tmax 0.5 ~ 1h، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 2h بولىدۇ.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كانايچە زىققىسى، ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغى، ھاسىراپ نەپەسلىنىش خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغى ۋە ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەپەس قىيىنلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل ئالامەتلەرنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** چوڭلار كۈنىگە 160μg ~ 80 نى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ. بالىلار ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا كۈنىگە 4μg نى 3 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىدۇ، يېشى، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ دورا مىقدارى مۇۋاپىق ئاشۇرۇلىدۇ ياكى كېمەيتىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** تىترەش، يۈرەك سىلىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ؛ داۋاملىق كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە يۈرەك رىتىمسىزلىقى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** قالقانسىمانبەز ئىقتىدارى ئېشىپ كېتىش، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى، يۈرەك كېسىلى ۋە دىئابېت كېسىلى بىمارلىرىغا، ھامىلدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ياشانغان بىمارلارغا ئەھۋالغا قاراپ دورا مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** ئاتوك ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: 40μg/تابلېت، قاپ/100 تابلېت؛ قۇرۇتۇلغان شېكەرلىك قىيامى: 40μg/8g، بولاق/0.5g.

## سالمېتېرول

(沙美特罗，Salmeterol)

**【باشقا نامى】** سېرېدىسكس(施立碟，Seredisks)، سېرېۋېنت (施立稳，Serevent)، سېرېۋېنت ئاككۇخالېر (施立稳准纳器，Serevent Accuhaler).

**【ئاساسىي تەركىبى】** سالمېتېرول.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** يېڭى تىپلىق ئۇزۇن ئۈنۈملۈك $\beta_2$ ـ ئاكسېپتورنى تاللاپ قوزغاتقۇچى دورا. زورايغان ھۈجەيرىلەرنىڭ ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ۋاستىچىسىنى قويۇپ بېرىشىنى تورمۇزلاش رولىغا ئىگە بولۇپ، سۈمۈرۈلگەن ئانتىگېن (抗原) قوزغاتقان دەسلەپكى مەزگىللىك ۋە كېچىكىپ پەيدا بولىدىغان رېئاكسىيىلەرنى تىزگىنلەپ، ھاۋا يوللىرىنىڭ يۇقىرى رېئاكسىيىچانلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** زىققە، ھاسىراپ نەپەسلىنىش خاراكتېرلىك كاناىچە ياللۇغى ۋە قايتما خاراكتېرلىك ھاۋا

يوللىرى توسۇلۇش.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 پاراشوكلۇق تۇمانلاشتۇرۇلۇپ سۈمۈرۈلىدۇ: چوڭلار ھەر قېتىمدا 50μg، كۈنىگە ئىككى قېتىم سۈمۈرىدۇ؛ بالىلار ھەر قېتىمدا 25μg كۈنىگە ئىككى قېتىم سۈمۈرىدۇ، تۇمانلاشتۇرۇپ سۈمۈرۈش مىقدارى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى يۇقىرىقىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 تىترەش، يۈرەك سىلىش، باش ئاغرىش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ئۆتكۈر خاراكتېرلىك زىققە قوزغىلىشقا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئالدى بىلەن قىسقا ئۈنۈملۈك β2 ـ ئاكسېپتورنى قوزغاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سېرېدىكس ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. قۇرۇتۇلغان پاراشوكلۇق ياسالمىسى: چىلانما/50μg، قاپ/60 چىلانما.

سېرېۋېنت ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تۇمانلاشتۇرۇلىدىغان ياسالمىسى: پۈركۈش/25μg، بوتۇلكا/60 پۈركۈم، بوتۇلكا/120 پۈركۈم، سېرېۋېنت ئاككۇخالېر: قۇرۇتۇلغان پاراشوكلۇق ياسالمىسى، چىلانما/50mg، قاپ/60 چىلانما.

## فېنوتېرول

(非诺特罗, Fenoterol)

【باشقا نامى】 بېروتېك (备劳喘, Berotec).

【ئاساسىي تەركىبى】 فېنوتېرول (非诺特罗氢溴化物) ھىدروبرومىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ بىر خىل ئۈنۈمى كۈچلۈك بولغان β2 ـ ئاكسېپتورنى تاللاپ قوزغاتقۇچى دورا بولۇپ، يۈرەك β1 ـ ئاكسېپتورىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. تۇمانلاشتۇرۇپ سۈمۈرۈپ ئۈچ مىنۇت ئىچىدە ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ ھەمدە دورا ئۈنۈمى 8h غىچە ساقلىنىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆتكۈر خاراكتېرلىك زىققە قوزغىلىش، ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىققە ۋە كانايچە زىققىسىنىڭ

ئالدىنى ئېلىش، باشقا قايتما خاراكتېرلىك هاۋا يولى تارىيىش (مەسىلەن: سوزۇلما توسۇلۇش خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغى) نىڭ ئالامىتىگە قارىتا داۋالاشقا ھەمدە زىيادە سەزگۈرلۈك بۇرۇن ياللۇغىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 تۇمانلاشتۇرۇپ سۈمۈرۈلىدۇ. چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 0.4mg، باللارغا ھەر قېتىمدا 0.2mg كۈنىگە 4 ～ 3 قېتىم سۈمۈرتۈلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 تىترەش، يۈرەك سېلىش، تەشۋىشلىنىش، باش ئاغرىش، يەرلىك ئورۇن غىدىقلىنىش، ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە، تۆۋەن كالىيلىق قان كېسىلى قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: β ـ ئاكسېپتورنى قوزغاتقۇچى دورىلار، خولىن ئىقتىدارىغا قارشى دورىلار، كسانتىن تۇرى (黄嘌呤类) دىكىلەرنىڭ تۇغۇندىسى ۋە كورتىكوئىد (皮质激素) مەزكۇر دورا ئۈنۈمىنى كۈچەيتىدۇ؛ β ـ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلار بۇ دورىنىڭ دورا ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ② باشقىلار: دىئابېت كېسىلى، يېقىنقى مەزگىللىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ياكى ئېغىر دەرىجىدىكى ئورگان خاراكتېرلىك يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلارغا ۋە قالقانبەز ئىقتىدارى كۈچەيگەن بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ھامىلىدار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 بېروتېك گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تۇمانلاشتۇرۇلىدىغان ياسالمىسى: پۈركۈش/0.2mg، دانە/15ml.

## بامبۇتېرول
(班布特罗, Bambuterol)

【باشقا نامى】 بامبېك (帮备, Bambec).

【ئاساسىي تەركىبى】 بامبۇتېرول ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ $\beta_2$ ـ ئاكسېپتورنى قوزغاتقۇچى دورا تېربۇتالىن (特布他林) نىڭ ئاساسىي دورىسى بولۇپ، ئاساسلىقى $\beta_2$ ـ ئاكسېپتورنى غىدىقلاپ، كانايچە سىلىق مۇسكۇلىنى بوشىتىدۇ، ئىچكى مەنبەلىك ۋاستىچى ماددا كەلتۈرۈپ چىقارغان قان

تولۇش، سۈلۈق ئششىق قاتارلىقلارنى تىزگىنلەپ، شىللىق پەردىدىكى موپلارنىڭ چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، 2 ~ 6h Tmax ، ئۈنۈملۈك تەسىر قىلىش ۋاقتى ئاز بولغاندا 24h قىچە داۋاملىشىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كانايچە زىققىسى، سوزۇلما خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغى، ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقى ۋە باشقا كانايچە سپازمىلىنىش قوشۇلۇپ كەلگەن ئۆپكە كېسەللىكلىرى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەركۈنى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم ئىچىلىدۇ، مىقدارى بىمارغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. چوڭلارغا تەۋسىيە قىلىنىدىغان دەسلەپكى مىقدارى 10mg، 1 ~ 2 ھەپتىدىن كېيىن 20mg غىچە كۆپەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 تىترەش، باش ئاغرىش، يۈرەك سىيلىش، مۇسكۇللار سپازمىلىنىش كۆرۈلىدۇ، بىر قىسىم بىمارلاردا ئەسۋە پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: تېربۇتالىن ۋە بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە، قېلىنلاشقان يۈرەك مۇسكۇل كېسەللىكى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: تىزگىنلەنمىگەن قالقانبەز خىزمىتى ئېشىپ كەتكەن بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ دىئابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار بۇ دورىنى ئىشلەتكەندە قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىنىڭ مىقدارىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ؛ جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە تولۇق بولمىغانلارغا ئىشلىتىلىدىغان دورا مىقدارى چوقۇم يەككە تەنلەر بويىچە بولۇشى كېرەك؛ ھامىلىدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيىدا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 بامبېك شۈپىتسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېت/10mg ، تابلېت/20mg ، قاپ/10 تابلېت، بوتۇلكا/30 تابلېت، بوتۇلكا/100 تابلېت.

## تېئوفىللىن

(茶碱, Theophylline)

【باشقا نامى】 تېئوۋېنت (希尔文, Theovent) ، پروتېئو

**· 埃斯玛隆 ·(优喘平，Protheo)**

【ئاساسىي تەركىبى】 تېئوفىللىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 كوففېئىن تۈرىدىكى بىئوئىشقارلارنىڭ بىرى بولۇپ، تەسىر قىلىش مېخانىزمى بەدەندىكى فوسفودىئېستېرازا (磷酸二酯酶) نىڭ سىكلىك ئادېنوزىن فوسفات (环磷酸腺苷) قا قارىتا مېتابولىزمىنى تىزگىنلەپ، سىكلىك ئادېنوزىن فوسفاتنىڭ قويۇقلۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، كانايچىلارنى كېڭەيتىش ھەمدە زىيادە سەزگۈرلۈك ۋاستىچىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى توسۇشتىن ئىبارەت. يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ قىسقىرىشىنى كۈچەيتىش، يۈرەكنىڭ قان چىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش ۋە مەركىزىي نېرۋىنى غىدىقلاش تەسىرىگىمۇ ئىگە. ئىچكەندە تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 96%، بۇ دورىنىڭ قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 60%، ئاساسلىقى جىگەردە مېتابولىزملىنىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كانايچە سىپازمىلىنىش خاراكتېرلىك زىققە، سوزۇلما خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغى ۋە ئۆپكە ھاۋالىق ئىششىقىغا ئىشلىتىلىدۇ. يۈرەك مەنبەلىك زىققە ۋە يۈرەك مەنبەلىك سۇلۇق ئىششىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مىقدارى يەككە تەنلەر بويىچە بولىدۇ، كېسەللىك ئالامەتلىرى، ئۆپكە فۇنكسىيىسى ۋە دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقىغا ئاساسەن مىقدارى تەڭشىلىدۇ، دەسلەپكى مىقدارى كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 7 ~ 8mg بولىدۇ؛ دائىملىق مىقدارى چوڭلارنىڭ كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 12mg غا يەتكۈزۈلۈپ، ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. 13 ~ 16 ياشتىكىلەر ھەر قېتىمدا 0.25g دىن، 9 ~ 12 ياشتىكىلەر ھەر قېتىمدا 0.125 ~ 0.25g دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىچىدۇ، ئىچكەندە چاينىمايلا يۇتۇۋېتىش كېرەك.

【ناچار تەسىرى】 يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قورساقنىڭ يۇقىرى قىسمى تارتىشىش، باش ئاغرىش، ھاياجانلىنىش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. زەھەرلەنگەندە تارتىشىش ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ، ئەمما بالىلاردا دورا ئىشلەتكەن دەسلەپكى مەزگىلدىلا تارتىشىش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشى

مۇمكىن.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئېفېدرىن، سىمپاتىك نېرۋىسىمان كانايچە كېڭەيتكۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە زەھەرچانلىقى ئاشىدۇ؛ سىپروفلوكساتسىن (环丙沙星)، ئېرىترومىتسىن، پروپرانولول ۋە ئىچىلىدىغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرى بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى ئاشىدۇ؛ رىفامپىن (利福平) بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە بۇ دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى تۆۋەنلەيدۇ؛ باربىتال تۈرىدىكى دورىلار، كاربامازېپىن (卡马西平) ۋە باشقا جىگەر مىكروزوما (肝微粒体) فېرمېنتىنى يېتەكلىگۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، بۇ دورىنىڭ مېتابولىزمىلىنىش ۋە چىقىرىلىشىنى تېزلىتىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: تېئوفىللىن ۋە تېئوفىللىن تۇغۇندىلىرىغا زىيادە سەزگۈرلەر، 30 ئايلىقتىن تۆۋەن بالىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: يۈرەك، جىگەر ۋە تاجسىمان ئارتېرىيىسىنىڭ ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلار، قالقانسىمان بەز ئىقتىدارى ئېشىپ كەتكۈچىلەر، تۇتقاقلىق تارىخى بارلار، ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى بارلار ياكى سېمىز كىشىلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تېئوۋېنت فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. ئۇزۇن ئۈنۈملۈك كاپسۇلى: 125mg/دانە، 250mg/دانە، 100/قاپ دانە.

پروتېئو بېلگىيىدە ئىشلەنگەن. ئاستا تەسىرلىك تابلېتى: 400mg/تابلېت، 600mg/تابلېت، 8/قاپ تابلېت.

## ئاسمېتون

## (阿斯美, Asmeton)

【ئاساسىي تەركىبى】 مېتوكسفېنادرىن ھىدروخلورىد (盐酸甲氧那明)، ناركوتىن (那可汀)، ئامىنوفىللىن (氨茶碱)، خلورپروفېنپىرىدامىن (马来酸氯苯吡胺).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا بىر خىل مۇرەككەپ ياسالما بولۇپ، كانايچە سىلىق مۇسكۇلىنىڭ تارتىشىشىنى تورمۇزلايدۇ، زىيادە سەزگۈرلۈككە قارشى تەسىرگە ئىگە.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يۆتەل، بەلغەم كۆپىيىش، زۇققە.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 15 ياشتىن يۇقىرىلار ھەر قېتىمدا ئىككى تال، كۈنىگە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىچىدۇ. سەككىز ياشتىن يۇقىرى 15 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا دورا مىقدارىنىڭ يېرىمى كېمەيتىلىپ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئەسۋە چىقىش، قىزىرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، تاماق يېگۈسى كەلمەسلىك، باش قېيىش، سىيىش، قىيىنلىشىش، ئۇيقۇسىراش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: 8 ياشقا توشمىغان بالىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: بۇ دورىنىڭ كۈچلۈك دورا تەركىبى بار بولۇپ، بەلگىلەنگەن ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، باشقا يۆتەل توختىتىپ بەلغەم يۇشاتقۇچى دورىلار، زۇكام دورىلىرى، ھىستامىنغا قارشى دورىلار، تىنچلاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىچىشكە قەتئىي بولمايدۇ؛ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، تېنى ئاجىزلار، يۇقىرى قىزىتقانلار، يۈرەك كېسەللى بارلار، يۇقىرى قان بېسىمى بارلار، گلاۋكوما بارلار، سىيىش قىيىنلاشقان بىمارلار ۋە ھامىلدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئاسىبتون ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: قاپ/100 دانە.

## بېكلومېتازون دىپروپىئونات

(二丙酸倍氯米松, Beclomethasone Dipropionate)

【باشقا نامى】 ئالدېتسىن (安得新, Aldecin)، بېكودىسكس (必酮碟, Becodisks)، بېكوناز (伯克纳, Beconase).

【ئاساسىي تەركىبى】 بېكلومېتازون دىپروپىئونات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ ئۆزۈن ئۈنۈملۈك بەدەن سىرتىدىن ئىشلىتىلىدىغان گلۇكوكورتىكوئىدلىق دورا بولۇپ، ياللۇغقا قارشى تۇرۇش، زىيادە سەزگۈرلۈككە قارشى تۇرۇش ۋە قىچىشىشنى توختىتىش قاتارلىق تەسىرى بار. سۈمۈرگەندىن كېيىن تېزلىكتە

ئۆپكە ئارقىلىق سۈمۈرۈلىدۇ، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 10%~25%..

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 زىققىنى داۋالايدۇ، بولۇپمۇ پۈتۈن بەدەنلىك گلۇكوكورتىكوئىد ياكى ئادرېنوكورتىكوتروپىن (促肾上腺皮质激素) گە بېقىنىدىغان ھەمدە كاناپچىنى كېڭەيتكۈچى دورىلارنى دائىم ئىشلىتىش زۆرۈر بولغان بىمارلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 تۇمانلاشتۇرۇلۇپ سۈمۈرۈلىدۇ. چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 100μg دىن كۈنىگە 4 ~ 3 قېتىم، كېسەللىكى ئېغىر بولغانلار دەسلەپتە كۈنىگە 800μg ~ 600 غىچە ئىشلىتىلىدۇ، كۈندىلىك ئەڭ چوڭ مىقدارى 1mg دىن ئاشۇرۇلمايدۇ. بالىلارغا ھەر قېتىمدا 100μg ~ 50 غا كۈنىگە 4 ~ 2 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ، مىقدارى يېشى ۋە كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىلىدۇ، كۈندىلىك ئەڭ يۇقىرى مىقدارى 0.8mg بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئاز بىر قىسىم بىمارلاردا ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش، ئېغىز بوشلۇقى ۋە يۇتقۇنچاق ـ كېكىردەك ئاق تەڭسىمان زەمبۇرۇغدىن يۇقۇملىنىش كېلىپ چىقىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 گلۇكوكورتىكوئىد ياكى ئادرېنوكورتىكوتروپىن بىلەن پۈتۈن بەدەنلىك داۋالاش ئارقىلىق، ھىپوفىز ـ بۆرەك ئاستى بەز ئىقتىدارى تولۇق بولماسلىق كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بار بىمارلارغا بۇ دورىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش، تۇبېركۇلوز بىمارلىرىغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئالدېتسىن بىلگىسىدە ئىشلەنگەن. سۈمۈرۈلىدىغان ياسالمىسى: قۇتا/200 پۈركۈم؛ بۇرۇنغا پۈركۈلىدىغان ياسالمىسى: قۇتا/200 پۈركۈم.

بېكودىسكىن ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. سۈمۈرۈلىدىغان دورا پاراشوكى: بولاق/100μg، بولاق/200μg، قاپ/120 بولاق.

بېكوناز ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. بۇرۇنغا پۈركۈلىدىغان ياسالمىسى: 0.05%، 200 پۈركۈم/دانە.

# فلۇتىكازون پروپىئونات

(丙酸氟替卡松，Fluticasone Propionate)

【باشقا نامى】 فلىكسوتىد (辅舒酮，Flixotide)، فلىكسوناز (辅舒良，Flixonase)، فلىكسوتىد روتادىسك (辅舒碟，Flixotide Rotadisk)

【ئاساسىي تەركىبى】 فلۇتىكازون پروپىئونات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ ترىفلۇئورىدلىق گلۇكوكورتىكوئىد (三氟糖皮质激素) قا تەۋە دورا. سۈمۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆپكىدىكى ياللۇغقا كۈچلۈك قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە، ھاۋا يولىغا نىسبەتەن بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىدە تاللاشچانلىققا ئىگە. ئىچكەندە بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ، $t_{1/2}$ 3h، تارقىلىش ھەجمى تەخمىنەن 250L بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 زىققە ئالامەتلىرىنى يېنىكلىتىپ، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنى توسۇشقا ۋە زىققىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 سۈمۈرۈلىدۇ، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك داۋالاشتا، ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئەھۋالدىمۇ دورىنى قەرەللىك ئىشلىتىش لازىم. بىمارلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن دورا مىقدارى تەڭشىلىدۇ، چوڭلار ۋە 16 ياشتىن يۇقىرى بىمارلارغا 100 ～ 1000μg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم، تۆت ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا 50 ～ 100μg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دورا بىلەن داۋالاشنى تۇيۇقسىز توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئېغىز بوشلۇقى ۋە يۇتقۇنچاق ئاق تەسۋىسىمان زەمبۇرۇغدىن يۇقۇملىنىش، ئۈنى پۈتۈپ قېلىش، كانايچىلار ئەكسىچە سپازمىلىنىش پەيدا بولىدۇ؛ ئاز بىر قىسىم بىمارلار ئۇزۇن مەزگىل كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە پۈتۈن بەدەنلىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيىلەردىن ئەسۋە چىقىش، يۈز ياكى تىل سۇلۇق ئىششىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ھەرقانداق تىپتىكى فلۇتىكازون پروپىئونات (丙酸氟替卡松) غا زىيادە

سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلىدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. زىققىنىڭ ئۆتكۈر قوزغىلىشىغا ئىشلىتىلمەيدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 فلىكسوتىد ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن: تۇمانلاشتۇرۇلىدىغان ياسالمىسى: پۈركۈش/25μg، پۈركۈش/50μg، پۈركۈش/125μg ، پۈركۈش/250μg، دانە/60 پۈركۈم ياكى دانە/120 پۈركۈم.

فلىكسوناز ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. سۇدا ئېرىيدىغان بۇرۇنغا پۈركۈلگۈچى ياسالمىسى: پۈركۈش/50μg، بوتۇلكا/120 پۈركۈم.

فلىكسوتىد روتادىسك ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. قۇرۇتۇلغان پاراشوكلۇق ياسالمىسى: بولاق/50μg، بولاق/100μg، بولاق/250μg، بولاق/500μg، قاپ/4×15 بولاق.

# ئالتىنچى باب ھەزىم سىستېمىسىغا تەسىر قىلغۇچى دورىلار

## § 1 . كىسلاتاغا قارشى دورىلار

### ئومېپرازول
(奥美拉唑, Omeprazole)

【باشقا نامى】 لوسېك (洛赛克, Losec), OMP, (金洛克)
【ئاساسىي تەركىبى】 ناترىي ئومېپرازول.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ «پروتون پومپىسى» نى تورمۇزلىغۇچى دورا بولۇپ، ئاشقازان دىۋارى ھۈجەيرىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، $H^+$, $ATP-K^+$ فېرمېنتىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تورمۇزلايدۇ. ئىچكەندىن كېيىن Tmax 0.5 ~ 3.5h، 1h ئىچىدە ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، تەسىرى 24h تىن ئارتۇق داۋاملىشىدۇ. $t_{1/2}$ 1h ~ 0.5، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 95%. ئاساسەن ئاشقازان، ئۈچەي يولىغا تارقىلىدۇ، تەخمىنەن 80% ى سۈيدۈك ئارقىلىق، قالغان قىسمى گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، يېنىشتىن بولغان قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى ۋە گاسترىن ئۆسمىسى (胃泌素瘤).
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى ۋە تەتۈر ئېقىش خاراكتېرلىك قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى: ھەر قېتىمدا 20mg كۈنىگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 4 ~ 2 ھەپتە؛ داۋالاش قىيىن بولغان ھەزىم خاراكتېرلىك يارا ۋە گاسترىن ئۆسمىسى: ئەھۋالغا قاراپ مىقدارى ئاشۇرۇلىدۇ. ئېغىر كېسەللەرگە ھەر كۈنى بىر قېتىم 40mg ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، گاسترىن ئۆسمىسى بىمارلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان دورا مىقدارى يەككە تەنلەر بويىچە بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، باش ئاغرىش، باش قېيىش، ئىچ سۈرۈش، قورساق كۆپۈش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئەسۋە چىقىش، ئەتراپ نېرۋا ياللۇغى قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: جىگەردە ئوكسىدلىنىپ مېتابولىزملىنىدىغان دورىلارنىڭ بەدەندىن چىقىرىلىشىنى ئاستىلىتىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلىدارلارغا ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدۇ. بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 لوسېك شۋېيتسىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 20mg/دانە، بوتۇلكا/3 دانە، بوتۇلكا/14 دانە؛ پاراشوكلۇق ئوكۇلى، 40mg/ئامپۇل، قاپ/1 ئامپۇل، قاپ/5 ئامپۇل.

OMP كورىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: 20mg/تابلېت، قاپ/14 تابلېت.

## لانسوپرازول
(兰索拉唑, Lansoprazole)

【باشقا نامى】 تاكېپرون (达克普隆).

【ئاساسىي تەركىبى】 لانسوپرازول.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 پروتون پومپىسىنى تورمۇزلىغۇچى دورا، ئاشقازان دىۋارى ھۈجەيرىسىنىڭ كىسلاتالىق شارائىتىدا ئاكتىپچانلىقتا ئىگە سۇلفىلئامىن تۈغۈندىسى (亚磺酰胺衍生物) غا ئايلىنىدۇ، بۇ تۈغۈندا پروتون پومپىسىدىكى ATP—K⁺, H⁺ فېرمېنتىنىڭ سۇلفھىدرىل (巯基) بىلەن بىرىكىپ، ATP—K⁺, H⁺ فېرمېنتىنى پاسسىپلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مەركەز ۋە ئەتراپ تەرىپىدىن تەڭشىلىدىغان ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىلىشىنى تورمۇزلايدۇ. 2h Tmax، $t_{1/2}$ 1.3 ~ 1.7h، بارلىق مېتابولىزم ھاسىلاتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. 24h تىن كېيىن 14% ~ 13 ى چىقىپ كېتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، يېنىشتىن بولغان قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى ۋە گاسترىن ئۆسمىسى.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** چوڭلار كۈنىگە بىر قېتىم 30mg نى ئەتىگەن ياكى كەچتە ئىچىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 8 ～ 2 ھەپتە.

**【ناچار تەسىرى】** ئەسۋە چىقىش، قىچىشقاق قاتارلىق ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ۋە قەۋزىيەت، ئىچ سۈرۈش، ئېغىز قۇرۇش، باش ئاغرىش، چارچاش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، ترانسئامىنازا ئۆرلەش، ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: دىئازېپام، سودىئۇم فېنتوئىن (苯妥英钠) نىڭ مېتابولىزملىنىش تەسىرىنى كېچىكتۈرىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، دورىغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلار، ياشانغانلار، جىگەر فۇنكسىيىسى زەخىملەنگەنلەرگە ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بالىلارغا ئىشلىتىش تەۋسىيە قىلىنمايدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** تاكېپرون ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/30mg.

## پانتوپرازول

(泮托拉唑，Pantoprazole)

**【باشقا نامى】** پانتولوك (潘妥洛克，Pantoloc).

**【ئاساسىي تەركىبى】** پانتوپرازول.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** يېڭى تىپتىكى پروتون پومپىسىنى تورمۇزلىغۇچى دورا. ئاشقازان دىۋارى ھۈجەيرىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، كىسلاتالىق شارائىتتا ئاكتىپلاشقان پروتون پومپىسى $H^+$, $K^+$–ATP فېرمېنتىدىكى سۇلفىدرىل بىلەن بىرىكىپ، فېرمېنتنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تورمۇزلاش ئارقىلىق، ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىلىشىنى تىزگىنلەيدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، يېنىشتىن بولغان قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ھەر قېتىمدا 40mg، كۈنىگە

www.uyghurkitap.com

بىر قېتىم ئىچىلىدۇ. ئاير‍ىم بىمارلارغا كۈنىگە 80mg ئىشلىتىشكە بولىدۇ. 12 بارماق ئۈچەي يارىسىنى داۋالاش مۇددىتى 4 ~ 2 ھەپتە؛ ئاشقازان يارىسى ۋە تەتۈر ئېقىش خاراكتېرلىك قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغىنى داۋالاش مۇددىتى 8 ~ 4 ھەپتە بولىدۇ. داۋالاش مۇددىتىنى 8 ھەپتىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، ئىچ سۈرۈش، ئەسۋە چىقىش، تېرىلەر قىچىشىش، باش ئاغرىش، باش قېيىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. سۇلۇق ئىششىق، قىزىش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتى ئۆتكۈنچى توسقۇنلۇققا ئۇچراش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: سۈمۈرۈلۈشى pH قىممىتىگە باغلىق بولغان دورىلاردىن مەسىلەن: كېتوكونازول (酮康唑) بىلەن بىرگە ئىچكەندە، بۇ دورىنىڭ ئۇنىڭ سۈمۈرۈلۈشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئويلىشىش كېرەك. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر ۋە جىگەر فۇنكسىيىسى ناچارلاشقانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: نېرۋا مەنبەلىك ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش قاتارلىق يېنىك دەرىجىدىكى ئاشقازان ـ ئۈچەي يولى كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلمەيدۇ؛ ھامىلىدار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 پانتولوك گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئۈچەيدە ئېرىگۈچى تابلېتى: •تابلېت/40mg، بوتۇلكا/14 تابلېت، بوتۇلكا/28 تابلېت.

## رېبامىپىد

(瑞巴派特，Rebamipide)

【باشقا نامى】 مۇكوستا (膜固思达，Mucosta).

【ئاساسىي تەركىبى】 رېبامىپىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئاشقازان شىللىق پەردىسىدىكى پروستاگلاندىن $E_2$ نىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئاشقازان شىللىق پەردىسىنى قوغدايدۇ، ئاشقازان شىللىق پەردىسى سىرتقى قەۋىتىدىكى

شىلىمشىق سۈيۈقلۇق مىقدارى ۋە ئېرىشچان شىلىمشىق سۈيۈقلۇق مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئاشقازان ئىشقارلىق ماددىسىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاشقازان شىللىق پەردىسىدىكى قان ئېقىمىنى ئاشۇرىدۇ. ھىدروكسىل ئەركىن رادىكالىنى يوقىتىپ، ئاشقازان چىقىش ئېغىزى بۇرما تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان نېيترال خۇمار دانىچە ھۈجەيرە پېرئوكسىدىنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە ئاشقازان شىللىق پەردىسىنىڭ زەخىملىنىشىنى تورمۇزلايدۇ. ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ، 2h ، Tmax تەخمىنەن 1.5h ، $t_{1/2}$ ئۇدا دورا بەرگەندە يىغىلىپ قېلىش بايقالمىغان. قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 98.6~98.4 .

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان يارىسى، ئۈتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئاشقازان يارىسى: چوڭلار ھەر قېتىمدا بىر تابلېت (100mg) تىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئەتىگەندە، كەچتە ۋە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىچىدۇ؛ ئۈتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى: چوڭلار ھەر قېتىمدا بىر تابلېتتىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئەسۋە چىقىش، قىچىشىش، دورا ئەسۋىسىدەك ھۆل تەمرەتكە پەيدا بولۇش، باش قېيىش، ئۇيقۇسىراش، قەۋزىيەت، قورساق كۆپۈش، ئىچ سۈرۈش، قورساق ئاغرىش، كېكىرىش، قۇسۇش، ھېق تۇتۇش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، تەم سېزىمى نورمالسىزلىنىش، ئۇسساش، چىرايى قىزىرىش، قىزىش، ئاق قان ھۈجەيرىسى كېمىيىش، قان پلاستىنكىلىرى ئازىيىش، سېرىقلىق چۈشۈش، ترانسئامىنازا نورمالسىزلىنىش، ھەيز نورمالسىزلىنىش، ئەمچەك يوغىناش، ئەمچەك ئاغرىش، سۈت چىقىش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ياشانغان بىمارلار ھەزىم سىستېمىسىغا بولغان ئەكس تەسىرىگە دىققەت قىلىشى لازىم، ھامىلىدارلار، بالىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار دورا ئىشلەتكەندە بالا ئېمىتىشتىن ساقلىنىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مۇكوستا ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. پەردىلىك تابلېتى: تابلېت/100mg ، بولاق/12 تابلېت.

www.uyghurkitap.com

## كوللوئىدال بىسمۇت سۇبسىترات
(胶体碱式枸橼酸铋，Colloidal Bismuth subcitrate)

**【باشقا نامى】** دې- نول (德诺，De—Nol)، ۋېنترىسول (胶体次枸橼酸铋)، 枸橼酸铋钾 (卫特凌，ventrisol)، ترىپوتاسسىۇم دىسىتراتوبىسمۇتات (三钾二枸橼酸铋，Tripotassium Dicitra tobismuthate).

**【ئاساسىي تەركىبى】** كوللوئىدال بىسمۇت سۇبسىترات.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** ئاشقازان كىسلاتاسىنى تېزگىنلىمەيدۇ، ئاشقازان كىسلاتاسى شارائىتىدا بىسمۇت ئوكسىدى كوللوئىد چۆكمىسى ھاسىل بولۇپ، بىر قەۋەت قوغدىغۇچى پەردە شەكىللىنىپ، يارا يۈزىنى قوغدايدۇ، يارىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋە ساقىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىچكى مەنبەلىك پروستاگلاندىننىڭ سىنتېزلىنىشى ۋە يېپىشقاق ئاقسىلنىڭ ئاجرىلىشىنى غىدىقلاش ئارقىلىق ئاشقازان شىللىق پەردىسىگە نىسبەتەن قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ دورىنىڭ ئاشقازان چىقىش ئېغىزى بۈرما تاياقچە باكتېرىيىسىگە نىسبەتەن باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش تەسىرى بولۇپ، يارا قايتا قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ دورىنىڭ ھەزىم قىلىنىپ سۈمۈرۈلۈشى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 30 ~ 20 كۈن بولىدۇ، ئاساسلىقى بۆرەك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ئاشقازان چىقىش ئېغىزى بۈرما تاياقچە باكتېرىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاشقازان ياللۇغى.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ھەركۈنى ئەتىگەن، كەچلىك تاماقتىن 0.5h ئىلگىرى ھەر قېتىمدا 240mg ياكى كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماقتىن ۋە ئۇخلاشتىن 0.5h ئىلگىرى ھەر قېتىمدا 120mg ئىچىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 8 ~ 4 ھەپتە بولىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** قارا تەرەت (قارىمايسىمان تەرەتكە ئوخشمايدۇ) پەيدا بولىدۇ، يەنە كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قەۋزىيەت بولۇش، ئىچ سۈرۈش ۋە ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى:

كىسلاتاغا قارشى دورىلار، كالا سۈتى بۇ دورىنىڭ تەسىرىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛ تېتراتسىكلىن (四环素) بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە تېتراتسىكلىننىڭ سۈمۈرۈلۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ ئاموكسىسىللىن (阿莫西林) قاتارلىق ئانتىبىئوتىك دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە ئاشقازان چىقىش ئېغىزى بۇرما تاياقچە باكتېرىيىسىگە نىسبەتەن ماسلىشىپ باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە بولىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ھامىلىدارلار ۋە بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، ئېغىر بۆرەك كېسەللى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ بۇ دورىنى ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە بىسمۇتنىڭ باشقا ياسالمىلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ③ باشقىلار: مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى ۋە تاجىسىمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسەللى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** دې - نول گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/120mg، قاپ/40 تابلېت.

ۋېنترىسول گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/120mg، قاپ/112 تابلېت.

## سىمېتىدىن
(西咪替丁, Cimetidine)

**【ئاساسىي تەركىبى】** سىمېتىدىن.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** $H_2$ - ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورا، ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىلىشىنى كۆرۈنەرلىك تىزگىنلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىلىش مىقدارى ۋە ھىدروگېن ئىئونىنىڭ قويۇقلۇقىنى ئازايتىدۇ. بىمارلارنىڭ يېرىمىدا دېگۈدەك دورا توختىتىلغاندىن كېيىن 12 بارماق ئۈچەي يارىسى ياكى ئاشقازان يارىسى قايتا قوزغىلىدۇ، ئىچكەندىن كېيىن تېز سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 1 ~ 1.5h، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 2h، ئاساسلىقى ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، يېنىشتىن بولغان قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى، گاسترىن ئۆسمىسى، يۇقىرى ھەزىم يولى يارىسى ياكى شەلۋەرەش كەلتۈرۈپ

چىقارغان قاناش.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. ئارىلاپ دورا بەرگەندە، ۋېنادىن تېمىتىش مىقدارى 2h ئىچىدە ⩽h/150mg لىك سۈرئەت بىلەن كۈنىگە كۆپ قېتىم تېمىتىلىدۇ؛ ئۇلاپ دورا بەرگەندە، 24h ئىچىدە ⩽h/75mg لىك سۈرئەت بىلەن تېمىتىلىدۇ. ۋېناغا ئاستا ـ ئاستا ئوكۇل قىلىنىسىمۇ بولىدۇ، چوڭلاردىكى ئاشقازان ياكى 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، يېنىشتىن بولغان قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغىغا كۈنىگە 800 ~ 1600mg؛ گاسترىن ئۆسمىسىگە ئىشلەتكەندە كۈنىگە 2000mg غا يەتكۈزۈلىدۇ. بالىلارغا كۈنىگە 2 ~ 3 قېتىم ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، بىر ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 20 ~ 25mg؛ 1 ~ 12 ئايلىق بالىلارغا كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 20mg؛ بىر ئايلىقتىن تۆۋەنلەرگە كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10 ~ 15mg ئىشلىتىلىدۇ. جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارنىڭ دورا مىقدارىنى تەڭشەشكە دىققەت قىلىش لازىم.

**【ناچار تەسىرى】** باش ئاغرىش، باش قېيىش، ماغدۇرسىزلىنىش، قەۋزىيەت ياكى ئىچ سۈرۈش، ئەسۋە، ترانسئامىنازا ئۆرلەش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. سىنۇسلۇق يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش ۋە يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش، دالانچە ـ قېرىنچە ئۆتكۈزۈشى توسۇلۇش قاتارلىقلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. ياشانغان ۋە جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغان بىمارلارغا زور مىقداردا ئىشلەتكەندە روھىي توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. كۆپ مىقداردا ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلسە ئاتالىق ھورمونغا قارشى تۇرغاندەك تەسىر پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن: ئەرلەرنىڭ ئەمچىكى يوغىناش، سۈت ئېقىش قاتارلىقلار.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ۋارفارىن (华法林)، فېنتوئىن ناترىي (苯妥英呐)، تېئوفىللىن (茶碱)، فېنوباربىتال (苯巴比妥)، دىئازېپام (地西泮)، پروپرانولول (普萘洛尔) قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، يۇقىرىقى دورىلارنىڭ جىگەردىكى بىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى تورمۇزلىنىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: $H_2$ ـ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** سىمېتىدىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: 200mg/2ml، قاپ/580 ئامپۇل.

# رانىتىدىن

(雷尼替丁，Ranitidine)

【باشقا نامى】 زانتاك (善卫得, Zantac).

【ئاساسىي تەركىبى】 رانىتىدىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 $H_2$ - ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورا. ئاساسىي ئاشقازان كىسلاتاسى ۋە قوزغىتىلغان ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىلىشىنى تىزگىنلەپ ئاجرىلىش مىقدارىنى كېمەيتىپ، كىسلاتالىق دەرىجىسى ۋە پېپسىنىنىڭ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىدۇ. تورمۇزلاش تەسىرى سىمېتىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 2 ~ 3h، $t_{1/2}$ 2 ~ 3h، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى تەخمىنەن 50% بولىدۇ، ئاساسلىقى ئەسلى پېتى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، يېنىشتىن بولغان قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى، گاسترىن ئۆسمىسى، يۇقىرىقى ھەزىم يولى يارىسى ياكى شەلۋەرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان قاناش قاتارلىقلار.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 150mgدىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ياكى 300mg ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم ئىچىلىدۇ. داۋالاش مۇددىتى 4 ~ 8 ھەپتە، قامداش مىقدارى ھەركۈنى كەچتە 150mg بولىدۇ. گاسترىن ئۆسمىسىگە كۈنىگە 600 ~ 1200mg ئىشلىتىلىدۇ. يارا قاناشتا داۋالاشتا ھەر قېتىمدا 25 ~ 50mg، ھەر 4 ~ 6h تە بىر قېتىم مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئاستا - ئاستا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ئوپېراتسىيىدىن ئىلگىرى دورا ئىشلىتىشتە ئوپېراتسىيىدىن 1.5h ئىلگىرى ۋېناغا 100mg ئوكۇل قىلىنىدۇ، ۋېناغا تېمىتىشتا، 100 ~ 300mg نى 100ml 5% لىك گلۇكوزا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا قوشۇپ، 30min ئىچىدە تېمىتىپ بولىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قەۋزىيەت، ئەسۋە قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ، قايتما خاراكتېرلىك جىگەر زەخمىلىنىش، قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش ۋە يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە ئاستىلاش قاتارلىقلار ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقانلار، سەككىز ياشتىن تۆۋەنلەر، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】زانتاك ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: 150mg /تابلېت، 300mg/تابلېت، قاپ/10 تابلېت؛ ئوكۇلى، ھەر ئامپۇلى 50ml/2ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## فاموتىدىن

(法莫替丁, Famotidine)

【باشقا نامى】 گاستېر (高舒达, Gaster) 溃疡克, ياكى كۇئاماتېل (卡玛特, Quamatel).

【ئاساسى تەركىبى】 فاموتىدىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 $H_2$ - ئاكسېپتورنى تورمۇزلىغۇچى دورا، ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىلىشىنى تىزگىنلەش تەسىرى سىمېتىدىندىن ۋە رانىتىدىندىن كۈچلۈك. پېپسىننىڭ ئاجرىلىشىنىمۇ تورمۇزلايدۇ. ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ، تەخمىنەن بىر سائەتتە ئۈنۈم بېرىپ، تەسىرى 12h داۋاملىشىدۇ. ئاساسلىقى ئەسلى پېتى ۋە مېتابولىزم ھاسىلاتى 8 - ئوكسىدى شەكلىدە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، يېنىشتىن بولغان قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى، گاسترىن ئۆسمىسى، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان شىللىق پەردىسى قاناش.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى ۋە يېنىشتىن بولغان قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغىنى داۋالاش: چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 20mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىچىدۇ، ھەزىم يولى قاناشنى داۋالاش: ھەر قېتىمدا 20mg، كۈنىگە ئىككى قېتىم؛ گاسترىن ئۆسمىسىنى داۋالاش: ھەر قېتىمدا 20mg، ھەر 6h تە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، ئۇيقۇسىزلىق، ئېغىز قۇرۇش، قەۋزىيەت، ئىچ سۈرۈش، ئەسۋە، ترانسئامىنازا ئۆتكۈنچى يۇقىرىلاش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. قان تومۇر نېرۋىسى مەنبەلىك، سۇلۇق ئىششىش، مۇسكۇل ئاغرىش، زەھەرلىنىش خاراكتېرلىك ئېپدېرما (يۈزە تېرە) بوشىشىش قاتارلىقلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئاشقازان — ئۈچەيگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئىشلىتىش توغرا كەلگەندە ئاز بولغاندا 2h ئارىلىق قويۇش كېرەك. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: $H_2$ – ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلارغا زىيادە سەزگۈرلەر، ئېغىر دەرىجىدىكى بۆرەك ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلار، ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: بالىلار ۋە جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، ئاشقازان راكى ئىنكار قىلىنغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 گاستېر ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى، ئامپۇل/20mg، قاپ/10 ئامپۇل؛ تابلېتى: تابلېت/20mg، قاپ/10 تابلېت، قاپ/30 تابلېت.

كوئاماتېل ۋېنگىرىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ئامپۇل/20mg، قاپ/5 ئامپۇل.

## نىزاتىدىن

(尼扎替丁, Nizatidine)

【باشقا نامى】 ئاكسىد (爱希, Axid).

【ئاساسىي تەركىبى】 نىزاتىدىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 $H_2$ – ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورا. يارىغا قارشى تەسىرى سىمېتىدىندىن 3 ~ 4 ھەسسە كۈچلۈك، رانىتىدىن بىلەن ئوخشاش. ئىچكەندىن كېيىن Tmax تەخمىنەن 1 ~ 3h، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 1.6h، CL 666 ~ 1000ml/min، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 35%، 24h ئىچىدە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ، يىغىلىپ قېلىش تەسىرى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەرىكەتچان ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ھەرىكەتچان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى ساقايغاندىن كېيىنكى ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەرىكەتچان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى ساقايغاندىن كېيىنكى قايتا قوزغىلىشقا: ئۇخلاشتىن ئىلگىرى 300mg ، كۈنگە بىر قېتىم ياكى ھەر قېتىمدا 150mgدىن كۈنگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ. ئاشقازان يارىسىغا: ئۇخلاشتىن ئىلگىرى 300mg ، كۈنگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ. 12 بارماق ئۈچەي يارىسى ساقايغاندىن كېيىن قايتا قوزغىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا: ئۇخلاشتىن ئىلگىرى 150mg ، كۈنگە بىر قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 قۇسۇش، قەۋزىيەت بولۇش، ئىچ سۈرۈش، قورساق كۆپۈش، ئېغىز قۇرۇش، قىزىش، بۇرۇن ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى، بۇرۇن كاۋىكى ياللۇغى، يۆتىلىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە، مەسىلەن: ئەسۋە، قىچىشقاق قاتارلىقلار ئاندا — ساندا كۆرۈلىدۇ؛ ترانسئامىنازا ياكى ALP يۇقىرىلاش، سېرىقلىق چۈشۈش قاتارلىقلار ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 دورىغا زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلار، جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار، ھامىلىدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ئاكسىد ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن.
كاپسۇلى: دانە/150mg ، قاپ/7 دانە، بوتۇلكا/60 دانە؛ دانە/300mg ، قاپ/7 دانە، بوتۇلكا/30 دانە.

## مىزوپروستول

(米索前列醇，Misoprostol)

【باشقا نامى】 سىتوتېك (喜克溃，Cytotec) .

【ئاساسىي تەركىبى】 مىزوپروستول.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ پروستاگلاندىن $E_1$نىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، ئاشقازان كىسلاتاسى، پېپسىننىڭ ئاجرىلىشىنى تىزگىنلەپ، غىدىقلاش ئارقىلىق شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنى ئاجرىتىپ،

ئاشقازان شىللىق پەردىسىنى قوغدايدۇ ھەمدە 12 بارماق ئۈچەينىڭ ھىدروكاربونات تۇزلىرىنى ئاجرىتىپ چىقىرىشىنى غىدىقلاپ، ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ نېيتراللىشىشىغا ماسلىشىدۇ. ئاشقازان شىللىق پەردىسىنىڭ قان ئېقىمىنى ئاشۇرۇپ، يارا شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنداقلا يارىنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ. ئىچكەندە تېز سۈمۈرۈلىدۇ، $t_{1/2}$ 1.8h ~ 1.6، Tmax 0.5h. قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 90% ~ 80. ئاساسەن جىگەر، بۆرەك، ئاشقازان ۋە ئۈچەي قاتارلىق توقۇلمىلارغا تارقىلىدۇ، ئاساسلىقى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسىغا ئىشلىتىلىدۇ، ستروئىدسىز (非甾体) ياللۇغقا قارشى دورىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاشقازان شىللىق پەردىسىنىڭ زەخىملىنىشىگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسى: ھەر قېتىمدا 200μg دىن كۈنىگە تۆت قېتىم، تاماقتىن ۋە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىچىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 8 ~ 4 ھەپتە؛ ياللۇغلىنىشقا قارشى دورىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەزىم خاراكتېرلىك يارىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ھەر قېتىمدا 200μg كۈنىگە 4 ~ 2 قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 تەرەت سۇيۇق كېلىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. كۆڭۈل ئېلىشىش، باش ئاغرىش، باش قېيىش ۋە تېرىلەر قىچىشىش قاتارلىقلار تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ، ئاياللاردا ھەيز زىيادە كۆپ كېلىش، جىنسىي يول قاناش كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ھامىلدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار ۋە بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: بالىلار، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى ۋە تاجسىمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسىلى بارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ستوتېك ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/200μg، قاپ/28 تابلېت، قاپ/30 تابلېت، قاپ/120 تابلېت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تېپرېنون

(替普瑞酮, Teprenone)

【باشقا نامى】 سېلبېكس (施维舒, Selbex).

【ئاساسىي تەركىبى】 تېپرېنون.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئاشقازان شىللىق پەردىسىدىكى گلۇكولىپىد ئارىلىق ماددىسىنىڭ بىئوسىنتېزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى مولېكۇلىلىق گلىكوپروتېئىن (糖蛋白) ۋە فوسفولىپىد (磷脂) نىڭ قويۇقلۇقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئاشقازان شىللىق پەردىسىنىڭ قوغدىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. ئاشقازان شىللىق پەردىسىدىكى $PGE_2$ نىڭ بىئوسىنتېزلىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاشقازان شىللىق پەردىسى زەخىملىنىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاشقازان شىللىق پەردىسىدىكى قان ئېقىمىنى ياخشىلايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان يارىسى، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغى، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان ياللۇغىنىڭ ئۆتكۈر ئېغىرلىشىش مەزگىلىدىكى ئاشقازان شىللىق پەردىسىنىڭ كېسەللىك ئۆزگىرىشىنى ياخشىلايدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كاپسۇلى: ھەر قېتىمدا بىر دانە (50mg)، كۈنىگە ئۈچ قېتىم تاماقتىن 30min كېيىن ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، قەۋزىيەت، قورساق ئاغرىش، قورساق كۆپۈش، ئۇسساش، ترانسئامىنازا يۇقىرىلاش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، ئەسۋە، خولېستېرىن (胆固醇) يۇقىرىلاش ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 $H_2$ ـ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ؛ ھامىلىدارلار، بالىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سېلبېكس ياپونىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/50mg، قاپ/100 دانە.

# پىرېنزېپىن

(哌仑西平，Pirenzepine)

【باشقا نامى】 گاستروزېپىن (善全平，Gastrozepine)

【ئاساسىي تەركىبى】 پىرېنزېپىن دىھىدروخلورىد (二盐酸哌仑西平)

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 M – ئاكسېپتور بىلەن تاللاش خاراكتېرلىك قارشىلاشقۇچى دورا بولۇپ، ئاشقازان دىۋارى ھۈجەيرىسىدىكى M – ئاكسېپتور بىلەن يۇقىرى دەرىجىدە بىرىكىش كۈچىگە ئىگە، ئاشقازان كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىلىشىنى تىزگىنلەيدۇ، ئەمما شۆلگەي ئاجرىلىش، ئاشقازان – ئۈچەي سىلىق مۇسكۇلى، يۈرەك قان تومۇرى، كۆز، سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسى سىلىق مۇسكۇلى ۋە مېڭىدىكى خولىنغا قارشى تەسىرى نىسبەتەن ئاجىزراق بولىدۇ. ئىچكەندە سۈمۈرۈلۈشى ناچار، شۇنداقلا يېمەكلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 25%، Tmax 3h، مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنسا ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ. بەدەندە كەڭ تارقىلىدۇ، مېڭە قان توسۇقىدىن ئۆتەلمەيدۇ، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تەخمىنەن 10%. مېتابولىزملىنىشى ئاستا، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 10 ~ 12h، ئاساسلىقى گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، غىدىقلىنىشتىن بولغان يارا، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان شىللىق پەردىسى قاناش ۋە گاسترىن ئۆسمىسى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 50mg، كۈنىگە ئىككى قېتىم، ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى ئىچىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 4 ~ 8 ھەپتە.

【ناچار تەسىرى】 ئېغىز قۇرۇش، كۆرۈش خىرەلىشىش، قەۋزىيەت، ئىچ سۈرۈش، باش ئاغرىش، ئېلىشىپ قېلىش قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئېتانول (乙醇) ۋە كوففېئىن (咖啡因) بۇ دورىنىڭ تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ، $H_2$- ئاكسېپتور بىلەن قارشىلاشقۇچى دورىلار بۇ دورىنىڭ تەسىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچەيتىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: ھامىلىدار ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: گلاۋكوما بارلار، مەزى بېزى يوغىنىغانلار ۋە جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 گاستروزېپىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/25mg، قاپ/20 تابلېت، قاپ/30 تابلېت.

## ھىدروتالتسىت

(铝碳酸镁, Hydrotalcite)

【باشقا نامى】 تالتسىد (达喜 ياكى 胃达喜, Talcid).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئىشقارلىق ھىدروتالتسىت.

【فاركولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ كىسلاتاغا قارشى دورا بولۇپ، ئاشقازان كىسلاتاسىنى نېيتراللاش تەسىرىگە ئىگە. داۋالاش ئۈنۈمى $H_2$ - ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلار بىلەن ئوخشاش، 12 بارماق ئۈچەي شارچە قىسمى يارىسى بارلارغا دورا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن كېسەللىك ئالامىتى تېزلىكتە يوقىلىدۇ، بۇ دورا ئاساسىي جەھەتتىن سۈمۈرۈلمەيدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان يارىسى، ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان كىسلاتاسى زىيادە كۆپىيىش قاتارلىقلار.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 0.5 ~ 1g دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ئىككى ۋاخلىق تاماق ئارىلىقىدا ۋە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىچىلىدۇ. ئاشقازان يارىسى بارلارغا سەككىز ھەپتە بىر داۋالاش مۇددىتى قىلىنىدۇ، 12 بارماق ئۈچەي شارچە قىسمى يارىسىغا گىرىپتار بولغان بىمارلارغا ئالتە ھەپتە بىر داۋالاش مۇددىتى قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 قەۋزىيەت، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئۈچەي توسۇلۇش كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 سوزۇلما بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتكەندە قاندىكى ئاليۇمىن مىقدارىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تالتسىد گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن.

تابلېتى: تابلېت/500mg، قاپ/20 تابلېت.

## § 2 . ئاشقازاننى كۈچەيتىپ، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى دورىلار

### لاكتازا

(乳糖酶, Lactase)

【باشقا نامى】لاكتائىد ئۇلترا (力康特, Lactaid Ultra).

【ئاساسىي تەركىبى】 لاكتازا.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 يېمەكلىك (بولۇپمۇ سۈت ياسالمىلىرى) تەركىبىدىكى لاكتوزا (乳糖) نى پارچىلايدۇ، بىر مولېكۇلا لاكتوزا لاكتازانىڭ تەسىرى بىلەن پارچىلىنىپ بىر مولېكۇلا گالاكتوزا (半乳糖) ۋە بىر مولېكۇلا گلۇكوزىغا ئايلىنىش ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە سۈمۈرۈلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 لاكتازا يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن سۈت ياسالمىلىرىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ئاشقازان، ئۈچەيلەر كۆپۈش، ئۈچەي سىپازمىلىنىش ۋە ئىچ سۈرۈش قاتارلىق يېقىمسىزلىنىش ئالامەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىم سۈت ياسالمىلىرىنى ئىستېمال قىلىشتىن ئىلگىرى بىر تابلېت ئىچىلىدۇ، ئەگەر كېسەللىك ئالامەتلىرى ئېغىر بولسا، يەنە بىر تابلېت قوشۇپ ئىچىشكە بولىدۇ، ھەر قېتىمدا ئىككى تابلېتتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 كۈنىگە كۆپ قېتىم ئىچىشكە بولىدۇ، يەنى ھەر قېتىم سۈت ياسالمىلىرىنى ئىستېمال قىلىشتىن ئىلگىرى بىر تابلېت ئىچىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 لاكتائىد ئۇلترا ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن. پەردىلىك تابلېتى: تابلېت/9000U، قاپ/12 تابلېت، قاپ/32 تابلېت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئوتىلونىئۇم بىرومىد

(奥替溴铵，Otilonium Bromide)

【باشقا نامى】 سپاسومېن (斯巴敏，Spasmomen).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئوتىلونىئۇم بىرومىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئۈچەي يولى سىلىق مۇسكۇلىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، مېخانىزمى كالتسىي ئىئونى بىلەن قارشىلاشقۇچى دورىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەزىم يولى سىلىق مۇسكۇلىغا نىسبەتەن كۈچلۈك سپازما بوشىتىش رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئىچكەندە ئاز سۈمۈرۈلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ھەزىم يولىنىڭ يىراق ئۈچىدىكى ئۈچەينىڭ ئوڭاي غىدىقلىنىشىغا ياكى سپازما خاراكتېرلىك ئاغرىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 400mg، كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ھازىرغىچە ناچار تەسىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات يوق.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلۈكى مەلۇم بولغان بىمارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سپاسومېن ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن: شېكەر يالىتىلغان تابلېتى: تابلېت/400mg، قاپ/30 تابلېت.

## داگېس

(达奇，Dages)

【ئاساسىي تەركىبى】 پېپسىن (胃蛋白酶)، پاپائىن (木瓜蛋白酶)، ئامىلازا (淀粉酶)، ئۇرسودېسوكسىفولىك كىسلاتا (熊去氧胆酸)، سېللۇلازا (纤维素酶)، پانكرېئاتىن(胰酶)، ستېئاپسىن (胰脂酶).

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا قەنتلەر، ياغ، ئاقسىل، سېللۇلوزالارنىڭ ھەزىم قىلىنىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۈچەيدىكى يەلنىڭ چىقىرىلىشى ۋە ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئىقتىدارىغا ئىگە، شۇنداقلا ئۇرسودېسوكسىفولىك كىسلاتاسىنىڭ خولېستېرىنىنىڭ سۇمۇرۇلۇشىنى تىزگىنلەش، ئۆت سۇيۇقلۇقى ھەيدەش ۋە ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ئاجرىتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەسىرىگە ئىگە. بۇ دورا ئاشقازان، 12 بارماق ئۈچەي ۋە كىچىك ئۈچەي قىسمىدا ئېرىپ، ئېنزىمنىڭ ئاكتىپچانلىقى ھەرقايسىسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان pH قىممىتى شارائىتىدا ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان- ئۈچەي يولى ۋە ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ھەزىم قىلىشى تولۇق بولماسلىق، ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك جىگەر كېسەللىكلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆتنىڭ ئاجرىلىشى يېتىشمەسلىك، ئۆت يولى كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن ئۆت خالتىسى ئېلىۋېتىلگەنلەردىكى ھەزىم قىلىشى ناچارلىشىش، كېسەللىكتىن كېيىن ئەسلىگە كېلىش دەۋرىدىكى زىيادە ئوزۇقلىنىش ۋە مايلىق يېمەكلىكلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، ئىشتىھا تۇتۇلۇش، تاماقنى زىيادە كۆپ يېيىش، قورساق ئېسىلىش، قورساقنىڭ يۇقىرى قىسمى كۆپۈش، گەندە مايلىق كېلىش قاتارلىق ئالامەتلەرگە قارىتا داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 1 ~ 2 دانە، كۈنىگە ئۈچ قېتىم تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 قۇسۇش، ئىچى سۈيۈق كېلىش ئالامىتىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 2% دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 مەنئىي قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورا تەركىبىگە زىيادە سەزگۈرلۈك تارىخى بارلار، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئېغىر جىگەر ياللۇغى بولۇپ، جىگەردىكى ئۆت نەيچىسى توسۇلغانلار، ئۆت يولى تولۇق توسۇلغانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 داگېس كورېيىدە ئىشلەنگەن.

كاپسۇلى: 193mg/دانە، 20/قاپ دانە.

## پانكرېئاتىن

(胰酶，Pancreatin)

【باشقا نامى】 كرېئون (得每通，Creon)، لىكرېئازا (消得良，Licrease).

www.uyghurkitap.com

【ئاساسي تەركىبى】 پانكرېئاتىن.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ، پانكرېئاتىننىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان دورا بولۇپ، پانكرېئاتىننىڭ ئاجرىلىشى يېتەرلىك بولماسلىقتا ئىشلىتىلىدۇ، ياغ، قەنت ۋە ئاقسىللارنى ھەزىم قىلدۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ئاجرىتىشى يېتەرلىك بولماسلىقنى داۋالاشتا، پانكرېئاتىننىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە ئاشقازان ئاستى بېزى ئاغرىش، ياشانغانلاردىكى ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ ئاجرىتىشى يېتەرلىك بولماسلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 دەسلەپكى مىقدارى ھەر قېتىمدا 150 ~ 300mg بولۇپ، تاماق بىلەن بىرگە ئىچىلىدۇ. ئاندىن كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ مىقدارى تەڭشىلىدۇ، ئۈنۈملۈك مىقدارى ئادەتتە كۈنىگە 750 ~ 2250mg بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئىچ سۈرۈش، قەۋزىيەت بولۇش، ئاشقازان يېقىمسىزلىنىش، كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە ئەسۋە قاتارلىقلار ناگاندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پانكرېئاتىننىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ داۋالاشنى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ، چوشقا ئاقسىلى ياسالمىلىرىغا زىيادە سەزگۈرلۈكى مەلۇم بولغانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلىدارلىق مەزگىلى ۋە بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كرېئون گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئۈچەيدە ئېرىگۈچى دانچە كاپسۇلى: 150mg/دانە، قاپ/20 دانە، قاپ/50 دانە.

لىكرېئازا فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 370mg/دانە، قاپ/12 دانە، قاپ/24 دانە، قاپ/60 دانە.

# §3 . قۇسۇشنى توختاتقۇچى دورىلار

## گرانىسېترون

(格拉司琼，Granisetron)

**【باشقا نامى】** كىترىل (凯特瑞 Kytril)، 康泉، 格尼西酮، 格雷西隆، 格兰西龙.

**【ئاساسىي تەركىبى】** گرانىسېترون ھىدروخلورىد.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ، قۇسۇشنى توختىتىش رولىغا ئىگە ئۈنۈمى كۈچلۈك ۋە يۇقىرى تاللاشچانلىققا ئىگە $5-HT_3$ ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورا. ئاساسلىقى جىگەردە مېتابولىزملىنىپ، گەندە ۋە سۈيدۈك ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىدۇ، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى تەخمىنەن 65%

**【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】** خىمىيىلىك داۋالاش كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** چوڭلارنى ھۆجەيرە زەھىرى بىلەن داۋالاشتا تابلېتى ھەر قېتىمدا 1mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىچىلىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق مىقدارى ھۆجەيرە زەھىرى بىلەن داۋالاشتىن 1h ئىلگىرى ئىچىلىدۇ؛ ئوكۇل سۇيۇقلۇقى چوڭلارغا 3mg ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، 24h ئىچىدە ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 3mg ئىشلىتىلىدۇ. ئەڭ يۇقىرى مىقدارى كۈنىگە 9mg دىن ئاشۇرۇلمايدۇ، ھەر قېتىملىق داۋالاش مۇددىتىگە ئۇدا بەش كۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** باش ئاغرىش، قەۋزىيەت بولۇش، ئۇيقۇسىراش، ئىچى سۈرۈش، ترانسئامىنازا ئۆرلەش ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدۇ، بەزىدە قان بېسىمى ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك ئۆزگىرىدۇ، دورا توختىتىلغاندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلىدارلار، بالىلار، سۈس ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئۈچەي توسۇلۇشلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللار بۇ دورىنى ئىشلەتكەندە بالا ئېمىتمەسلىكى لازىم؛ باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كىترىل ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/1mg، قاپ/10 تابلېت؛ ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: 3mg/2ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## ترىئوپىسېترون

(托烷司琼，Triopisetron)

【باشقا نامى】 ناۋوبان (欧必停，Navoban)، 托品西隆 .

【ئاساسىي تەركىبى】 ترىئوپىسېترون ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ ئەتراپ نېرۋونلىرى ۋە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدىكى $5-HT_3$ ئاكسېپتورنى تاللاپ قارشىلاشقۇچى دورا. ئىچكەندە تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 3h. بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى مىقدارىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئىچكەندە $t_{1/2}$ 42h. ۋېنىغا ئوكۇل قىلغاندا $t_{1/2}$ 30h بولىدۇ، مېتابولىزم ھاسىلاتى سۈيدۈك ياكى ئۆت ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 خىمىيىلىك داۋالاش كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار كۈنىگە 5mg ئىچىدۇ، داۋالاش مۇددىتى ئالتە كۈن بولىدۇ. خىمىيىلىك داۋالاشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ۋېناغا ئېمىتىپ، 6 ~ 2 ـ كۈنى ئىچىشكە بولىدۇ، ئەتىگەنلىك تاماقتىن ئىلگىرى ئىچىلىدۇ. ئىككى ياشتىن چوڭ باللارغا ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 200μg، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا كۈنىگە 5mg بېرىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى ئالتە كۈن، ئىشلىتىش ئۇسۇلى چوڭلار بىلەن ئوخشاش.

【ناچار تەسىرى】 ئۆتكۈنچى باش ئاغرىش، قەۋزىيەت، باش قېيىش، چارچاش ۋە ئاشقازان ـ ئۈچەي ئىقتىدارى قالايمىقانلىشىش دائىم

كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: رىفامپىن (利福平) ياكى باشقا جىگەر دورا فېرمېنتىنى يېتەكلىگۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، بۇ دورىنىڭ قان پلازمىسىدىكى قويۇقلۇقى تۆۋەنلەيدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر ۋە ھامىلىدارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللارغا دورا ئىشلەتكەندە بالا ئېمىتمەسلىكى كېرەك؛ يۇقىرى قان بېسىمى تىزگىنلەنمىگەن بىمارلار دورا ئىشلەتكەندىن كېيىن قان بېسىمى يۇقىرىلايدۇ؛ كاپسۇلى تاماق بىلەن بىرگە ئىچىلسە بۇ دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشى سەل كېچىكىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ناۋوبان شۋېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: 5mg/دانە، قاپ/5 دانە؛ ئوكۇل سۇيۇقلۇقى، ھەر ئامپۇلى 5mg/5ml، قاپ/1 ئامپۇل.

## ئوندانسېترون

(昂丹司琼，Ondansetron)

【باشقا نامى】 زوفران (枢复宁，Zofran)، 恩丹西酮.

【ئاساسىي تەركىبى】 ئوندانسېترون ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ بىر تۈرلۈك يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇقىرى ئاللاشچانلىققا ئىگە $5-HT_3$ ئاكسېپتور بىلەن قارشىلاشقۇچى دورا. ئىچكەندىن كېيىن Tmax 1.5h، بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى تەخمىنەن 60%، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 60～70% بولىدۇ، ئاساسەن جىگەردە مېتابولىزملىنىپ، گەندە ۋە سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 خىمىيىلىك داۋالاش ۋە رادىئوئاكتىپلىق داۋالاش كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلارغا خىمىيىلىك داۋالاشتىن 15min ئىلگىرى 8mg ئاستا ـ ئاستا ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ ياكى ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، ئاندىن 1mg/h ۋېناغا جەمئىي 24h تېمىتىلىدۇ،

ئاندىن كېيىن ئىچىشكە ئۆزگەرتىلىپ، ھەر قېتىمدا 8mg ، كۈنىگە ئىككى قېتىم، ئۈدا بەش كۈن ئىچىلىدۇ. بالىلارغا خىمىيىلىك داۋالاشتىن ئىلگىرى 5mg/m² ئاستا ـ ئاستا ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، 12h تىن كېيىن يەنە 4mg ئىچىلىدۇ، خىمىيىلىك داۋالاشتىن كېيىن ھەر قېتىمدا 4mg دىن كۈنىگە ئىككى قېتىم، ئۈدا بەش كۈن ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، باش قىسمى، قورساقنىڭ يۇقىرى قىسمى قىزىغاندەك بولۇش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، ترانسئامىنازا يۇقىرىلاش تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورا ياسالمىسى ھەر قانداق بىر تەركىبىگە زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلىدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش تەكىتلەنمەيدۇ؛ ۋېناغا ئوكۇل قىلىش سۈرئىتى بەك تېز بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 زوفران ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/4mg ، قاپ/10 تابلېت، قاپ/100 تابلېت، تابلېت/8mg ، قاپ/15 تابلېت، قاپ/30 تابلېت، قاپ/100 تابلېت؛ ئوكۇل سۇيۇقلۇقى، ئامپۇل/4mg ، ئامپۇل/8mg ، قاپ/5 ئامپۇل.

## ئازاسېترون

(阿扎司琼, Azasetron)

【باشقا نامى】 سېروتون (苏罗同, Serotone) .

【ئاساسىي تەركىبى】 ئازاسېترون ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئوندانسېترون بىلەن ئوخشاش.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۆسمىگە قارشى دورىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. چوڭلارغا ئىشلىتىش مىقدارى ھەر قېتىمدا 10mg بولۇپ، كۈنىگە بىر قېتىم ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، تەشۋىشلىنىش، كالپۇك

قۇرغاقلىشىش، چىرايى تاتىرىش، يۈرەك سېلىش، تىترەش، چارچاش ۋە ئەسۋە قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئېتوپوسىد (鬼臼乙叉苷) ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ياكى ناترىي فلوموكسېف (氟氧头孢钠) ئوكۇل سۇيۇقلۇقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە، بۇ دورىنىڭ تەركىبى تۆۋەنلىشى مۇمكىن. ② باشقىلار: بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلار ۋە ياشانغانلار، ھامىلىدارلار ۋە بالىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار دورا ئىشلەتكەندە بالا ئېمىتىشنى توختىتىش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سېروتون ياپونىيىدە ئىشلەنگەن.
ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ھەر ئامپۇلى 10mg/2ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## §4 . ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى دورىلار

### دىئوكتاخېدرال سمېكتىت
(双八面体蒙脱石，Dioctahedral Smectite)

【باشقا نامى】 سمېكتا (思密达，Smecta).

【ئاساسىي تەركىبى】 دىئوكتاخېدرال سمېكتىت.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ھەزىم يولىدىكى ۋىرۇس، باكتېرىيە ۋە ئۇلاردىن ھاسىل بولغان توكسىن (毒素)غا قارىتا تۇراقلاشتۇرۇش، تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە؛ ھەزىم يولى شىلىمشىق پەردىسىنى كۈچلۈك قاپلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەمدە شىللىق سۇيۇقلۇقتىكى قەنت ئاقسىلى بىلەن ئۆزئارا بىرىكىش ئارقىلىق، شىللىق پەردە توسۇقىنىڭ ھۇجۇمچى ئامىللاردىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ھەمدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. قانغا سۈمۈرۈلۈپ كىرمەيدۇ، پەقەت ھەزىم يولى شىللىق پەردىسى سىرتقى يۈزىگىلا تارقىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى، ئاشقازان ياللۇغى، بوغماق ئۈچەي ياللۇغى، فۇنكسىيىلىك بوغماق ئۈچەي كېسىلى ئالامىتىگە قارىتا داۋالاش، چوڭلار ۋە بالىلاردىكى ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش.

www.uyghurkitap.com

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 بىر خالتا دورىنى 50ml ئىلمان سۇغا سېلىپ، ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ. چوڭلار يەنى ھەر قېتىمدا بىر خالتىدىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ. باللارغا يەنى بىر ياشتىن تۆۋەنلەرگە كۈنىگە بىر خالتىنى ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئىچۈرۈلىدۇ. 1 ~ 2 ياشلىقلارغا كۈنىگە 2 ~ 1 خالتا، ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئىچۈرۈلىدۇ. تۇرغۇزۇپ ھەمەل قىلىش ئۇسۇلى: ھەر قېتىمدا 3 ~ 1 خالتىنى 100ml ~ 50 ئىلمان سۇغا سېلىپ، كۈنىگە 3 ~ 1 قېتىم ھەمەل قىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 قەۋزىيەت تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشنى داۋالىغاندا، سۇسىزلىنىشنى تۈزىتىشكە دىققەت قىلىش، ئەگەر باشقا دورىلارنى ئىچىش توغرا كەلسە، بەلگىلىك ئارىلىق ئۆتكۈزۈپ ئىشلىتىش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】سىمېكتا فرانسىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكى: خالتا/3g، قاپ/10 خالتا، قاپ/30 خالتا.

## 5 § . سۈرگۈ دورىلىرى

### لاكتۇلوزا
(乳果糖，Lactulose)

【باشقا نامى】 دۇفالاك (杜秘克，Duphalac).

【ئاساسىي تەركىبى】 لاكتۇلوزا.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ لاكتوزانىڭ سىنتېزلەنگەن تۇغۇندىسى، ئۇچەي بوشلۇقىنىڭ ئىچكى ئوسموس بېسىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇچەينىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قاندىكى ئاممونىياكنى تۆۋەنلىتىش، قەنتنى پارچىلىغۇچى باكتېرىيىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاقسىلنى پارچىلىغۇچى باكتېرىيىنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلاش، ئاممونىياك ۋە باشقا ئېندوتوكسىن (ئىچكى زەھەر) نىڭ ھاسىل بولۇشىنى كېمەيتىش قاتارلىق رولى بار.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 قەۋزىيەت، جىگەر

مەنبەلىك مېڭە كېسىلى.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】قەۋزىيەت: داۋالاش مىقدارى بىمارلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تەڭشىلىدۇ. چوڭلار دەسلەپتە (داۋالاشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۈچ كۈن) كۈنىگە 45ml ~ 15 ئىچىدۇ، قامداش مىقدارى كۈنىگە 25ml ~ 10 بولىدۇ. بالىلارغا داۋالاشنىڭ ئالدىنقى ئۈچ كۈنىدە كۈنىگە 15ml ~ 5، كېيىن كۈنىگە 10ml ~ 5 ئىچۈرۈلىدۇ؛ گۆدەك بالىلارغا كۈنىگە 5ml، كۈنىگە بىر قېتىم ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئىچۈرۈلىدۇ ياكى كۈنلۈك مىقدارنى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ، ئەتىگەن ۋە كەچتە بىر قېتىمدىن ئىچۈرۈلىدۇ. جىگەر مەنبەلىك مېڭە كېسىلى: جىگەر مەنبەلىك ھوشسىزلىنىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ۋە جىگەر مەنبەلىك ھوشسىزلىنىشنى داۋالاشتا، دەسلەپكى مىقدارى ھەر قېتىمدا 50ml ~ 30 دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم بېرىلىدۇ، قامداش مىقدارى كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ئۈچەي- ئاشقازان كۆپۈش، مىقدارى زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: گالاكتوزىلىق قان كېسىلى، تۆۋەن گالاكتوزىلىق ئوزۇقلۇقلارنى ئىستېمال قىلىشى كېرەك بولغانلار، لاكتوزىغا چىدامسىزلار، ئۈچەيى توسۇلغانلار ھەمدە بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: دائىملىق مىقدارنى دىئابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ يۇقىرى دوزىلىقى دىئابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 دۇفالاك گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن. ئىچىلىدىغان سۇيۇقلۇقى: بوتۇلكا/300ml، خالتا/15ml، قاپ/6 خالتا؛ پاراشوكى: خالتا/10g، قۇتا/150g.

## 6 § . سپازمىنى بوشاتقۇچى دورىلار

### ئالۋېرىن سىترات
(枸橼酸阿尔维林，Alverine Citrate)

【باشقا نامى】 سپاسمونال (斯莫纳，Spasmonal).
【ئاساسىي تەركىبى】 ئالۋېرىن سىترات.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا سىلىق مۇسكۇلغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىپ، ئىئون يولى ئېلېكتر پوتېنسىئالىنىڭ سەزگۈرلۈك دەرىجىسى ۋە فوسفات كىسلاتا — ئىنوزىتول (肌醇) نىڭ مېتابولىزملىنىش يولى قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىلىق مۇسكۇللارغا بولغان تەسىرى تالالاشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقى ئاشقازان- ئۈچەي يولى ۋە سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسىغا تەسىر قىلىدۇ، خولىنغا قارشى دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدىغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ. نورمال مىقدارىنىڭ كاناي ۋە قان تومۇر سىلىق مۇسكۇلىغا بولغان تەسىرى يوق دېيەرلىك.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئۈچەي ئوڭاي غىدىقلىنىش يىغىندى ئالامەتلىرى، ئۈچەي سپازمىلىنىشلىق قورساق ئاغرىش، ئۆت يولى سپازمىلىنىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، بالىياتقۇ سپازمىلىنىش، سۈيدۈك يولى تېشى ياكى يۇقۇملىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان سپازما خاراكتېرلىك ئاغرىش، تۆۋەنكى سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان سىيىش قېتىم سانى كۆپىيىش، دوۋساق سپازمىلىنىش ۋە باشقا خىلدىكى سپازمىلىق ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 60 ~ 120mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ؛ 12 ~ 8 ياشلىق بالىلار ھەر قېتىمدا 60mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ، 8 ياشتىن تۆۋەنلەرگە مىقدارى كېمەيتىلىدۇ. چاينىمايلا سۇ بىلەن يۇتۇلىدۇ.
【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان، ئۈچەي يېقىمسىزلىنىش، ئۇيقۇسىراش، باش قېيىش، باش ئاغرىش، ئېغىز قۇرۇش، تۆۋەن قان بېسىمى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان

تەسىرى: تىرىشقاقلىق تۈرىدىكى خامۇشلۇقنى قارشى دورىلار، پروكائىنامىد (普鲁卡因胺) ياكى تۇغۇندىسى، $H_1$- ئاكسېپتورنى توسقۇچى دورىلار بۇ دورىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ؛ دىفلۇكان (氟康唑)، مىكونازول (咪康唑)، پۈتۈن بەدەنلىك خولىن ئىقتىدارلىق دورىلار بۇ دورىنىڭ تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: پالەچلىنىشلىك ئۈچەي توسۇلغانلار ۋە بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ مەزى بېزى ئۆسمىسى بىمارلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ③ باشقىلار: ھامىلدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سىپاسمونال ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/60mg ، قاپ/6 دانە، قاپ/20 دانە.

## مېبېۋېرىن
(美贝维林，Mebeverine)

【باشقا نامى】 دۇسپاتالىن (杜适林，Duspatalin).

【ئاساسىي تەركىبى】 مېبېۋېرىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ بىر خىل سپازمىنى بوشاتقۇچى دورا بولۇپ، سپازمىلانغان بوغماق ئۈچەي سىلىق مۇسكۇلىغا تاللاپ تەسىر قىلىدۇ. ئاتروپىننىڭ ناچار تەسىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەكس تەسىرى يوق، گلاۋكوما ياكى مەزى بېزى يوغىنىغان بىمارلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 بوغماق ئۈچەينىڭ سپازمىلىنىش مەنبەلىك فۇنكسىيىسى بۇزۇلۇش، بىرلەمچى خاراكتېرلىك ئۈچەي ئوڭاي غىدىقلىنىش يىغىندى ئالامەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. بوغماق ئۈچەي يان خالتىسى شەكىللىنىش ياكى يان خالتا ياللۇغى، كلون كېسىلى (克隆病)، ئۆت يولى فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇقتا ئۈچراش، ئاشقازان ۋە 12 بارماق ئۈچەي يارىسى، ھەزىم يولىنىڭ ئالاھىدە ياكى غەيرىي ئالاھىدە ياللۇغى قاتارلىقلاردىن ئىككىلەمچى كېلىپ چىققان ئۈچەي ئوڭاي غىدىقلىنىش يىغىندى ئالامەتلىرىنى قوشۇمچە داۋالايدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا بىر تابلېت (135mg) كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ، تاماقتىن 20min ئىلگىرى

ئىچكەن ياخشى.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، ئاشقازان، ئۈچەي يېقىمسىزلىنىش كۆرۈلىدۇ؛ ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە تاسادىپىي كۆرۈلۈپ قالىدۇ؛ بۆرەكنى زەھەرلەش، نەپەسلىنىش سىستېمىسى ئالامەتلىرى، جىگەر ياللۇغى، قايتا ئىشلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش خاراكتېرلىك قان ئازلىق، ئاق قان ھۈجەيرىسى ۋە قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش، يۈرەك مۇسكۇل ياللۇغى، ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغى ۋە ئەتراپ نېرۋىسىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشى، بۆرە چاقىسىمان يىغىندى ئالامەتلەر قاتارلىقلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ھامىلدارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 دۇسپاتالىن گوللاندىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/135mg، قاپ/20 تابلېت، قاپ/50 تابلېت.

## دروتاۋېرىن
(屈他维林，Drotaverine)

【باشقا نامى】 نو ـ سپا (诺仕帕，No—Spa) 定痉灵，

【ئاساسىي تەركىبى】 دروتاۋېرىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 سپازما بوشاتقۇچى دورا، ھەرخىل سىلىق مۇسكۇللارنىڭ سپازمىلىنىشىنى ياخشىلايدۇ ۋە ئالدىنى ئالىدۇ، ئەمما خولىنغا قارشى تەسىرى يوق.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاشقازان ـ ئۈچەي، ئۆت يولى، سۈيدۈك يولى ۋە بالىياتقۇ سپازمىلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 80mg ~ 40دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىدۇ؛ ئالتە ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا ھەر قېتىمدا 40mg دىن كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم ئىچۈرۈلىدۇ؛ ئالتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا ھەر قېتىمدا 20mg دىن كۈنىگە 3 ~ 2 قېتىم ئىچۈرۈلىدۇ. چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 80mg ~ 40 دىن كۈنىگە 3 ~ 1 قېتىم تېرە ئاستىغا ياكى مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ ۋېناغا ئاستا ــ ئاستا ئوكۇل قىلغاندا، ھەر قېتىمدا 80mg

ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، باش قېيىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، يۈرەك سېلىش ۋە تۆۋەن قان بېسىمى قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: جىگەر، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەنلەر ۋە يۈرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ھامىلدارلار، بالا ئېمىتىۋاتقانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 نو ـ سپا ۋېنگىرىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/40mg، قاپ/20 تابلېت؛ ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 40mg/2ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## §7 . ھەزىم يولىدىكى قاناشنى توختاتقۇچى دورىلار

### ئوكترېئوتىد
(奥曲肽, Octreotide)

【باشقا نامى】 普得定، ساندوستاتىن (善宁, Sandostatin).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئوكترېئوتىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 ئورگانىزمنىڭ ئۆسۈشنى تورمۇزلىغۇچى ماددا ئوكتوپېپتىد (八肽) نىڭ سۈنئىي سىنتېزلەنگەن تۇغۇندىسى بولۇپ، تەسىرى تەبىئىي ئۆسۈشنى تورمۇزلىغۇچى ماددىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ھەمدە تەسىرى كۈچلۈك ھەم ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. ئۆستۈرگۈچى ھورموننى ۋە ھىپوفىز ئالدىنقى ياپرىقىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان تىروتروپىن (促甲状腺激素) نى تورمۇزلايدۇ؛ ئاشقازان ـ ئۈچەي يولى، ئاشقازان ئاستى بېزىنىڭ پولىپېپتىد ئاجرىتىشىنى تورمۇزلايدۇ؛ ھەزىم يولىنىڭ قەتتىي سۈمۈرۈشىنى تورمۇزلاش ۋە ئۆستۈرگۈچى ھورموننى تورمۇزلاش ئارقىلىق قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلىتىدۇ؛ ئاشقازان ـ ئۈچەيلەرنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتىنىمۇ تورمۇزلاپ، ئىچكى ئەزالارنىڭ قان ئېقىمىنى كېمەيتىدۇ ۋە قاپقا ۋېنانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇقىرى بېسىمنى تۆۋەنلىتىدۇ. بىر قېتىم ۋېناغا 250μg ~ 25 ئوكۇل قىلىنغاندا، $t_{1/2}$ تەخمىنەن 98min ~ 72 بولىدۇ، $t_{1/2}$ مىقدارىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن تېز ھەم تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، Tmax 1h ~ 0.5، $t_{1/2}$ 2h ~ 1.5 بولىدۇ. تارقىلىش ھەجىمى 6L، CL 160ml/min، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 65% بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ئاساسەن قاپقا ۋېنانىڭ يۇقىرى بېسىمى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىزىلئۆڭگەچ ۋېناسىنىڭ ئەگرى - بۈگرى كېڭىيىشىدىن بولغان قاناش، غىدىقلىنىش يارىسى ۋە ھەزىم يولى قاناش، ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغى، ئاشقازان - ئۈچەي يولى ئاقمىسى، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ئىچكى سىكرېتسىيە ئۆسمىسى، مۈچە ئۈچلىرى زورىيىش كېسىلى، قالقانسىمانبەز خىزمىتى كۈچىيىپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا، تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. قاپقا ۋېنانىڭ يۇقىرى بېسىمىدىن بولغان قاناش: 0.1mg ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ئاندىن ھەر 2h تە 0.5mg ۋېناغا تېمىتىلىپ ئۇدا 48h ~ 24 داۋاملاشتۇرۇلىدۇ؛ ھەزىم يولى قاناش، ھەر قېتىمدا 0.1mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ ئۆتكۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغى: 0.1mg دىن ھەر 6h تە بىر قېتىم تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ئۇدا 7 ~ 3 كۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ ھەزىم يولى ئاقمىسى، ئۆسمە، مۈچە ئۈچلىرى زورىيىش كېسىلى قاتارلىقلار: 0.1mg تېرە ئاستىغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ھەر 8h تە بىر قېتىم، ئۇدا 14 ~ 10 كۈن ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 تاماق يېگۈسى كەلمەسلىك، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قورساق كۆپۈش، قورساق ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ؛ ئوكۇل قىلىنغان ئورۇن ئاغرىش، يىڭنە سانجىلغاندەك سېزىم پەيدا بولۇش، قىزىرىپ ئىششىش كېلىپ چىقىدۇ؛ جىگەر - ئۆت فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇققا ئۇچراش ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: ئۈچەي يولىنىڭ سىكلوسپورىن (环孢素) نى سۈمۈرۈشىنى تۆۋەنلىتىدۇ ھەمدە سىمېتىدىننىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئاستىلىتىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان

ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، ھامىلىدارلار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: بۆرەك، ئاشقازان ئاستى بېزى ئىقتىدارى تولۇق بولمىغانلار، ئۆت تېشى ۋە ئاشقازان ئاستى بېزى ئاڭالچىسى ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورا ئىچىۋاتقان ياكى ئىنسۇلىن ئوكۇل قىلىنىۋاتقان دىئابېت كېسىلى بارلارغا بۇ دورىنى ئىشلەتكەندە، قاندىكى شېكەرنىڭ قويۇقلۇقىنى ئۆلچەش، قاندىكى شېكەرنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىنىڭ مىقدارىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرۇش، باللارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ساندوستاتىن شۋېيتسارىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 0.1mg/ml ، قاپ/5 ئامپۇل.

## تېرلىپرېسسىن

(特利加压素，Terlipressin)

【باشقا نامى】 گلىپرېسسىن (可利新，Glypressin).

【ئاساسىي تەركىبى】 تېرلىپرېسسىن.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ پروھورمون (激素原) بولۇپ، بەدەندە ئېنزىم تەسىرىدىن پارچىلىنىش ئارقىلىق پرېسسىن (加压素) قويۇپ بېرىدۇ، ئۆزىنىڭ پرېسسىنغا ئوخشاش ئاكتىپچانلىقى بولمايدۇ. قاپقا ۋېنانىڭ بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئارتېرىيە قان بېسىمىدا روشەن ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدۇ، تالا ئاقسىلىنىڭ ئېرىتىش تەسىرىنىمۇ ئاشۇرمايدۇ. ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن ئۈنۈمى كۆرۈلۈش ۋاقتى 5min دىن ئاز بولىدۇ، تەسىرى 3 ～ 5h داۋام قىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 قىزىلئۆڭگەچ ۋېناسىنىڭ ئەگرى - بۈگرى كېڭىيىشىدىن بولغان قاناش.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ. ئۆتكۈر خاراكتېرلىك قىزىلئۆڭگەچ ۋېناسى ئەگرى - بۈگرى كېڭىيىشتىن بولغان قاناش: باشلىنىش مىقدارى 2mg بولۇپ، ۋېناغا ئاستا - ئاستا ئوكۇل قىلىنىدۇ (1minتىن ئاشۇرۇلىدۇ) ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قان بېسىم، يۈرەك سوقۇش قېتىمى ئۆلچىنىدۇ. قامداش مىقدارى: ھەر 4h

تە ۋېنادىن 2mg ~ 1 دورا بېرىلىپ، 36h ~ 24 داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، يەنى تاكى قاناش تىزگىنلەنگەنگە قەدەر ئىشلىتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 قورساق سانجىپ ئاغرىش، باش ئاغرىش، چىرايى قىسقا ۋاقىتلىق تاتىرىش، ئارتېرىيە قان بېسىمى ئۆرلەش.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 هامىلىدارلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ، يۇقىرى قان بېسىم، يۈرەك فۇنكسىيىسى ياكى بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغانلارغا ئېهتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلىتىۋاتقان ۋاقىتتا بىمارنىڭ قان بېسىمى، قېنىدىكى ناترىي، كالتسىي قاتارلىقلارنى دائىم ئۆلچەپ تۇرۇش لازىم. تەييارلانغان دورا ئېرىتمىسى چوقۇم 12h ئىچىدە ئىشلىتىلىپ بولۇشى كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 گلىپرېسسىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. توڭلىتىپ قۇرۇتۇلغان پاراشوكلۇق ئوكۇلى: ئامپۇل/1mg.

## §8 . جىگەر ۋە ئۆتكە ئىشلىتىلىدىغان دورىلار

### ئۇرسودېئوكسىخولىك كىسلاتا

(熊去氧胆酸，Ursodeoxycholic Acid)

【باشقا نامى】 ئۇرسوفالىك (优思费，Ursofalk).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئۇرسودېئوكسىخولىك كىسلاتا.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئىچكى مەنبەلىك ئۆت كىسلاتاسىنىڭ ئاجرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قايتا سۈمۈرۈلۈشىنى ئازايتىدۇ؛ ھىدروفوبىك ئۆت كىسلاتاسىنىڭ ھۈجەيرىنى زەھەرلەش تەسىرى بىلەن قارشىلىشىپ، جىگەر ھۈجەيرە پەردىسىنى قوغدايدۇ؛ خولېستېرول تېشىنى ئېرىتىدۇ ھەمدە ئىممۇنىتىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 خولېستېروللۇق ئۆت تېشى، بىرلەمچى ئۆت قېتىپ قېلىش مەنبەلىك جىگەر قېتىش، بىرلەمچى قېتىش مەنبەلىك ئۆت نەيچىسى ياللۇغى، ئۆت سۇيۇقلۇقى تەتۈر ئېقىشلىق ئۆت ياللۇغى.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** خولېستىروللۇق ئۆت تېشى: كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 10mg ئىچىلىدۇ؛ بىرلەمچى ئۆت قېيىپ قېلىش مەنبەلىك جىگەر قېتىش، بىرلەمچى قېتىش مەنبەلىك ئۆت نەيچىسى يالـلـۇغى؛ كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 15mg ئىچىلىدۇ؛ ئۆت سۇيۇقلۇقى تەتۈر ئېقىش مەنبەلىك ئاشقازان ياللۇغى: ھەر قېتىمدا 250mg ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئىچىلىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئىچ سۈرۈش، قەۋزىيەت، زىيادە سەزگۈرلۈك، بـاش ئاغرىش، باش قېيىش، ئاشقازان ئاغرىش، ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغى ۋە يۈرەك ھەرىكىتى زىيادە تېزلىشىش كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** خولېستىرامىن رېزىن (消胆胺)، كولېستىپول (考来替泊) ۋە ئاليۇمىن ھىدروكسىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىسلاتاغا قارشى دورىلار بۇ دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئازايتىدۇ؛ ئۆتكۈر خـاراكـتـېرلىك ئۆت سىستېمىسى يۇقۇملىنىش، ئۆت يولى توسۇلۇش، ھـامـىـلـىـدارلار ۋە بـالا ئېـمـىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** ئۇرسوفالىك گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. كاپسۇلى: دانە/250mg، قاپ/25 دانە.

## پروتوپورفىرىن دىسودىئۇم

(原卟啉钠，Protoporphyrin Disodium)

**【باشقا نامى】** پرولمون (普乐满，Prolmon).

**【ئاساسىي تەركىبى】** پروتوپورفىرىن دىسودىئۇم.

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** بۇ جىگەر فۇنكسىيىسىنى ياخشـىـلـىـغۇچى دورا بولۇپ، ھۈجەيرىنىڭ نەپەسلىنىشىنى ئىلگىرى سـۈرۈش، ئـاقـسـىـل ۋە قـەنـتـلـەرنـىـڭ مـېـتابولىزمىنى ياخشىلاش، كومپلېمېنتلىق بىرىكىشكە قارشى تۇرۇش قاتارلىق رولى بار.

**【مـۇۋاپـىـق كـېلىدىغان كېسەللىكلەر】** ئۆتكۈر خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغى، سوزۇلما خاراكتېرلىك سۆرەلمە جىگەر ياللۇغى، سوزۇلما خاراكتېرلىك ھەرىكەتچان جىگەر ياللۇغىغا ئىشلىتىلىدۇ، جىگەر قېتىش، ئۆت خالتا ياللۇغى، ئۆت تېشى قاتارلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 20mg ~ 10،
كۈنگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ، باللارغا مىقدارى سەل كېمەيتىلىدۇ.
【ناچار تەسىرى】 تېرىگە پىگمېنت ئولتۇرۇش دائىم كۆرۈلىدۇ، دورا توختىتاتقاندىن كېيىن يوقاپ كېتىدۇ. باش قېيىش، قورساقنىڭ يۇقىرى قىسمى ئاغرىش، ئەسۋە قاتارلىقلارمۇ كۆرۈلىدۇ.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار 】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: جەمەتىدە ئىرسىيەت خاراكتېرلىك پورفرىن كېسىلى (卟啉症) تارىخى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ياز كۈنلىرى دورا ئىشلەتكەندە كۈن نۇرى بىۋاسىتە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. رىبوفلاۋىن (核黄素) قوشۇپ ئىچكەندە پىگمېنت ئولتۇرۇشۇشنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.
【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 پرولمون ياپونىيەدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: تابلېت/20mg .

## گلۇتاتىئون
(谷胱甘肽，Glutathione)

【باشقا نامى】 تاد (泰特，Tad) ، گلۇتىئون (古拉定，Gluthion) .
【ئاساسىي تەركىبى】 ئوكسىدسىزلىنىش تىپلىق گلۇتاتىئون.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا بەدەندىكى تىركاربوكسىل كىسلاتا ئايلىنىشى (三羧酸循环) ۋە قەنت مېتابولىزمىغا قاتنىشىپ، بەدەندىكى كۆپ خىل ئېنزىمنى ئاكتىپلاشتۇرۇپ، قەنت، ياغ ۋە ئاقسىلنىڭ مېتابولىزملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۈجەيرىلەرنىڭ مېتابولىزملىنىش جەريانىنى كونترول قىلىدۇ. ئوكۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئاساسلىقى جىگەر، بۆرەك ۋە مۇسكۇللارغا تارقىلىدۇ، مېڭىگە تارقىلىشى ئاز بولىدۇ. بەدەندە مېتابولىزملانغاندىن كېيىن سۇلفات كىسلاتا ۋە سۈيدۈك كىسلاتاسىغا ئايلىنىپ چىقىرىلىدۇ، $t_{1/2}$ 24h .
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 جىگەر كېسىلى، ئېغىر مېتاللار، ئاكرىلونىترىل (丙烯腈)، فتورلۇق ماددىلار، كاربون چالا ئوكسىدى ۋە ئورگانىك ئېرىتكۈچلەردىن زەھەرلىنىش؛ ئۆسمىگە قارشى دورىلار، تۇبېركۇلوزغا قارشى دورىلار، مەركىزىي نېرۋىغا تەسىر قىلغۇچى

دورىلار، پاراتسېتامول (对乙酰氨基酚) قاتارلىق دورىلاردىن زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ؛ رادىئوئاكتىپلىق زەخملىنىش، ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە ۋە ھەرخىل سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان پىگمېنت ئولتۇرۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】** مۇسكۇلغا ياكى ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ، ھەر قېتىمدا 100mg ~ 50، كۈنىگە 2 ~ 1 قېتىم ياكى كۈنىگە 600mg ~ 300 مۇسكۇلغا ياكى ئاستا ـ ئاستا ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

**【ناچار تەسىرى】** ئەسۋە چىقىش، تاماق يېگۈسى كەلمەسلىك، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئاشقازان ئاغرىش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.

**【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】** پاراشوكلۇق ئوكۇلى ۋىتامىن C ئوكۇل سۇيۇقلۇقىدىن 4ml ~ 2 دە ئېرىتكەندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ؛ ئوكۇل قىلغاندا ۋىتامىن $B_6$، ۋىتامىن $K_3$، كالتسىي پانتوتېنات، ھىستامىنغا قارشى ياسالمىلار، سۇلفونىلامىد ياسالمىسى ۋە تېتراتسىكلىن ياسالمىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ بۇ دورىنى ئېرىتكەندىن كېيىن دەرھال ئىشلىتىش، ئېشىپ قالغان قىسمىنى ساقلاپ قويۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ بۇ دورىنى نۇر چۈشمەيدىغان ئورۇندا ساقلاش كېرەك.

**【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】** تاد ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: بوتۇلكا/0.646g، قاپ/5 بوتۇلكا (泰特 600)، بوتۇلكا/0.323g، قاپ/5 بوتۇلكا (泰特 300).

گلۇتىئون ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ئامپۇل/300mg، ئامپۇل/600mg، قاپ/10 ئامپۇل.

## ھېپا ـ مېرز
(阿波莫斯，Hepa—Merz)

**【ئاساسىي تەركىبى】** L ـ ئورنىتىن (L—鸟氨酸)، L ـ ئاسپارتىك كىسلاتا (L—天门冬氨酸).

**【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】** جىگەر ھۇجەيرە مېتابولىزمىغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، جىگەرنىڭ زەھەرسىزلەندۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىدارىنى كۆچەيتىدۇ، قاندىكى زىيادە يۇقىرىلىغان ئاممونىياكنى تېزلىكتە تۆۋەنلىتىپ، جىگەر ھوجەيرىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەسلىگە كېلىش ۋە قايتا ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق جىگەر فۇنكسىيىسىنى ياخشىلاپ، ئورگانىزمنىڭ ئېنېرگىيە تەمىنلىنىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 جىگەر قېتىش، جىگەرگە ياغ ئولتۇرۇشۇش ۋە جىگەر ياللۇغى كەلتۈرۈپ چىقارغان قاندا ئاممونىياك يۇقىرىلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك جىگەر كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ جىگەر مەنبەلىك مېڭە كېسىلىگە ئۈنۈم بېرىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئۆتكۈر خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغى، 20ml ~ 10 كۈنىگە بىر قېتىم ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. سوزۇلما خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغى ۋە جىگەر قېتىش: 40ml ~ 20 كۈنىگە بىر قېتىم ۋېناغا تېمىتىلىدۇ. كېسەللى ئېغىر بىمارلار: دەسلەپكى 6h ئىچىدە 80ml، كېيىن ھەر 6h تا 40ml ۋېناغا تېمىتىلىدۇ، بىرىنچى كۈندىكى مىقدارى 200ml غا يەتكۈزۈلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ۋېناغا كۆپ مىقداردا ئوكۇل قىلىنسا يېنىك ۋە ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ھەزىم يولى رېئاكسىيىسى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، مىقدارى كېمەيتىلسە ياكى تېمىتىش سۈرئىتى ئاستىلىتىلسا، يۇقىرىقى رېئاكسىيىلەر كۆرۈنەرلىك يېنىكلەيدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 بۆرەك فۇنكسىيىسى ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلەشكەنلەر، سۈت كىسلاتاسى ياكى مېتىل ئىسپىرتتىن زەھەرلەنگەنلەر، فرۇكتوزا- سوربىتول (果糖—山梨糖醇) گە چىدامسىزلار ۋە فرۇكتوزا -1، 6 - دىفوسفاتازا (果糖—1,6—二磷酸酶) كەمچىللىك كېسەللى بارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ؛ كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە، قان ۋە سۈيدۈكتىكى ئۈرېئانىڭ مىقدارىنى ئۆلچەشكە دىققەت قىلىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 ھېپا- مېرز گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: 5g/10ml، ئامپۇل/10ml، قاپ/5 ئامپۇل.

## 9 § . باشقىلار

### سۇلفاسالازىن
(柳氮磺胺吡啶, Sulfasalazine))

【باشقا نامى】 柳氮磺胺吡啶، سالازوپىرىن (Salazopyrin).
【ئاساسىي تەركىبى】 سۇلفاسالازىن.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئۈچەي يولىدىكى باكتېرىيە تەرىپىدىن 5 ـ ئامىنو سالىتسىلىك كىسلاتا (5—氨基水杨酸) ۋە سۇلفاپىرىدىن (磺胺吡啶) گە پارچىلىنىدۇ، سۇلفاپىرىدىننىڭ ئۈچەي يولىدىكى باكتېرىيە توپىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى ئاجىز، 5 ـ ئامىنو سالىتسىلىك كىسلاتا پروستاگلاندىننىڭ سىنتېزلىنىشىنى تىزگىنلەپ، ياللۇغقا قارشى تەسىرگە ئىگە بولىدۇ.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 يارىلىق بوغماق ئۈچەي ياللۇغى ۋە تۈز ئۈچەي ياللۇغى، كلون كېسىلى ۋە باشقا ئورگان خاراكتېرلىك بوغماق ئۈچەي كېسىلى، رېماتوئىدلىق كۆپ بوغۇم ياللۇغى.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئاشقازان ـ ئۈچەي يولى كېسەللىكلىرى: كۈنىگە 6g ~ 4، 6 ~ 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ، ئالامەتلىرى پەسەيگەندىن كېيىن، كۈنىگە 1.5g ~ 2g، 3 ~ 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ.
ئاتسېتىللاشتۇرۇشى ئاستا بولغانلارنىڭ قاندا ئۇنۇملۇك دورا قويۇقلۇقى ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن 3 ~ 2 كۈن كېتىدۇ. قامداپ داۋالاشتا كۈنىگە تۆت تابلېت ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ. رېماتوئىدلىق كېسەللىكلەر: كۈنىگە 2g، ھەر ھەپتىسىگە 500mg باسقۇچلۇق ئىشلىتىلىدۇ، ئاز دېگەندە تۆت ھەپتىدە دورىنىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى ئۇنۇملۇك قويۇقلۇققا يېتىدۇ. بالىلارنى داۋالاش مىقدارى: كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 100 ~ 150mg ، قامداش مىقدارى كۈنىگە ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 50 ~ 75mg بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئاتسېتىللاشتۇرۇشىنىڭ تېز، ئاستىلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن دورا مىقدارىنى تەڭشەش لازىم.
【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قان ئېرىشچان كەم قانلىق، نېيترال دانىچە ھۈجەيرىلەر كېمىيىش، قان پلاستىنكىلىرى كېمىيىش قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ، يىلىكنىڭ يېتىلىشى تولۇق بولماسلىق،

ئەسۋە، يەلتاشما، قىزىش، زىيادە سەزگۈرلۈك، كىسلاتاخۇمار دانىچە ھۇجەيرىلەر كۆپىيىش، Lyell يىغىندى ئالامىتى، سۇيدۇك قوڭۇر رەڭدە كېلىش، ئۇرۇق كەملىك كېسىلى قاتارلىقلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: دىگوكسىن (地高辛) بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، دىگوكسىننىڭ قاندىكى قويۇقلۇقى 50% تۆۋەنلىشى مۇمكىن. قان ئۇيۇشقا قارشى دورىلار، ئىچىلىدىغان قاندىكى شېكەر مىقدارىنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار، ناترىي تىئوپېنتال (硫喷妥钠)، مېتوترېكسات (甲氨蝶呤) قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىلسە، تەسىرى ئۇزىراپ، زەھەرچانلىقى ئاشىدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: سۇلفانىلامىدلار ۋە سالىتسىلىك كىسلاتا تۇرىدىكىلەرگە زىيادە سەزگۈرلەر، گلۇكوزا ـ 6 ـ فوسفات دىھىدروگىنازا (葡萄糖—6—磷酸脱氢酶) كەملەر، بالدۇر تۇغۇلغان ۋە يېڭى تۇغۇلغان بالىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش؛ ئۇزۇن مەزگىل دورا ئىشلەتكەندە، قان رايى ۋە بۆرەك فۇنكسىيىسىنى تەكشۈرۈش؛ تېرە ئالامەتلىرى ۋە قان سىستېمىسى قالايمىقانلىشىش پەيدا بولسا، دورىنى دەرھال توختىتىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سالازوپىرىن شۋېيتسىيىدە ئىشلەنگەن. ئۇچەيدە ئېرىگۈچى تابلېتى: تابلېت/500mg.

# يەتتىنچى باب سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسىغا تەسىر قىلغۇچى دورىلار

## ئالپروستادىل
(前列地尔，Alprostadil)

【باشقا نامى】 كاۋېرجېكت (凯威捷, Caverject)، پروستاگلاندىن $E_1$ (前列腺素 $E_1$)، پروستاۋاسىن (保达新, Prostavasin).

【ئاساسىي تەركىبى】 پروستاگلاندىن $E_1$.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 قان تومۇرنى كېڭەيتىش، قان پلاستىنكىلىرىنىڭ توپلىشىشىنى تىزگىنلەش، ئاشقازان - ئۈچەي يولىنىڭ ئاجرىتىشىنى تىزگىنلەش ۋە ئۈچەي، بالىياتقۇ سىلىق مۇسكۇلىنى غىدىقلاش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە، زەكەر تىكلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراشنى داۋالاش بەلكىم زەكەر توقۇلمىسىدىكى $\alpha_1$ - ئادرېنالىن ئىقتىدارلىق ئاكسېپتورنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تىزگىنلەش ۋە بولۇتسىمان تەندىكى سىلىق مۇسكۇللارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. ۋېنادىن دورا بەرگەندىن كېيىن، تېزلىكتە ئاكتىپسىزلانغان مېتابولىزم ھاسىلاتىغا ئايلىنىدۇ، $t_{1/2}$ 1min دىن ئاز بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 نېرۋا مەنبەلىك، قان تومۇر مەنبەلىك، يۈرەك مەنبەلىك ياكى ئارىلاش مەنبەلىك زەكەرنىڭ تىكلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ زەكەرنىڭ تىكلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراشقا باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇشتا قوشۇمچە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 زەكەر بولۇتسىمان تەنچىسىگە ئوكۇل قىلىنىدۇ، پروستاگلاندىن $E_1$ نىڭ مىقدارىنى دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسىدە يەككە تەنلەر بويىچە بېكىتىش لازىم.

【ناچار تەسىرى】 زەكەر ئاغرىش، ئۈزلۈكسىز تىكلىنىش ياكى

نورمالسىز تىكلىنىش قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ، زەكەردە قىزىل ئەسۋە پەيدا بولۇش، سۇلۇق ئىششىش، تالالىنىش قاتارلىقلار ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ. تۆۋەن قان بېسىمى، يەرلىك ئورۇن ئاغرىش ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: باشقا دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلىتىش ياكى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش تەكىتلەنمەيدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر، ئورغاقسىمان ھۈجەيرىلىك قان ئازلىق كېسىلى بارلار، كۆپ ئورۇنلۇق يىلىك ئۆسمىسى بارلار، ئاق قان كېسىلى بارلار، جىنسىي يولى ئاناتومىيىلىك غەيرىيلەر، زەكەر تېنى ساختىلار ۋە باللارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: نورمالسىز تىكلىنىشنى داۋالاش بەلگىلەنگەن داۋالاش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك؛ زەكەر مۈڭگۈزلىشىش، بۇلۇتسىمان تەن تالالىنىش پېيرونىيە كېسىلى (佩罗尼病) كېلىپ چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىمارنىڭ قەرەللىك تەكشۈرتۈشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ، ئەگەر يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرسە دورىنى دەرھال توختىتىش لازىم؛ قان ئۇيۇشقا قارشى دورىلارنى ئىشلەتكەندە بىمارلاردا بۇلۇتسىمان تەن ئىچىگە بۇ دورىنى ئوكۇل قىلغاندىن كېيىن، قاناش كۆپىيىش خاھىشى پەيدا بولىدۇ؛ بۇ دورىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى زەكەر تىكلىنىش توسقۇنلۇقىنى ئۇچراشنىڭ كېسەللىك سەۋەبىگە ئېنىق دىئاگنوز قويۇش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كاۋېرجېكت بېلگىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/$20\mu g$، بوتۇلكا/$10\mu g$.

پروستاۋاسىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن. پاراشوكلۇق ئوكۇلى: بوتۇلكا/$20\mu g$، قاپ/10 بوتۇلكا.

## ئالفۇزوسىن

(阿呋唑嗪，Alfuzosin)

【باشقا نامى】 كساترال (桑塔，Xatral).

【ئاساسىي تەركىبى】 ئالفۇزوسىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بىر تۈرلۈك نېرۋا ئۆسۈكچىسى ئارقا پەردىسىدىكى $\alpha_1$ - ئادرېنالىن ئىقتىدارلىق ئاكسېپتور بىلەن تاللاپ قارشىلاشقۇچى دورا بولۇپ، سۈيدۈك يولىنىڭ بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، سۈيدۈكنىڭ ئېقىش قارشىلىق كۈچىنى ئازايتىدۇ. ياخشى سۈمۈرۈلىدۇ، ئوتتۇرىچە بىئولوگىيىلىك پايدىلىنىش دەرىجىسى 64%، Tmax 0.5 ~ 3h، $t_{1/2}$ 3 ~ 5h، قان پلازما ئاقسىلى بىلەن بىرىكىش نىسبىتى 90%، ئۆت ۋە گەندە ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ياخشى سۈپەتلىك مەزى بېزى ئۆسۈش كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر قىسىم فۇنكسىيىلىك ئالامەتلەر ۋە يۇقىرى قان بېسىمغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ھەر قېتىمدا 2.5mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ. ياش ۋە كلىنىكىلىق داۋالاش ئۈنۈمىگە قاراپ مىقدارى تەڭشىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 كۆڭۈل ئېلىشىش، ئاشقازان ئاغرىش، ئىچ سۈرۈش، يېنىك دەرىجىدە ھوشسىزلىنىش، باش ئاغرىش، قاتارلىقلار دائىم كۆرۈلىدۇ؛ ئېغىز قۇرۇش، يۈرەك سىلىش، كۆكرەك ئاغرىش، ماغدۇرسىزلىنىش، ئۇيقۇسىراش، قىچىشىش، قىزىرىش قاتارلىقلار ئاز كۆرۈلىدۇ، يۇقىرى قان بېسىمى بارلاردا يۈرەك سىلىش، ئۆرە تۇرۇش خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى، سۇلۇق ئىششىق قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① دورىلار بىلەن بولغان تەسىرى: $\alpha_1$ - ئاكسېپتورنى توسقۇچى باشقا دورىلار، كالتسىي بىلەن قارشىلاشقۇچى دورىلار، پۈتۈن بەدەنلىك ناركوز دورىلىرى بىلەن بىرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ② مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەرگە، ئۆرە تۇرۇش خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى بار بىمارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ③ باشقىلار: $\alpha$- ئاكسېپتورنى توسقۇچى

دورىلارغا دەرىجىدىن تاشقىرى زىيادە سەزگۈرلۈك رېئاكسىيىسى پەيدا بولىدىغانلارغا، قان بېسىمى چۈشۈرگۈچى دورا ئىچىۋاتقانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، تاجىسمان ئارتېرىيىلىك يۈرەك كېسىلى بىمارلىرىغا بۇ دورىنى يالغۇز ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ ئەگەر يۈرەك سانجىقى قوزغالسا ياكى ئېغىرلاشسا دورا ئىشلىتىشنى توختىتىش كېرەك؛ يېشى 65 ياشتىن ئاشقان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدىغان كۈندىلىك مىقدارى 7.5mg دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 كساترال فرانسىيىدە ئىشلەنگەن.

شېكەر يالىتىلغان تابلېتى: تابلېت/2.5mg ، قاپ/15 تابلېت، قاپ/30 تابلېت.

## پروستات

(普适泰, Prostat)

【باشقا نامى】 سېرنىلتون (舍尼通, Cernilton).

【ئاساسىي تەركىبى】 ھەر بىر تابلېتىدا گۈل چېڭى چەككىلەنمىسى P5 دىن 70mg، EA — 10 دىن 4mg بار.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا ئاندروگېن ئاكسېپتورىنى توسۇش تەسىرىگە ئىگە بولۇپ، دوۋساق سۈيدۈك قىستاش مۇسكۇلى ۋە سۈيدۈك يولى سىلىق مۇسكۇلىنى كېڭەيتىپ، مەزى بېزى ئېپىتېلىيە ھۆجەيرىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ، ئىچكى مەنبەلىك ياللۇغ ۋاسىتىچىسىنىڭ سىنتېزلىنىشىنى تورمۇزلايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ياللۇغقا قارشى تۇرۇش، سۇلۇق ئىششىققا قارشى تۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ياخشى سۈپەتلىك مەزى بېزى ئۆسۈپ قېلىش، سوزۇلما، باكتېرىيىسىز مەزى بېزى ياللۇغى ۋە مەزى بېزى ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 كۈنىگە ئىككى قېتىم، ئەتىگەندە ۋە كەچتە بىر تالدىن ئىچىلىدۇ، داۋالاش مۇددىتى 6 ~ 3 ئاي، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا داۋاملىق ئىچىشكە بولىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ناچار تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئائىت مەلۇمات يوق.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بالىلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: ئۆي تېمپېراتۇرىسىدا قۇرغاق ئورۇندا ساقلاش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سېرنكتون شۆبىتسىيىدە ئىشلەنگەن. پەردىلىك تابلېتى: تابلېت/70mg+4mg، قاپ/14 تابلېت.

## سېفاسابال

(西发通，Cefasabal)

【باشقا نامى】 保前列

【ئاساسىي تەركىبى】 锯叶棕果، ئالتۇن شاخ (一支黄花) چەككىلەنمىسى، ئېسكۇلۇس دەرىخى (七叶树) ئۇرۇقى چەككىلەنمىسى.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 قان تولۇشنى ئازايتىش، ياللۇغ قايتۇرۇش، ئىششىقنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە. مۆتىدىل سىيدۈك ھەيدەيدۇ، بەدەندىكى سۇنىڭ ماددا ئالمىشىشى كېچىكىش كەلتۈرۈپ چىقارغان باش قېيىش، ئۆچەي يولى فۇنكسىيىسى توسقۇنلۇقتا ئۇچراش قاتارلىقلارنى ياخشىلايدۇ. سىيدۈك ئاجرىتىش، كۆپىيىش سىستېمىسىدىكى تاياقچە باكتېرىيىلەرنى تىزگىنلەيدۇ ھەم يوقىتىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 I، II دەۋردىكى مەزى بېزى ئۆسۈپ قېلىش، ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك مەزى بېزى ياللۇغى، ئۆتكۈر، سوزۇلما خاراكتېرلىك دوۋساق ياللۇغى ھەمدە سىيدۈك ئاجرىتىش، كۆپىيىش سىستېمىسىنىڭ يۇقۇملىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئۆتكۈر مەزگىلىدە ھەر قېتىمدا ئىككى تابلېتتىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ. ياخشىلىنىش باسقۇچىدا ھەر قېتىمدا بىر تابلېتتىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم تاماقتىن ئىلگىرى ئىچىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 ناچار تەسىرىگە ئائىت مەلۇمات يوق.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 داۋالاش مەزگىلىدە تۇرمۇش رىتىملىق بولۇشى، ئاچچىق ۋە زىيادە سەزگۈرلۈكنى ئوغاي كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 سېفاسابال گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن.

تابلېتى: تابلېت/0.25g ، قاپ/100 تابلېت.

## ۋاسوپرېسسىن
(血管加压素，Vasopressin)

【باشقا نامى】 پىترېسسىن (必压生，Pitressin)
【ئاساسىي تەركىبى】 ۋاسوپرېسسىن.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا بۆرەك كانالچىلىرىنىڭ سۇنى قايتا سۈمۈرۈشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق سۈيدۈك ھەيدەشكە قارشى تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئۈچەي يولى سىلىق مۇسكۇلىنى ۋە بارلىق قان تومۇرلار قىنىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قورۇيدۇ. چوڭ ۋېنا سىلىق مۇسكۇلىغا بولغان تەسىرى بولسا بىر قەدەر سۇس بولىدۇ.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 كۆپ سىيىش كېسىلى، قىزىلئۆڭگەچ ۋېناسى ئەگرى - بۈگرى كېڭىيىپ قاناش، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن قورساق كۆپۈش، قورساقتىكى يەلنى ھەيدەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 يەككە تەنلەر بويىچە بېرىلىدۇ.
【ناچار تەسىرى】 قورساق قىسمى سپازمىلىنىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، يەل كېلىش قاتارلىقلار، ئاللېرگىيىلىك رېئاكسىيە، يۈرەك سوقۇش توختاپ قېلىش، كالپۇكى ئاقىرىش، تارتىشىش، چارچاش، باش ئېغىرلىشىش، كانايچە قىسقىرىش قاتارلىقلار ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 تۇتقاقلىق، شەقىقە، زىققە، يۈرەك زەئىپلىشىش، سۇلۇق ئىششىق ھەمدە توساتتىن ھۈجەيرە سىرتىدىكى سۇيۇقلۇق كۆپىيىپ، خەتەر پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بار بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.
【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 پىترېسسىن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن.
ئوكۇل سۇيۇقلۇقى: ئامپۇل/20IU.

# تامسۇلوسىن ھىدروخلورىد
(盐酸坦索罗辛，Tamsulosin Hydrochloride)

【باشقا نامى】 خارنال (哈乐，Harnal).

【ئاساسىي تەركىبى】 تامسۇلوسىن ھىدروخلورىد.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ $\alpha_1$ - ئاكسېپتورنىڭ سۈب تىپى $\alpha_{1A}$ بىلەن ئالاھىدە قارشىلاشقۇچى دورا. ئۇ، يۇقىرى تاللاشچانلىققا ئىگە توسۇش تەسىرىگە ئىگە بولۇپ، سۈيدۈك يولىنىڭ بېسىمىنى ياخشىلاپ، سۈيدۈك چىقىرىشنى راۋانلاشتۇرىدۇ، ئىچكەندە Tmax 6.8h، $t_{1/2}$ 10h بولىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 مەزى بېزى ئۆسۈپ قېلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان سۈيدۈك چىقىرىش توسقۇنلۇققا ئۇچراشقا ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 چوڭلار ھەر قېتىمدا 0.2mg دىن كۈنىگە بىر قېتىم، تاماقتىن كېيىن ئىچىدۇ. يېشى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرىگە قاراپ مىقدارى ئاشۇرۇپ، كېمەيتىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش قېيىش، يول يۈرۈش قولايسىزلىنىش ۋە چارچاش سېزىمى پەيدا بولۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، ئاشقازان يېقىمسىزلىنىش، قورساق ئاغرىش، تاماق يېگۈسى كەلمەسلىك، ترانسئامىنازا ۋە LDH يۇقىرىلاش، بۇرۇن پۈتۈش، سۇلۇق ئىششىق، يۈتۈش قىيىنلىشىش ۋە ئەسۋە قاتارلىقلار ئاندا - ساندا كۆرۈلىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 ① مەنئى قىلىنىدىغان ئەھۋاللار: بۇ دورىغا زىيادە سەزگۈرلەر ۋە بۆرەك فۇنكسىيىسى تولۇق بولمىغان بىمارلارغا ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ. ② باشقىلار: بەدەن تۇرقى خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمى بىمارلىرى، بۆرەك فۇنكسىيىسى ئاجىز بولغان ياشانغانلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؛ مىقدارى زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، قان بېسىم تۆۋەنلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن؛ قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلار بىلەن بىرگە ئىشلەتكەندە، قان بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىش، كاپسۇل ئىچىدىكى دانىچىلارنى چاينىماسلىق لازىم.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 خارنال ياپونىيىدە ئىشلەنگەن.
كاپسۇلى: دانە/0.2mg، قاپ/10 دانە.

## تادېنان

(通尿灵，Tadenan)

【ئاساسىي تەركىبى】 ئافرىقا تۇنگومو (臀果木) چەككىلەنمىسى.
【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ ياخشى سۈپەتلىك مەزى بېزى ئۆسۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۆستۈرگۈچى فاكتورنى تورمۇزلىغۇچى دورا بولۇپ، مەزى بېزىدىكى تالا توقۇلمىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەيدۇ، شۇنداقلا دوۋساق دىۋارىنىڭ تالالىشىشىنى تورمۇزلاپ، دوۋساق دىۋارىنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى ياخشىلاش ئارقىلىق دوۋساق فۇنكسىيىسىنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. يەنە ياللۇغقا قارشى تۇرۇش ۋە سۇلۇق ئىششىققا قارشى تۇرۇش ئاكتىپچانلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۈنۈمى تېز، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۆت ھەپتە دورا ئىشلەتكەندىن كېيىن كېسەللىك ئالامەتلىرىدە ياخشىلىنىش پەيدا بولىدۇ. 8 ～ 6 ھەپتىدە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يېتىدۇ.
【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 ياخشى سۈپەتلىك مەزى بېزى ئۆسۈشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سۈيدۈك چىقىرىش توسقۇنلۇققا ئۇچراشقا ئىشلىتىلىدۇ.
【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 ئەتىگەن ۋە كەچتە 50 ～ 100mgدىن تاماقتىن ئىلگىرى ئىچىلىدۇ، 8 ～ 6 ھەپتە بىر داۋالاش مۇددىتى قىلىنىدۇ.
【ناچار تەسىرى】 ئاشقازان، ئۈچەي يولى يېقىمسىزلىنىش ئاندا ـ ساندا كۆرۈلىدۇ.
【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 دورا ئىشلىتىۋاتقان مەزگىلدە مەزى بېزىنى قائىدىلىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك.
【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 تادېنان فرانسىيىدە ئىشلەنگەن.
تابلېتى: تابلېت/50mg، كاپسۇلى: دانە/50mg، قاپ/10 دانە.

# دېسموپرېسسىن ئاتسېتات

(醋酸去氨加压素，Desmopressin Acetate)

【باشقا نامى】 مىنىرىن (弥凝，Minirin)، ئوكتوستىم (依他停，Octostim).

【ئاساسىي تەركىبى】 دېسموپرېسسىن ئاتسېتات.

【فارماكولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى】 بۇ دورا سۈيدۈكنىڭ ئوسموس بېسىمىنى ئاشۇرۇپ، قان پلازمىسىنىڭ ئوسموس بېسىمىنى كېمەيتىش ئارقىلىق سۈيدۈكنىڭ چىقىرىلىشىنى ئازايتىپ، سىيىش قېتىم سانى ۋە كېچىدە سىيىشنى ئازايتىدۇ. ئوخشىمىغان ئورۇندىكى سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىشقا دىئاگنوز قويۇش دورىسى قىلىنىدۇ. قاناشنى تىزگىنلەش ۋە قاناشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

【مۇۋاپىق كېلىدىغان كېسەللىكلەر】 مەركەز خاراكتېرلىك كۆپ سىيىش كېسىلى، بۆرەكنىڭ سۈيدۈكنى قويۇلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆلچەش، قاناشقا مايىللىق كېسىلى، قان تومۇر مەنبەلىك قاناشقا مايىللىق كېسىلى ۋە باشقا قاناش ئالامەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

【ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى】 مەركەز خاراكتېرلىك كۆپ سىيىش كېسىلى: ھەر قېتىمدا 0.1mg دىن كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئىچىلىدۇ. داۋالاش ئۈنۈمىگە ئاساسەن مىقدارى تەڭشىلىدۇ، ۋېناغا ئوكۇل قىلىشتا چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 1 ~ 4μg؛ بىر ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا ھەر قېتىمدا 0.2 ~ 0.4μg كۈنىگە 1 ~ 2 قېتىم ئىشلىتىلىدۇ. بۆرەكنىڭ سۈيدۈكنى قويۇلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆلچەش: چوڭلارغا ئىشلەتكەندە مۇسكۇلغا ياكى تېرە ئاستىغا 4μg ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ بىر ياشتىن يۇقىرى بالىلارغا 1 ~ 2μg، بىر ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا 0.4μg ئىشلىتىلىدۇ. گۆدەك بالىلارغا بۇرۇن بوشلۇقىدىن دورا بېرىلىدۇ. قاناش ۋە ئوپېراتسىيىدىن ئىلگىرى قاناشنىڭ ئالدىنى ئېلىش: ھەر kg بەدەن ئېغىرلىقىغا 0.3μg مىقدار بويىچە دورا بېرىلىدۇ.

【ناچار تەسىرى】 باش ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئاشقازان ئاغرىش ئاز كۆرۈلىدۇ. يۇقىرى دوزىدا ئوكۇل قىلىنسا قىسقا ۋاقىتلىق قان بېسىم تۆۋەنلەش، رېفلېكسلىق يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىش ۋە يۈز

www.uyghurkitap.com

قىسمى قىزىرىش قاتارلىقلار كېلىپ چىقىدۇ.

【دىققەت قىلىدىغان ئىشلار】 گۆدەك ۋە ياشانغانلار، بەدەن سۇيۇقلۇقىدىكى ئېلېكترولىتلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغانلار، باش ئىچكى بېسىمى يۇقىرىلىغان بىمارلارغا ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. بۆرەكنىڭ سۇيىدۇكنى قويۇلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆلچىگەندە، بىر ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا دوختۇرخانىدا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىلگەن شارائىتتا ئىشلىتىش كېرەك؛ قاناش كۆرۈلگەن، سۇيدۇك ھەيدىگۈچى دورىلارغا ئېھتىياجلىق بولغان بىمارلارغا چوقۇم مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ، بەدەن سۇيۇقلۇقىنىڭ زىيادە تولىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

【ياسالمىسى ۋە ئۆلچىمى】 مىنىرىن شۋېيتسىيىدە ئىشلەنگەن. تابلېتى: 100µg/تابلېت، 200µg/تابلېت، 15 تابلېت/قاپ، 30 تابلېت/قاپ؛ بۇرۇنغا پۇركۈلىدىغان ياسالمىسى: 100µg/ml، 2.5ml/ئامپۇل، 5ml/ئامپۇل؛ بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان ياسالمىسى: 100µg/ml، 2.5ml/ئامپۇل؛ ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 4µg/ml، 10 ئامپۇل/قاپ.

ئوكتوستىم شۋېيتسىيىدە ئىشلەنگەن. ئوكۇلى: ھەر ئامپۇلى 15µg/ml، 2ml/ئامپۇل، 10 ئامپۇل/قاپ.